
تەڭرىتاغ
1
1989

## تەڭرىتاغ ژورنىلىنىڭ ئىككى يىللىقىغا تەقدىم

نامىڭ ئۇلۇغ تەڭرىتاغ،
ئەتراپىڭ گۈزەل تاغ.
ئوغلانلىرىڭ شۇنچە كۆپ
روناق تاپقىن تەڭرىتاغ،

— يۈسۈپ ئەيسا

ئۈرۈمچى 22. نويابىر

### «تەڭرىتاغ ئەدەبىياتى» بويىچە مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى



1988-يىلى 11-ئاينىڭ 22-كۈنى خەلق تىياتىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە توققۇز نەپەر نادىر ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇكاپاتلاندى.

پائالىيەتتە شەھەر باشلىقى يۈسۈپ ئەيسا مۇھىم سۆز قىلدى ۋە بېغىشلىما يېزىپ بەردى، شۇنىڭدەك ئاپتورلارغا مۇكاپات سوممىسى ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى.



# تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

1989 - يىل 1 - سان


## بۇستانلار

### پوۋېست


ھەيكەل ........................................ ئارسلان 4


### ھېكايىلەر


دەردمەن ........................................ قادىر ئارسلان 49
كىم مەنچىلىك بولالايدۇ ........................................ بارىجان زەپەر 60


### ئەدەبىي ئاخبارات


يۇلتۇز قانداق چاقنىدى؟ ........................................ يالقۇن جۇمە 65


### شېئىرلار


تەڭرىتاغ سۆيگۈلىرى ........................................ تۆمۈر داۋامەت 1
شېئىرلار ........................................ ياسىن ئىمىن 72
بىر كۇبلېتلىق شېئىرلار ........................................ ئابلىكىم تۇردى 74

ئاگلىمىغىن ناخشامنى .......................... ئۇبۇل ئەزىزى (دولانى) 75
دېڭىز سەرگەردانى .......................... ئەسئەت ئەمەت 75
ئانا .......................... خەلچىۋۈي تۇرداخۇن 75
سۆيگۈ ۋە پۇغان .......................... جېلىل مۇھەممەت 76
شېئىرلار .......................... كامىل رەھىم 77


## سۆيگۈ


ئۆمەرجان غوپۇر، ئەكبەر ئىبراھىم، پەرھات ئىلياس، تۇراپ دايىم، زۇنۇن رېھىم،
روزى سايىت، تۇرسۇنگۈل توختى، مۇھەممەت روزى. 79


## مۇنازىرە سەھنىسى


«مەنمۇ بىر نېمە دەپ باقاي» .......................... ياسىن خۇدا بەردى 63


## چەت ئەل ئەدەبىياتى


ئوتلۇق چەمبەر .......................... خىزمەت ئابدۇللىن 83


مۇقاۋا سۈرەتلىرىنى غەيرەت ئوسمان تارتقان. مۇقاۋىنى سېتىنىياز ئولمايىت لايىھىلىگەن.

مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت


باش مۇھەررىر : ئابلىكىم باقى

مەسئۇل مۇھەررىر : ھەبىبۇللا مۇھەممەت

مۇھەررىرلەر : پولات ھېۋىزۇللا ، ئەركىن نۇر

# تەڭرىتاغ سۆيگۈلىرى

تۇمۇر داۋامەت

## مېھرىلىك دىيار

ۋەتەننىڭ مېھرىلىك كەڭ دىيارى بۇ،
جىمىكى ئادەمنى قىلار مەھلىيا.
«مىڭ بىر كېچە» نىڭ چۆچەكلىرىدە،
سۆزلەنگەن دۇنياغا ئوخشايدۇ گويا.
تارتىدۇ ئۆزىگە ھەممىلا يېرى،
مۇبارەك ئىسمى بار شىنجاڭ ئاتالغان.
رەڭدار دۇر تەبىئەت مەنزىرىلىرى،
مىللەتلەر ئادىتى ھەرخىل تۈس ئالغان.
قۇرۇلۇش،
كۈللىنىش قىياپەتلىرى،
ئاپىرىن ئېيتقۇزار،
قالدۇرۇپ ھەيران.

بۇ يەردە بار ھەيۋەت قاتمۇ - قات تاغلار،
بار تۈزلەڭ، دەريالار، سايلار بىپايان.
بار كەڭرى ئېتىزلار، ئېكىنزارلىقلار،
كارىزلار يەر ئاستى سۇلىرى ئاققان.
شىپالىق ئارشاڭلار باردۇر بۇ يەردە،
بار مۇزلار ئېقىنى كەم تېپىلغۇچى.
«مۇز تاغلار ئاتىسى» دۇنياغا مەشھۇر،
بار يېشىل بوستانلار جىلۋە قىلغۇچى.
ئەڭ تۆۋەن ئويمانلىق بار ھەم بۇ يەردە،
بار قۇرغاق، قاغجىراق قۇملۇق باياۋان.
توپىنى،
شېغىلنى ئۇچۇرار بوران،
بار تومۇز ئىسسىقى تونۇر تەپتىدەك.
ۋە سىم - سىم يامغۇرلار،
سوغۇق قەھرىتان.
بىر يىلنىڭ يېرىمى بولار زىمىستان،
جۇۋىنى سېلىپلا كىرىسىز يازغا.
كۆپ دەشتى چۆللىرى ئادەم بارمىغان،
بوستانلار ئاشلىققا، مېۋىلەرگە كان.
بەزىلەر ئاڭلاپلا قورقار بۇ يەردىن،
بەزىلەر كېلىدۇ ئارزۇلاپ ھامان.
بولسىمۇ بۇ يەرلەر خىلۋەت، باياۋان،
كۆزلەرنى چاقنىدۇ بايلىق،
مەنزىرە.
زامانىۋى قاتناشتىن قىسقىراركەن يول،
بولسىمۇ ۋەتەننىڭ يىراق غەربىدە.
غايەت زور ئۆزگىرىش بۇ يەردە بۈگۈن،
جانلىنىش، جاسارەت باردۇر ھەممىدە.
تۆتلىنىش يولىغا تاشلاندى قەدەم،
ئىسلاھات باھارى قىلىپ تەنتەنە.
بېيىشقا يول ئاچتى يېڭى سىياسەت،
ياشارتتى دىللارنى غۇنچىدەك، گۈلدەك.
ئوتتۇرا ئاسىيا گۈلىستانى بۇ،
ھەر مىللەت ئۇيۇشقان ئىناق ئائىلىدەك.
جىياڭنەنگە ئوخشايدۇ قارىساڭ بۇ جاي،
كۈرۈچ ۋە بېلىقى چىقارغان ئاتاق.
بۇ قېدىم يەر تاپتى يېڭىدىن ھايات،
ئۆتكۈزۈپ بېشىدىن ئوتتۇز قىشنى ھەم.
دەل ئوتتۇز باھارنى، تاپماقتا روناق،
ئىناقلىق كۈيىگە تولغان تارىخى.
پارتىيە ھەر مىللەت خەلقىگە نىجاد،
نۇرىدىن ئەل ئاۋات،
دىللار بولۇر شاد.

بۇ يەرنى ئىچىشىنىڭ دولقۇنى قاينىاق،
قۇرۇشىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى بىپايان.
ئىخ، پارلاق شىنجاڭنىڭ ئىقبالى شۇنداق،
ئىخ، ئۇنىڭ ئەتىسى تاڭدۇر چاقنىغان.

### ۋەتەنىمىنىڭ كەلگۈسى سىلەر

بالىلار ۋەتەنىنىڭ گۈللىرى،
بالىلار خەلقىنىڭ كەلگۈسى.
بولغۇسى خوجىسى ۋەتەنىنىڭ،
بولغۇسى يېڭىشىلار بەلگۈسى.

شاكىچىك دوستلار ئەي سۆيۈملۈك،
ئۆستۈڭلار بەختىيار زاماندا.
ئەجدادلار غەمخورلۇق قىلغاچقا،
كۈلكەڭلەر ياڭرايدۇ ھەريادا.

تىرىشىپ باغلاڭلار بەلنى چىڭ،
ئاتىلار خىسلىتى ئۈلگەڭلار.
ئۆگىنىپ مەدەنىيەت ۋە پەننى،
ئىجادكار بولۇڭلار، گۈللەڭلار.

باغلىدى سىلەرگە ئەل ئۈمىد،
بولۇڭلار ساغلام ۋە شوخ، تېتىك.
زاپاس كۈچ سىلەر ئەل يولىدا،
كەلگۈسى قوشۇنى غەيرەتلىك.

ئەۋلادلار ئەجدادتىن ئاشقۇلۇق،
دولقۇنلار دولقۇننى ئىتتىرەر:
جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش،
ئىنسانغا شان - شەرەپ كەلتۈرەر.

ئۆملىشىپ ھەر مىللەت پەرزەنتى،
باتۇرى بولۇڭلار يۇرۇشىنىڭ.
ئەتىكى چەۋەرى ئۆزۈڭلار،
شىنجاڭنى ئىچىشىنىڭ، قۇرۇشىنىڭ.

### كۈيلەيلى بەختىيار دەۋرانىنى

(«مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىنىڭ نەشىر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەپ...)

كۈلسا ناپ كۈچەيدى ئېلىمىز،
ئىسلاھات قەدىمى تاشلىنىپ.
مىللەتلەر ئۆم بوپ بىر ئائىلىدەك،
ئۇلۇغۋار يۇرۇشلەر باشلىنىپ.

پارتىيە ئاپتىپى مېھرىدىن،
گۈللەندى مىللەتلەر ئىرپانى.
زورايدى ئەدىبلەر قوشۇنى،
يۈز ئاچتى كەشپىيات زامانى.

كۈيلەنسۇن يولباشچى پارتىيە،
كۈيلەيلى سۆيۈملۈك ۋەتەننى.
ئىناقلىق،
ئىسلاھات،
دەۋرىمىز،
ياشناتتى بۇ ئانا گۈلشەننى.

يازغۇچى، سەنئەتكار ئەزەلدىن،
خەلقىنىڭ، ۋەتەنىنىڭ جارچىسى.
دەۋرگە ئوقۇسۇن مەدھىيە،
ئەل ئۈچۈن سۆز قىلسۇن بارچىسى.

بۇ ژۇرنال ۋەتەنىنىڭ بېغىدا،
يېڭى گۈل رەڭ تۈزۈپ ئېچىلغان.
مىللەتلەر ئىجادى،
ئەقلىنىڭ،
جەۋھىرى بولغۇسى نامايان.

ئۆز بولسۇن تەڭرىتاغ گۈلىدەك،
تولۇپ ئۇ جىلۋىگە ۋە شانغا.
يورۇتسۇن شولىسى ئۆلكەمنى،
ئەپارى چېچىلسۇن جاھانغا.

### بەخت بېغىدا ناخشا ئېيتىمىز

(«گۈدەكلەر ناخشىلىرى» توپلىمىغا بېغىشلىما)

سەن باشلىغىن ناخشىنى،
مەنمۇ ئېيتاي جور بولۇپ.
پارتىيىنى، ۋەتەننى،
كۈيلەيلى بىز جۇش ئۇرۇپ.

گارمونىڭنى ئال دوستۇم،
تەمبۇرىمنى مېنىڭ چېكەي.
بەختىيار ھاياتىمىز،
سازىمىزغا جان بەرگەي.

بەخت، شادلىق قوشكېزەك،
ناخشا ياغسۇن شەنىگە.
بەك يېقىملىق ناخشىمىز،
بىزنى ئۈندەر ئەتىگە.

ئۆسمۈر دوستلار ئېيتايلى،
دېڭىز كەبى شاۋقۇنلۇق.
بەختىمىزنى كۈيلەيلى،
ناخشا ئېيتىپ يالقۇنلۇق.

## يۇرت مۇھەببىتى

مەن دېڭىزغا سالغانمەن نەزەر،
چىقىپ باققان ئېگىز تاغلارغا.
كەزگەن ئىدىم دەشتى چۆللەرنى،
بارغان يايلاق، گۈزەل باغلارغا.

بارغان يىراق ئارگىنتىناغا،
سانفىرانسىسكونى كۆرگەن ئىدىم مەن.
ئەنقەرەدە سەيلىلەر قىلغان،
ۋە چاۋشيەندە يۈرگەن ئىدىم مەن.

ئۆزگە يۇرتلار رەڭدار ۋە گۈزەل،
كوچىلىرى گۈلىستان سۈپەت.
ئۆزگە ئەللەر ئىمارەتلىرى،
تىزما تاغدەك ئېگىز ۋە ھەيۋەت.

لېكىن قانداق يەرگىلا بارسام،
تەڭرىتاغنى ئەسلىدىم ھامان.
مەيلى قانداق مەنزىرە كۆرەي،
ئۆز يۇرتىمنى سېغىندىم بۇ جان.

ھەر دەقىقە ھېس قىلغىنىم شۇ،
يۇرتۇم سۈيى شېرىن ھەسەلدەك.
ئادەملىرى يېقىملىق شۇنچە،
ھاۋاسى ساپ ئىپاردىنمۇ بەك.

يۇرتۇم، يۇرتۇم، ئانا دىيارىم،
سەن بۆشۈكسەن مېنى ئۆستۈرگەن.
سەپەر قىلسام بولسەن يەلكەن،
قەلبىمدە سەن توزىماس گۈلشەن.

## تېخىمۇ گۈزەل ئەتىمىز

— شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ 1989 - يىل يېڭى يىل كۈنى ئاڭلىتىدىغان «تېخىمۇ گۈزەل ئەتىمىز» نومۇرلىرىغا...

نەقەدەر جاراڭلىق ئەتە دېگەن سۆز،
يازسىمۇ پارقىراپ تۇرار نۇر چېچىپ.
ئىلھاملار بېغىشلار ئەتە دېگەن سۆز،
ئىلگىرىلەپ مېڭىشقا داۋانلار ئېشىپ.

كۆزلەرنى چاقنىتىپ بولۇر نامايان،
كۆپ يېڭى ئۇتۇقلار - غەلبىلەر ئەتە.
ئاي، قۇياش، بوستانلار كۈلەر تېخىمۇ،
گۈزەللىك قىلىدۇ جىلۋىلەر ئەتە.

بىز كىرىپ بارىمىز يېڭى جەڭلەرگە،
ئۇلۇغۋار قەسەملەر كۈچ بېرەر جانغا.
يېڭىچە مەنزىلەر يۈز ئاچار ئەتە،
يۈرۈشلەر يېزىلار يېڭى داستانغا.

تىلەيمىز ئەتىمىز بولسۇن دەپ گۈزەل،
بەختكە چۆمۈلسۇن بۇ يېڭى ھايات.
تېخىمۇ ئۇرغۇسۇن جاسارەت ئەتە،
يارالسۇن ئەجدادىن ئىجاد - كەشپىيات.

1988 - يىل 12 - ئاي



# ھەيكەل

## ئارسلان (پوۋېست)

بۇ ھەيكەل غەمگۇزار ئادەم گوياكى،
تۇرىدۇ ئىنسانلار بەختىگە غەم يەپ.
قارايدۇ ئۇپۇققا، قۇياشقا قانماي،
ھاياتنى، ئۆلۈمنى پۇتىدا دەسسەپ.

— ئىجادىيەت دەپتىرىمدىن



تالانتلىق ياش شائىر ئارسلان 1950 - يىلى دۆربىلجىندە تۇغۇلغان. بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەن. تۇنجى ئەسىرى 1962 - يىلى ئېلان قىلىنغان.

ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، ئوننەچچە داستان، باللادا، ئوننەچچە ھېكايە، پوۋېست ۋە بىرنەچچە كىنو سىنارىيە، ئوپېرا، ئوبزورلىرى، شۇنىڭدەك ھەرخىل ژانىرلاردىكى تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. يىرىك تارىخىي داستان «يۇلتۇزلار يۇرتى»، كىنو سىنارىيىسى «قىساس خەنجىرى»، ئوپېرا «كۆلپەتلىك مۇھەببەت»، پوۋېستى «ھەيكەل» قاتارلىقلار ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدۇر.

شائىر ئارسلان كېيىنكى دەۋردە ئىجادىيەتتە ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇرلاپ، رېئالىزم بىلەن مودېرنىزمنىڭ ئىپادىلەش شەكىللىرى ۋە ۋاسىتىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق رېئال جەمئىيەت پسىخىكىسى ۋە ھازىرقى زامان دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرمۇنچە ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى.

ئۇنىڭ «ياشلىق يۇلتۇزلىرى»، «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «ئۆلمەس تۇيغۇلار» قاتارلىق توپلاملىرى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. خەنزۇچە شېئىرلار توپلىمى نەشرگە تەييارلاندى. ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى «ھەيكەل» نەشرگە تاپشۇرۇلدى. بىر پارچە شېئىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلان قىلىندى.

ئۇنىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «يوقمۇ ئايىمنىڭ ماكانى»، «يانۋار قايغۇسى»، «ئۈزۈمزار ماكان» قاتارلىق بىرمۇنچە ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇكاپاتلاندى.

شائىر، يازغۇچى ئارسلان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ شېئىرىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى. شىنجاڭ ئەدەبىي تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ياش يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى.

شەپقەت ئاخىرى بۇ ئۈچ ھەيكەلنى ياساپ پۈتتۈردى. كېچىكىپ بولسىمۇ ۋىجدان بۇرچىنى ئادا قىلدى ...

قاباھەتلىك چۈش ئەستىن ئاسان چىقمايدۇ. بۇ — ئادەملەرنىڭ دائىم بۇنداق چۈش كۆرۈۋەرمەيدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. شۇنداق، چۈشتەك پاجىئەلىك بىر ۋەقە شەپقەتنىڭ يۈرىكىدە جاراھەت قالدۇرغان، شۇ جاراھەتتىن تامچىغان قانلار بۇ ھەيكەللەرنى قاتۇرۇپ چىققانىدى. ۋاقىت لاچىندەك ئۇچقۇر بولىدۇ. ھاياتنىڭ ئوڭغۇل - دوڭغۇل مۇساپىلىرىدە تالاي ۋەقەلەر ئۇنتۇلۇش چاڭلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. لېكىن قاباھەتلىك چۈشتەك ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ، چاپسان غايىب بولغان، كۆڭۈلگە ئېغىر ئازار بەرگەن شۇ ۋەقەنىڭ قالدۇق ئاغرىقىدىن ئۇ ھازىرمۇ قۇتۇلغىنى يوق.

شەپقەت خېلى يىللاردىن بېرى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەۋاتىدۇ. يېزىدىكى ھاياتى يىراق ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدى. ئۆتمۈش، خەتلىرى ئۆچۈپ سۈرەتلىرى خۇنۇكلەشكەن، سىرى چۈشۈپ مۇقاۋىسى قىرچىلىپ، تىتىلىپ كەتكەن كونا رەسىملىك كىتابقا ئوخشايتتى، شەپقەت ئۇنى ۋاراقلاشنى خالىمايتتى، لېكىن ھازىرقى كەسپى بولغان ھەيكەلتاراشلىق ياكى رەسىم سىزىش بىلەن ھەپىلەشكەندە، مۇزىكا ياكى مۇنازىرىلەرنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز ساۋۇت بىلەن ئابدۇغوپۇرنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتى ھەيكەلدەك ئېنىق ۋە روشەن كۆرۈنگەندەك بولاتتى، ئۆزى يالغۇز قالغان چاغلاردا ئۇلارنىڭ سېمىز - ئورۇق گەۋدىلىرى، ئىسسىق - سوغۇق چىرايلىرى، جىمغۇر - كاسكا مىجەزلىرى نامايان بولاتتى. ساۋۇت سەپايى - سالماق، ئابدۇغوپۇر قوپال، ئالدىراڭغۇ قەدەملەردە يېقىنلىشاتتى، بەزىدە ساۋۇتنىڭ قوللىرى كۆكرىكىدىن تۆۋەنرەك، ئابدۇغوپۇرنىڭ قوللىرى بېشىدىنمۇ ئېگىزرەك بوشلۇقتا ئۇنىڭغا قاراپ سوزۇلۇشقا باشلايتتى، يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ، يۇلۇپ ئالماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى، شەپقەت تۈگۈلەتتى، چېكىنەتتى، تىترەيتتى. بەزىدە يۈزىدە ئۇلارنىڭ تىنىقىنى سەزگەندەك بولاتتى. ئۇ بۇنىڭ ۋىجدان ۋە ئەخلاقنىڭ ئەيىبلىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئازابلىناتتى، بەدەنلىرى تىكەنلىشەتتى. قارا تەرگە پېتىپ ۋارقىراپ تاشلىغان كېچىلىرىمۇ بولدى.

ساۋۇت بىلەن ئابدۇغوپۇر ئەسلىدىغۇ ئۇلۇغ - مەرتىۋىلىكلەردىنمۇ، جىن - شاياتۇنلاردىنمۇ ئەمەس، ئاجايىپ - غارايىپ تەرەپلىرىمۇ يوق ئاددىي ئادەملەردىن ئىدى. ھاياتتا بۇنداق ئادەملەر پات - پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. دىققەت - ئېتىبارىنىمۇ ئاسانلىقچە قوزغىمايدۇ، بىراق قىسمەت دېگەن شۇنداق سېھىرلىك نەرسە، ئۇ ئەڭ ئاددىي ئادەملەرنىمۇ ھاياتنىڭ ئالاھىدە سورۇنىغا قويىدىمۇ، بولدى، باشقىچە كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

مالىماتاڭ يىللار، غەۋغالىق تۇرمۇش، تەلۋە ياشلىق، ئېزىتقۇ يوللار، نادانلىق، ياۋايىلىق - ياۋۇزلۇقلار، ۋەسۋەسە، پۇشايمان، ھاقارەتلىك ئېغىر مۇساپە، دەپسەندە بولغان ئۆمۈر تارىخ بېتىدە نومۇسلۇق، يىرگىنچلىك قارا داغلارنى قالدۇردى. بۇ ۋەقە سادىر بولغان مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئەلەم كۈرىشى قىزىغان مەزگىللىرى دەل شۇنداق ئاپەتلىك چاغلار ئىدى. كەچمىش، دۇنيا، قىسمەت نېمىشقا شۇنداق سىرلىق؟ ھايات نېمىشقا شۇنچە چىگىش، شۇنچە ئادالەتسىز، رەھىمسىزدۇ؟ ئامەت بىلەن ئاپەت نېمىشقا شۇنچە قارىغۇ، تۇترۇقسىز، يۈزسىزدۇ؟

شەپقەت قانچە ئويلىسىمۇ بۇلارنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىدى. ئۇ ئۆز ئىرادىسىدىن

سىرت بىر كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قۇدرىتىدىن قۇتۇلماقنىڭ مۇشكۈللۈكىنى ھېس قىلدى، ئادەملەرنىڭ تەقدىر دېگىنى مۇشۇ سېھىرلىك كۈچ بولسا كېرەك، ئەتىمالىم. شەپقەتنىڭ ئىسىگە تەقدىرنىڭ كۆكتال يېزىسىدىكى ئاشۇ قىيتىمقى رەزىل ئىغۋاگەرچىلىكى چۈشسىلا، يۈرىكى ئۆكسۈپ - بوغۇلۇپ قان يىغلايدۇ.

شەپقەت شۇ ئىغۋاگەرچىلىككە چېتىشلىق بولغان بۇ ھەيكەللەرنى ئاخىرى ياساپ پۈتتۈردى، يىگىرمە يىل كېيىن بولسىمۇ ۋىجدان قەرزىنى ئادا قىلدى ...

1

بۇ ئەلدىكى، شەھەر - يېزىلاردا مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى بولۇۋاتقىنىدا، ئەلەم كۈرۈشنىڭ زەمبىرەك ئوقلىرى يەرنى تىلغاپ، يېشىللىقنى، ھاياتلىقنى بەربات قىلىپ، قۇياشنىڭ يۈزىنى ئىس - تۈتەكلەردە، قارا بۇلۇتلاردا توسىماقچى بولۇۋاتقانلىرىغا قارىماستىن، ھەممىلا يەردە ياز پەسلى بەرىق ئۇرماقتا ئىدى، يەنىلا گۈللەر ئېچىلماقتا، قۇشلار سايرىماقتا، سۇلار ئاقماقتا، ھايات ياشىماقتا. قۇياش يەنىلا قۇدرەتلىك، ئادىل ۋە سېخى بولۇپ، ھېچقانداق ئادەمگە بويسۇنمايتتى، ھېچكىمدىن، ھېچقانداق نەرسىدىن نۇرىنى ئاياپ تۇرمايتتى، دۇنيانىڭ گۈزەللىكى يوقالمىغان، يوقىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق بۇ ئەلدىكى، ئادەملەر دۇنيانىڭ گۈزەللىكىگە، سېخىلىقىغا مېھرى - مۇھەببەتلىك، تىنچ - ئىتتىپاقلىق زامانىۋى تۇرمۇشقا قىزىقمايۋاتاتتى، بەلكى داۋالغۇشقا، بۆلۈنۈشكە، توپ - توپ ئىتلاردەك بىر - بىرىنى تالاشقا خۇمار بولۇپ قالغانىدى، كىملەردۇر خام كۆش يەپ ئۆگكۈرلەردە ياشايدىغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى جەننەت كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ۋەسۋەسىگە سالاتتى. ئۇلار ئەسەبىيلەشكەن ئىدى، بىر - بىرلىرىنىڭ كانايلىرىدىن ئىلەشەتتى، قورساقلىرىنى يېرىشاتتى، كۆزلىرىنى ئويۇپ، مېڭىلىرىدىن تۈگلۈك ئىچىشاتتى. قانلىرىنى يەرگە يۇندا ئورنىدا چېچىشاتتى، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ئەۋجىگە چىققان، كۈرەش - قىرىش شوئارلىرى ھەممىلا جايغا ھۆكۈمران ئىدى. يەردىنمۇ، ئاسماندىنمۇ پۇرۇخ ھىدى كېلەتتى.

«كەلكۈن» چىلەر تەشكىلاتىنىڭ شتابى ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش داداۋىيى ئىشخانىسىنىڭ قورۇسىغا جايلاشقانىدى، دەرۋازا ئالدىدىكى كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنلۇق ئۇزۇن ئورۇندۇقىغا بىر پۈتىنى قويۇۋالغان شەپقەت تىزى ئۈستىدىكى فوتو سۈرەتكە قاراپ تۇراتتى. قۇياش يىراقتىكى ھەرە چىشلىق تاغلارنىڭ چوققىلىرىغا يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ كۆلەڭگىلەر ئۇزۇرۇۋاتقان چاغ ئىدى. كەچكى قۇياشنىڭ تېخى ئۆتكۈرلۈكىنى تامام يوقاتمىغان قىزغۇچ نۇرىدا سۈرەت قەغىزى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك پارقىرايتتى.

بۇ - بىر ياۋروپالىقنىڭ ئۆرە تۇرۇپ، ئالدىغا سەل ئېگىلگەن ھالدا ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان ھەيكىلىنىڭ سۈرىتى ئىدى. لېكىن بۇ سۈرەتنى بەدىئىي ئەسەر دېمەك قىيىن، چۈنكى ئۇنىڭدا تارتقۇچىنىڭ نە بەدىئىي ماھارىتى، نە بەدىئىي تەسەۋۋۇرىدىن ئىزنا كۆرۈنمەيتتى. تارتقاندا بەدىئىي زوق ئويغىتىشتىن كۆرە، ماددىي پاكىت تەييارلاش كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك. نۇر ياخشى تەڭشەلمىگەنلىكتىن رەڭ ئېنىق ئەمەس، كۆرۈنۈش غۇۋا، ئالا - بۇلىماچ بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ سۈرەتتىكى ھەيكەل ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان سېھىرلىك كۈچكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭدىن قەدىمىي گرېك ھەيكەللىرىنىڭ گۈزەللىكى، نەپىسلىكى چىقىپ تۇرغاندەك

تۇيۇلاتتى. ھەيكەلنىڭ كىيىم مودىسى 18 - ئەسىردىكى ياۋروپا ئالىي كىيىم مودىلىرىدەك قىلاتتى. ئېگىز، غەيۇر قامىتى ھاياتتىكىدەك، بەئەينى تىرىك ئادەمنىڭ ئۆزىلا ئىدى. چىرايىدىكى ئۆزىگە خاس ئىپادە روھلۇق، تويچانلىق، مۇڭ ۋە جەزبىلىكنى نامايان قىلىپ تۇراتتى، يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرى كۆڭۈلنى يورۇتالايتتى، ئۇلاردىن سەھەردە ئۆرلەۋاتقان قۇياشنىڭ ئۆتكۈر ئۇرىدەك سېھىرلىك نۇر چاچراپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىسكىرىپكىغا تىرەلگەن ئېگىكى، چىڭ يۇمۇلغان چىرايلىق ئاغزى ئىچكى سىرلىرىنى دۇنياغا سۆزدە ئاشكارىلاشتىن ھەزەر ئەيلەۋاتقاندەك ئىدى. كامالچە تۇتقان قول شۇنداق نەپىس، يوشۇرۇن قۇدرەتكە ئىگە نازۇك ھەرىكەتتە ئىدىكى، كىشىدە خۇددى ساز تارلىرىنى ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەت يۈرىكىنىڭ مۇجەسسەملەنگەن نېرۋا تالالىرىنى تىترىتىپ ھېكمەتنى ئېچىۋاتقاندەك سەزگۈ تۇيغىتاتتى، پۈتۈن ئالەم ھازىرلا تىترەپ يېنىك چاي-قىلىدىغاندەك، نازۇك، قۇدرەتلىك تىلسىم بىر مۇقامنى ياڭرىتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى، ھەممىلا جاي سىرلىق ئاھاڭلارغا تولۇۋاتقاندەك، گويا ھەممىلا نەرسىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئاجايىپ سەلتەنەتلىك مۇزىكا دۇنياغا مۆجىزە سۈپىتىدە يارىلىۋاتقاندەك ئىدى. ھەيكەلدىن بىر خىل نازۇك، ئۇلۇغۋارلىقنى ھېس قىلغان شەپقەت شېرىن ئەمما ئۆتكۈر شاراب ئىچىۋالغان ئادەمدەك مەسخۇش بولۇپ قالدى، بىردىنلا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغۇسى، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق رەھىمسىزلىكلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئالغۇسى كەلدى. ھەيكەلتاراشنىڭ بۇ ئاجايىپ كەشپىياتى شەپقەتنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرماقتا، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا دولقۇن قوزغىماقتا ئىدى. سۈرەتتىكى ھەيكەلنىڭ چىرايى ئۇنىڭغا تونۇشتەك، ئۇ قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلاتتى، بىراق ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەسلىيەلمىدى، دەرۋەقە شەپقەت كىچىكىدىنلا گۈزەل سەنئەتكە قىزىقاتتى. بۇ ھەيكەلمۇ ئۇ كۆرگەن سۈرەتلەرنىڭ بىرەسىدىكى ئۇلۇغلارنىڭ ئوبرازلىرىدىندۇر بەلكىم. بۇ ھەيكەل ھازىر نەدىدۇ؟ ئۇنى بۇلار نېمىشقا سۈرەتكە تارتىدىكىن؟ مەتتوختىدەك سەنئەت بىغىغا بۆكى چۈشۈپ كەتسە پۇل بېرىپ ئالدۇرىدىغان ئادەمگە ئۇ نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدىكىن؟

— ئۆمرۈمدە سۈرەت كۆرمەپتىمدىڭ؟ — دېدى مەتتوختى يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ شىتابتىن قايتىپ چىققانلىقىنى شەپقەت تۇيمىغان ئىدى، — بۇ دېگەن جىنايەت دەلىلى.

— قالتىس ھەيكەل ئىكەن، سەنئەت بايلىقىمۇ جىنايەت بولامدۇ؟

— ئەجنەبىينىڭ زەھىرى يۈرىكىڭگە ئۆتۈۋاتامدۇ - نېمە؟ شەپقەت سۈرەتنى كۆزىگە تېخىمۇ يېقىن ئەكىلىپ سىنچىلاپ قارىدى. ھەيكەل توغرىدىن توغرا يۈرىكىگە قادىلىپ قاراۋاتقاندەك بولدى. سۈرەتتىكى مۇھىتتىمۇ، كەيپىياتتىمۇ بىر خىل سۈرلۈك تۇيغۇ پەيدا بولغاندەك قىلدى. شەپقەت كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان ۋەھىمىنى سېزىپ مەتتوختىدىن سورىدى:

— چەتئەللىكنىڭ ھەيكىلىنىڭ بىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟

— سەن نېمە ساراڭ بولدۇڭمۇ بۈگۈن؟ — دېدى مەتتوختى شەپقەتكە گۇمانىي نەزەرىدە قاراپ، — ماۋجۇشىنىڭ ھەيكىلىدىن باشقا ھەيكەلنى ساقلاشنىڭ ئۆزىمۇ بىر جىنايەتقۇ! بۇ ھەيكەل ئابدۇغۇپۇرنىڭ ئۆيىدىن تېپىلىپتۇ، ساۋۇت شۇ يەرگە تىقىپ ساقلاپتىكەن. بىزنىڭكىلەرنىڭ دىتى بار. ئۇلار ھەيكەلنى ئاۋۋال سۈرەتكە تارتىۋاپتۇ، ئاندىن چېقىپ تاشلاپتۇ، سۈرەتنى مانا جىنايى پاكىت سۈپىتىدە پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن بىزگە ئەۋەتىپتۇ.

— قايسى ساۋۇت؟

— ساۋۇت لوپ-لوپچۇ، سىلەر نازارەت قىلىۋاتقان ئىككى تۇتقۇننىڭ سېمىزرەكى.

— ياقەي، — دېدى شەپقەت بېشىنى چايقاپ، — ئۇ مىس-مىسىنىڭ مۇنچىلا گۈزەل ھەيكەلنى تېپىپ ساقلىغىدەك پەممۇ، جىگەردىمۇ يوق.

— كاللا دېسە پاقالچەك دەيدا ماۋۇ، ئۇنى ساقلىغانلا ئەمەس، تېخى ئۆزى ياسىغان دەۋاتىمەن.

— بىكار گەپ، — دېدى شەپقەت كۆزلىرىنى پىيالىدەك چەكچەيتىپ، — بۇ چۆچەكنى ئۇششاق باللارغا ئېيتىپ بەرسىلەمۇ ئىشەنمەس، ئۆزلىرى دائىم يالغاننىمۇ ئەقىلگە سىغقۇدەك قىلىپ توقۇش كېرەك، دەيتتىلىغۇ.

مەتتوختى يوپكىسىدىن بىر لوپا ئەينەك چىقىرىپ سۈرەتنىڭ ئۈستىگە توغرىلىدى.

— زەڭ سېلىپ قارا، ئەخمەق، ھەيكەلنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدىكى ئۇششاق خەتنى كۆرۈۋاتامسەن؟

دەرۋەقە، ئەينەك يۈزىدە ھەيكەل ئاپتورىنىڭ گادىرماش ئىمزاسى ئاران پەرق قىلغۇدەك كۆرۈندى. ئاندىن چۈمۈلە پۇتلىرىچىلىك چوڭايدى. شەپقەت داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، لوپا ئەينەك ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ كۆزىگە يېقىنلاشتى، ئاخىرى ئىمزا ناھايىتى روشەن كۆرۈنگەن بوشلۇقتا توختىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ساۋۇت لوپ-لوپنىڭ پوچۇركىسى ئىدى.

— كۆرۈۋاتامسەن؟

— شەپقەت ئۈنچىقمىدى، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ باقتى، ئىمزا يەنىلا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، «چۈش كۆرۈۋاتمىغاندۇرمەن» دەپ ئويلىدى. لەۋلىرىنى چىشلەپ بېقىۋىدى، ئاغرىدى. بۇ ئىمزا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايۋاتاتتى، بىراق بۇنىڭ خىيال ئەمەس، رېئاللىق ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغاندەك مەتتوختىنىڭ ئاۋازى يەنە ياڭرىدى:

— شۇنداق، گېپىمگە ئەمدى ئىشەنگەنسەن! مە، ئاچقۇچنى ۋە ۋېلسىپىتىمنى ئال، مەنمۇ سىلەر تەرەپنى يوقلاپ ئۆتىمەن، يۈر، ھازىرچە بۇ ئىشنىڭ ھورىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ، ھېچكىمگە تىنما.

شەپقەت مەتتوختىنىڭ ۋېلسىپىتىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىۋېتىپ غۇدۇڭشىدى:

— ساۋۇت لوپ-لوپنىڭ قولىدىن شۇنداق كارامەت ھۈنەر كېلەرمۇ؟

— قولىدىن ھۈنەر كېلىش-كەلمەسلىك مۇھىم ئىش ئەمەس، قولىدىن ئىش كەلمىسىمۇ يۇۋاش بولسىلا بولدى. بويىنى قاتتىق تالانتلىق ئون ئادەمدىن تالانتسىز يۇۋاش بىر لۈم-لۈم ئەلا. بىزدە شۇنداق سىياسەت بار، قانچىكى ياخشى ھۈنەرنى ئەكسىيەتچىل ئىشلارغا ئىشلەتسە، جىنايەت شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. ھەممە يەردە ئادەملەر ئۇلۇغ داھىمىزنىڭ مۇقەددەس ھەيكىلىگە چەكسىز ساداقەت، چەكسىز ئېتىقاد بىلدۈرۈپ چوقۇنۇۋاتسا، ماۋۇ چوۋپۇرەندە بىر ئەجنەبىينىڭ، بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلۇقىنىڭ سېسىق ھەيكىلىنى ياساپ چىققىنىنى قارا، ھېيىقماي قارشىلىشىپتۇ، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپتۇ.

— ئۇ كىمنىڭ ھەيكىلى؟

— بۇرژۇئا سەنئەت نوپۇزلۇقىنىڭ دېيىشىدۇ، سېرىق سازلارنىڭ پىرى مىراپ دەمدۇ، مۇرات دەمدۇ، توختا، ئاقسۇدىكى ھېلىقى مۇز داۋاننى نېمە دەيتتى.

— مۇزات.

— ھە، شۇنداقراق، ئۇنداق ئىسمىنىمۇ مۇزات دېگەندەك قىلدۇق، نېمە دېيىشسە دېيىشمەمدۇ، بىزگە مۇھىمى بۇ لوپۇزلۇق سېپىق زىيالىينى. ھازىرقى ۋەزىيەتتە كۆككە كۆتۈرۈشتىكى كىشىلەرگە ئېيتقىلى بولمايدىغان غەرەز ... بۇنى، بۇنى، ھەم، ھەم ۋاقتى كەلگەندە ...

قۇياش مەغرۇر چوققىلارغا بېشىنى قويدى. شەپەقنىڭ گۈلنەپشىرەڭ نۇرلىرى يول قاسنىقىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىدا جىلۋە قىلاتتى. ئىككى تەرەپ ئېتىز ئىدى. كۆممە قوناقلار تۇتەكتەك كۆتۈرۈلۈپ يېشىل مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇاتاتتى. بۇغدايلىرى ئورۇۋېلىنغان ئېتىزلىقلار بىلەن بىرگە ئاندا - ساندا خامان دۆۋىلىرىمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. بەزى ئېگىزلىكتا چامغۇر، تېرىق، كۆممە قوناق تېرىش ئۈچۈن ئوغۇت بېرىلىۋاتاتتى. توپىلىق يوللاردا تاغار ئارتىلغان قوتۇر ئېشەكلەر شىداق پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ مېڭىشاتتى، ئۇلارنى ھەيدەۋاتقانلارنىڭ ئاچىز گەۋدىلىرى زورۇقۇپ دېگۈدەك قىمىرلايتتى. قاپ يۈدىگەن خوتۇن - قىزلار ئېغىر چامداپ مىسلىداپ مېڭىشاتتى، بۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنىڭ قاپ كۆتۈرۈشتىن بالا ياتقۇسى تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتكەن. ئادەملەر توپا چىراي، جۇلدۇر كىيىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرقى ئادەمدىن كۆپرەك كۆلەڭگىنى ئەسلىتەتتى. ئۇلار ھارغىن، ئېچىرقىغان ئىدى، ھەر كۈنى يۇلتۇز تارقىماستا ئىشقا چىقىپ، يۇلتۇز چىققاندا ئىشتىن چۈشەتتى. قوناق يارمىسى، تېرىق ئۇنى ئاران يېتىشەتتى. ئوتۇن يوق، ئۇلار ئېتىز باشلىرىدىن تېرىۋالغان كۆتىچەك، مەدەك، يانتاق - چاۋالار بىلەن ئۇماچ - يۇمدانلىرىنى قاينىغىدەك قىزىتاتتى - دە، ئىچىپلا يۇتقانغا كىرىۋېلىشاتتى، چۈنكى چىن چىراغقا ماي يوق ئىدى. «كانايىنى مايلىغىلى ماي يوق تۇرسا، سۇنايغا نەدە» دېيىشەتتى دېھقانلار. ئۇلار مۇشۇ كۈنلەردە، پىشقان تاماقنىڭ تەمىنىمۇ ئۇنتۇشقا باشلىغان ئىدى. شەپقەت ئۇلارغا ھېسداشلىق، ئېچىنىش نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى. ھاۋادىن بۇغداي پۇرىقى كېلەتتى. دوقمۇشلاردا ئۆزۈندە تاملىرى، تاختايلىرى قەد كۆتۈرۈپ، مۇكچەيگەن گەۋدىلەر بىلەن ئاجايىپ سېلىشتۇرما ھاسىل قىلاتتى. مەتتوختى ئويلىمىغىنى بىلەن شەپقەت بۇ يۇرتداشلىرىنىڭ ھالىنى ئويلىماي قالمايتتى، چۈنكى ئىسمىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

شەپقەت مۇشۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ كېتىپ ئوقۇشقا بارالمىدى، بىرەر جايغا ئىشچىلىققىمۇ ئېلىنمىدى. «ئارقا ئىشىك» كە يول كېرەك، ئاچقۇچ كېرەك ئىدى، بۇنداق يول ۋە ئاچقۇچنى بىر يېتىمەككە كىم بېرەتتى، دادىسى بولغان بولسىمۇ ئامال بولارمىدىكىن؟ ئۇ دادىسىدىن قەھەتچىلىك يىللىرىدىلا ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ناھىيىسىدە ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلگەنىدى. ئۇ چاغلاردا كوممۇنا داش قازىنىنىڭ بىر چۆمۈچ ئۇمىچىمۇ، ئەسكى تونۇرنىڭ كۆكتات ئارىلاشتۇرۇلغان يېرىم زاغرا نېنىمۇ مۇقىم ئەمەس ئىدى، زاپخوزغا، ئامبارچىغا ياكى كېچىك ئەترەت باشلىقىغا قادىلىپ قارىسىلا ۋە ياكى ساقسىز بولۇپ قېلىپ ئىشقا سۇسلۇق قىلسىلا «نورما» توختىتىلاتتى. ئاچتىن ئۆلگەن - تىرىلگىنى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى، ھەر كۈنى دېگۈدەك يېرىمى ئۆرۈلگەن ياكى قىيسايغان ئۆيلەردىن كىملەرنىڭدۇر ئىششىپ ئېسىلىپ كەتكەن جەسەتلىرىنى ئېلىپ چىقىشاتتى، يۇيۇپ - تاراپ كۆمۈپ قويۇشاتتى، يېزا چېتىدىكى قەبرىستانلىق كۈن ساناپ تۆت تەرەپكە قاراپ كېڭەيمەكتە ئىدى، شەپقەتنىڭ دادىسى بىچارە ھەر

كۈنى ئىشتىن چۈشۈپلا يەرتىق خالتىنى قولتۇقلاپ ئەترەت ئامبىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بويۇن
قىساتتى ياكى مايماق چېلەكنى كۆتۈرۈپ داش قازانغا تەلمۈرەتتى، ساقىراق چېلەكمۇ يوق
ئىدى، چۈنكى ئۆيلەردىكى بارلىق قاچا - قۇمۇچ، جاھاز، قۇش، ھايۋانلاردىن تارتىپ ئۆچكا ھې-
سابىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ ئەترەت ئامبىرىغا ئېلىپ كېتىلگەنىدى. نورمىلىق تاماق ئالماي شەھەر ئالا-
ماق ئىدى. شەپقەت ھازىرمۇ دادىسىنى ئويلىسىلا، كۆز ئالدىغا چىرايى سامانىدەك سارغايغان
غېرىب دىۋانە كېلىدۇ، ئۇنىڭ دادىسى ئەسلى تەمبەل، ئىشچان ئادەم ئىدى. ئۇ كېچىنى - كېچە،
كۈندۈزنى - كۈندۈز دېمەي شۇنچە ئىشلەپمۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشماي، گېلىغا نان تاپالماي قۇ-
رۇپ قورايدەك بولۇپ قالدى. جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. تاماق تەگمىگەندە ئۆللار ئوت -
چۆپلەرنى قاينىتىپ يېيىشتى، ئاچلىقتا چىدىمىغان كەچەككىنە شەپقەت خام چامغۇر، پىيازلارنى
تېرىدۇپ يەپ غاجىلايتتى. ئۇچەيلەر ئاچلىقتىن كوكۇرايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ دادىسىمۇ كې-
سەلگە گىرىپتار بولۇپ سارغايدى، يېرىم جان بولدى، چىرايى زەي يەردە ھۆركىۈپ قالغان-
دەك تۇسكە كىردى. قورساقلىرى كۆپۈپ ئىششىشقا باشلىدى. ئۇ ئىشتىن قالغاچقا ئاشلىق نورمى-
سى توختىتىلدى. شەپقەت مەكتەپتىن كېلىپلا ئىتىزغا چىقىسىمۇ، ئۇنى «كىچىك ئانى نانچى» دەپ
ئانچە ھېسابقا ئېلىشمايتتى. شۇ كۈنلەردە مەھەللىدە قوشنا كەنتتىكىلەر سۆگەكنى ئۇن قىلىپ
تارتىپ يەۋاتقانلىقى توغرىسىدا پاراڭ تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن شەپقەتمۇ سۆگەك يىغدى، پال-
تىدا چىقىپ پارچىلىدى، تۈگمەنگە ئاپىرىپ تارتىپ ئۇن قىلدى. ئانىسى سۆگەك ئۇنىدىن نان
پىشۇردى. بۇنى يەپ ئاچلىق ئازابىنى يەڭگىللەتكەندەك بولۇشتى، بىراق چوڭ تەرىتى كەلمەي،
ئىستىنىڭ كۈنىنى كۆرۈشتى. دادىسى قورساق ئاغرىقىدا ھاجەتكە چىققان جايىدا يىقىلغان پېتى
پاجىئەلىك ئۆلۈپ قالدى، ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ جايىنامازدا ئولتۇرۇپ شەپ-
قەتكە ئاللادىن شاپائەت تىلەيدىغان دادىسى ئەمدى يوق ئىدى. ھەر قېتىم ئۇن ياشلىق شەپ-
قەتنىڭ مەكتەپتىن قايتىپلا ئاچ قورساق ئىتىزغا ئىشقا چىققانلىقىنى كۆرگەندە، دادا بىچارە ھەم ئازاب-
لىنىپ، ھەم خۇشال بولۇپ كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش تۆككىنىچە: «ئاللا ئىنساپ بەرگەن
ئوغلۇم، ئاللا ئۆزى ساڭا مەدەتكار بولسۇن»، «چىققان دۆۋەڭنى ئېگىز، مەرتىۋەڭنى يۇقىرى
قىلسۇن!»، «توپا ئالساڭ ئالتۇن، كۈل ئالساڭ كۈمۈش بولسۇن!» دەپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ
دۇئا قىلاتتى، «ئاتا دۇئاسىنى ئۇلۇغ» دېيىشىدۇ، ئەمدى ئۇنىڭ دۇئا قىلىدىغان ئاتىسى-
مۇ قالمىغانىدى. شەپقەت ئامالسىز ئۆز مەھەللىسىدە «زىيالىي ياش» ئاتىلىپ كەتمەنىنىڭ قۇ-
لىقىنى تۇتتى، شۇ يىللىرى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۇنىڭغا تەقدىرداش بولغان تەڭتۇشلار
ئازمىدى؟ بۇ ئۆلكىنىڭ ئۆزىدىلا مىڭلاپ، ئونمىڭلاپ بار ئىدى، شەپقەتنى يېزا خەلق ئەسكەر-
لىكىگە قاتناشتۇرۇشتى، كېيىنرەك كەلكۈنچىلەر ئاممۇي تەشكىلاتى ئىددىيۋى خىزمەت ئىشلەپ
ئۇنى قوينىغا ئالدى. ئۇنىڭ قاتناشقان ئەترىتى 3 - كۇرەشچى ئەترەت دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنى
پۈتى چاققان دەپ خەۋەرچىلىككە، يۈگۈر - يېتىمگە سېلىشاتتى. بۈگۈن ئۇ شىتابقا خەت - چەك،
ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى ۋە ماۋجۇشىنىڭ يېڭى ئىزناكلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن كېلىپ مەتتوختى بې-
لەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ھەيكەل ۋە ساۋۇت ھەققىدىكى پاراڭ ئۇنى قاڭگىرىتىپ قويدى.

ساۋۇتنى ئۇ بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى تېخى تونۇمايتتى، شۇ كۈنى كەلكۈنچىلەرنىڭ
تايانچ قوشۇنى «ئالغا» ئىشلەپچىقىرىش دادۈيى جايلاشقان كەنتكە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىغان

ئىدى. دەسلەپ يەرلىك توپىلار ئوت قويۇش ئويناتتى. كېيىن مىلتىق نەيزىلىرىنى ئالدىغا قىلىپ ئۇتتۇشۇپ دەۋرەپ بېرىشتى. يېزىدىكى «يالقۇنچىلار» لەخمىلەرگە بىكىنىۋېلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇ چاغلاردا ھەممە ئاممىۋى تەشكىلاتلار ھەر كۈنى دېگۈدەك جۇڭگونىڭ «لەخمە ئۇرۇشى» دېگەن فىلىمىنى كۆرۈپ لەخمە ئۇرۇشىنى مەشىق قىلاتتى. كۈن بويى داۋاملاشقان جەڭدە يېزىنى ئالالمىغان كەلكۈنچىلەر كەچكە يېقىن لەخمىنىڭ بىر - ئىككى ئېغىزىنى تېپىۋېلىپ ئۈستىدىن سۇيىنى شۇ يەرگە باشلىۋەتتى. يېرىم كېچىگە بارغاندا يالقۇنچىلار چىداشلىق بېرەلمىدى، ئۈۋسىنى سۇ باسقان تولۇم چاشقانلاردەك تۆشۈكلەردىن سەكرەپ چىقىشتى. كەلكۈنچىلەر يېزىنى قورشىۋالغان ئىدى، جەڭ قانلىق بولدى. لېكىن پۇقرا دېگەن ھامان پۇقرا، ئۇرۇشنى ھەربىي قوشۇندەك قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئوقلار ناھايىتى نۇرغۇن ئېتىلغان بولسىمۇ، تالاپەت بەك كۆپ بولمىدى. تاڭغا يېقىن يالقۇنچىلار قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ كەتتى، كەلكۈنچىلەر يېزىغا كەلكۈندەك يامراپ كىرىشتى. كوچىلار پاتقاق، ئۆيلەر ئۆرۈلگەن ئىدى، بىر ئەسكى تاملىقتىن يالقۇن تەشكىلاتىنىڭ ساۋۇت ھەم ئابدۇغوپۇر دېگەن ئىككى ئادىمى قولغا چۈشتى. بۇ ئىككىسى دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن بۇ يەرگە ئۆرۈك سېتىۋالغىلى كەلگەنلەر ئىكەن. ئۇلار ئەسلىدە شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ بېشىدىلا «شالتىقى بارلار» قاتارىدا مەيدانغا «ئەمگەكتە چېنىقتۇرۇش» قا چۈشۈرۈلگەنىدى. دەسلەپتە ئۇلارنى شتابقا ئاپىرىپ سوئال - سوراققا تارتىپ «ئۇچۇقداشتى»، كېيىن ھەددىدىن تاشقىرى يۇۋاشلىقىنى كۆرۈپ، «ئەسىر ئالماشتۇرۇش» تا ئەسقېتىپ قالار دېيىشىپ رەندىگە تۇتۇلغانلار ھېسابىدا 3 - كۆرەشچى ئەترەتكە ساقلاشقا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ ئەترەت دەريانىڭ شەرقىدىكى كۆكتال كەنتىدە تۇراتتى، ئۇلار ھەم شۇ يەردىكى قىرغاق مۇداپىئەسىگە، ھەم ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل ئىدى، بۇ تۇتقۇنلارنى رېجىمدە ئىشلىتىش شەپقەت بىلەن ئەركىنگە تاپشۇرۇلدى.

بۇغداي ئورمىسى مەزگىلى ئىدى، شەپقەتلەر ئەتىگەندە تۇتقۇنلارنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئورمىغا ئېلىپ چىقتى. ئورمىچىلارنىڭ ئاساسىي قوشۇنى قىرى - چۈرە، خوتۇن - باللار ئىدى، قىران يىگىتلەر ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدىغان كۆز قاراشلارنى تالىشىپ، بىر - بىرىنى قىرىش ئۈچۈن تەرەپ تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشىپ كەتكەن، بەزى دېھقانلار پاراكەندىچىلىك ۋە نامراتلىقتىن يېتەراپ، تىرىكچىلىك ئىزدەپ ھەرياققا بېشىنى ئېلىپ كېتىشكەنىدى. شەپقەتنىڭ ئەترەتداشلىرىمۇ تۈزۈك ئەمگەك قىلمايتتى، تەشكىللىگۈچى، ھەيدەكچى بولۇۋېلىشاتتى، ئېتىزغا چىقىدىغانلىرىمۇ ئاز ئىدى، شەپقەت بىلەن ئەركىن ئىنسانىي كۆيۈنۈشتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەسسىسىنىمۇ ئورۇشۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

3 - كۈنىگە بارغاندا ئۇلارمۇ كۆندۈشكە باشلىدى، دەم ئېلىش بولغاندا يەنىلا ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ، سۇنايلىنىپ يېتىشتى-يۇ، بىرنەچچە مىنۇتلاردىن كېيىن ئابدۇغوپۇر ئورنىدىن تۇردى، بۇغداي ئۇنچىسى تېگىدىن كونا ماشرەك چاپىنىنى ئېلىۋىدى، ئىچىدىن قاتتىق مۇقاۋىدىن ياسالغان شاھمات تاختىسى چىقتى، بۇنى ئاخشام ساۋۇت ياسىغان، شەپقەتلەر كۆرۈپمۇ ئۈنچىقمىغان ئىدى. ساۋۇت بىلەن ئابدۇغوپۇر بىر قوللا دامكا ئوينىيالدى، ۋاقىت زىق بولغاچقا ئورغاقلىرىنى قولغا ئېلىشقا توغرا كەلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ناگان - ناگاندا كەچلىك تاماقتىن كېيىن شاھماتقىمۇ ئاز - تولا ۋاقىت تېگىدىغان بولۇپ قالدى، ساۋۇت شاھماتتىن كۆرە، سازغا

ھېرىسمەن ئىدى، ئۇ قېرى بىر دېھقاندىن ئىككى دۇتار ياساپ بېرىش بەدىلىگە ئالغان ئۇجمە ياغىچىنى تىلىپ، ئۆزىگە بىر دۇتار ياسىۋالدى، شەپقەت بازاردىن تار ئەكىلىپ بەردى، دۇتار بەيزى چىقتى. ئەتراپىغا ئادەم ئولىشىۋالسا، ئۇ بىر - ئىككى پەدە ئۇيغۇرچە «سۆز - ئۇزۇندە» ئاھاڭلىرىغا چېلىپ قوياتتى. ئاندىن ئاستىلا بېرىپ شاھماتقا قول سۇناتتى. يات ئادەم قالمىغاندا ياكى كېچىلىك ئورمىدا خالى يەرنى تاپقاندا، دۇتارنى سايرىتىۋېتەتتى، تارغا بۇلبۇل قونغاندەك، كاككۇك پەرياد ئۇرغاندەك بولاتتى، دۇتارنىڭ جېنى بار ئادەمدەك ئاھ ئۇرۇپ، ئىچ - ئىچىدىن بۇغۇنۇقۇپ يىغلاشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، كىچىكىدىن دۇتارنى مەئىستىمەي كىتارغا ھەۋەس قىلىدىغان شەپقەتمۇ ھەيران قالدى. تەسىرلەندى، كۆزىدىن ياش ئاققانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. بۇ مۇزىكلار ئۇنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالغان، ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇن مۇڭ ۋە ھۇزۇر تۇيغۇسى قوزغاتقان ئىدى. ساۋۇت ئايغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇزاق - ئۇزاق چالاتتى، ئەمما ئادەتتە ناخشا توۋلىمايتتى. «سىبىرىق ناخشا» ئوقۇدى دېگەن قالپاقتىن قورقىنىمۇ ئەمەس، «سىبىرىق ناخشا» ئېيتقان ھالەتتىمۇ شەپقەتلەرنىڭ ئانچە كارى بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۆزىمىغۇ تېكىستلارنى بەكمۇ كۆپ بىلمەيتتى. ئەمما بىلىدىغانلىرىغا پۇختا ئىدى، بۇ تېكىستلارنىڭ بەزىلىرى پۈتۈنلەي يېڭىلانغان، كىملەردۇر ئۇلارنى قايتا يازغان، ئۇنىڭ ئۆزى يازغاندۇر، بەلكىم. مانا شۇنداق ناخشىلارنىڭ بىرى «ئەۋرىشىم» ئىدى، دەردمەن، تەبەسسۇمسى ئاۋازدا ئۇ بۇ ناخشىنى ئېيتقاندا، قايغۇلۇق كېچىدىكى قايغۇلۇق مۇھەببەتنىڭ ھەر خىل ھالەتلىرىنى، كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرەلەيتتى، بۇ ناخشىنى ئېيتقاندا ئۇ ئاۋازىنى مەيلى قانچە تىۋۋەنلەتمىسۇن، ناخشا ئېيتقاندەك ئەمەس، يۈرىكى يىغلاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ يۈرەك بۇلدۇقلاپ، قايناپ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان، دەريامۇ ياكى گۈركىرەپ، يالتىراپ يېنىۋاتقان يالقۇنمۇ بىلىپ بولمايتتى. بۇ يۈرەك ئۆزىگە ناھايىتى چوڭ مۇھەببەتنى يوشۇرغان ئاجايىپ ھېس - تۇيغۇلار، رەڭدار خىياللار ماكانى بولسا كېرەك، گويا بارلىق سىرنى ئاشكارىلىماقچى، ئىچىدىكىنى بىراقلا تۆكۈۋەتمەكچى بولغاندەك تىترەيتتى، ئۆز يارىنى، ئۆز ئېلىنى پۈتۈن قەلبى - ۋۇجۇدىدىن چىن سۆيمىدىغان، ۋاپادار سۆيگۈنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان كىشىلا ناخشىنى شۇنداق يۈرەكتىن چىقىرىپ ئېيتالايدۇ، ئاسماندىكى ئاي ئۇنى چۈشىنىۋاتقاندەك پارقىراپ قارايتتى، ھەتتا ئابدۇغۇپۇرنىڭ پىلىمۇت ئاتقاندەك ئۈزۈلمەي چىقىۋاتقاندەك ئاۋازىمۇ بىر پەسكە توختاپ قالاتتى...

— مىجەزى غەلىتىلا ئادەمدەسەن، — دېدى مەتتوختى شەپقەتكە بۇرۇلۇپ، — مۆرىمەمسەن، گەپ قىلغاچ ماڭ.

— كېيىم بولمىسا ...

ئالدى تەرەپتە ئۇزۇندە مۇنارى كۆرۈندى، بۇ ئاچالغا يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرەتتى، دەرۋەقە ھايال ئۆتمەي ئۇلار چاسىغا كېلىشىپ سولغا بۇرۇلۇشتى، بۇياقنىڭ يولى ئەگرى - بۈگرى، كاتاڭ ئىدى، ۋېلسىپىت سىلكىنىشكە باشلىدى.

— گەپلەشكەچ ماڭساق يول قىسقىرايدۇ، — دېدى مەتتوختى، ئۇنىڭ ئاۋازى چايقىلىشتىن تىترەيتتى، — سەنمۇ ساۋۇتتەك ئاغزى بار، تىلى يوق بىرنەرسىمۇ - قانداق؟ نېمە ئويلاۋاتىسەن؟

— ھېلىقى ھەيكەلنىڭ سۈرىتى سىلىگە جىددى كېرەكمۇ ئەمەستۇ؟ — سوئالغا سوئال بەردى شەپقەت.

— تازا قىزىقىسەندە، — دېدى مەتتوختى ھەيرانۇ - ھەس بولغانلىقىنى يوشۇرمىغان تەلەپپۇزدا، — ئەلىزىگە ئائىت نەرسىمۇ كېرەكسىز بولامدۇ؟ ئەنزە تەكشۈرۈش ئىشلىرى مېنىڭ قولۇمدىن ئۆتمىدىغان تۇرسا.

— ئۇ سىلىدە تۇرىدىكەن - دە؟

— ئەمىسە ساڭا بېرىدۇەتسەم بولامتى؟

— ھەپتە ئون كۈن كۆرۈپ تۇرسام ياكى بىرەر نۇسخا كۆپەيتىپ بەرسىلە بولاتتى.

— بولمايدۇ، كىچىك بالىدەك كۆرگەنلا نېمىگە قىزىقامسەن؟ ھەيكەلتاراش بولاي دەۋاتامسەن - يا؟ كۆيۈپ قالدىڭمىكىن دېسە ئۇ قىزنىڭ ھەيكىلى ئەمەس، قىز سۈرىتى ئۇچراپ قالسا چوقۇم بېرىمەن.

مەتتوختى تەنە ئارىلاش كۈلدى. بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى، تېگى - تەكتىنى چۈشەندۈرۈشنى خالىماي، گەپنى چاقچاقلا يۆلەپ تۈگەتمەكچى بولۇۋاتاتتى.

شەپقەتنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى سۈرەت يەنە پەيدا بولدى. خۇددى يېقىنلا جايدا، رولنىڭ ئالدىدىلا ھاۋادا جىلۋە قىلدى. لېكىن ئەمدى ئۇ رەڭسىز سۈرەت بولماي، بەلكى سۇزۇك ئاسمان ئاستىدىكى يورۇق بوشلۇقتا تۇرغان ھەيۋەتلىك ھەيكەل ئىدى. ھەيكەل تەدرىجەي سىلجىپ، ئۇدۇلدىكى ئۈپۈق سىزىقى ئۈستىدە توختىدى، چوڭايدى، ئەمدى ئۇ سېرىق چاچ، ئاق بىرليانت تەنلىك ناھايىتى زور گىگانت ھەيكەلگە ئايلانغانىدى، بېشى كۆككە تاقىشىپ، يۈزىدىن نۇر يىغىپ تۇراتتى، چاچلىرى كەچكى شەپەق نۇرىدا ئالتۇن يالاتقاندەك پارقىرايتتى. كۆرۈنۈشى مۇلايىم ھەم جىددىي ئىدى. ئۇنىڭدىكى كۆركەملىكنى، تەمكىنلىكنى، ئۇلۇغۋارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق قىيىن، تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ھەيكەل قىمىر قىلمايتتى، ۋېلسىپىت بولسا توختىماي جالاقلايتتى.

ئالدى تەرەپتە كۆك گىرۋەكلىك چوڭ ئەينەك كۆرۈندى. بۇ دەرەخ ۋە قومۇشلار بىلەن قاپلىنىپ خېلى يەرگىچە سوزۇلغانىدى، يول كۆلنى ئەگىپ ئۆتەتتى. نەم ھاۋادىن چىرىگەن ئوت - چۆپلەرنىڭ ۋە قارا لايىنىڭ ھىدى كەلدى.

— بىرەر تال ئۆردەك ئېتىۋالمايمىزمۇ؟ — دېدى مەتتوختى ۋە جاۋاب كۈتمەيلا ۋېلسىپىت ئاستىلىغاندا سەكرەپلا يەرگە چۈشۈۋالدى. تاپانچىسىنى چىقىرىپ قولۇپىنى ئاچتى.

ئۇلار ۋېلسىپىتنى دەرەخلەر ئارىسىغا قويۇپ كۆل بويىغا كېلىشتى، دەرەخلەرنىڭ ئېگىلگەن شاخلىرى ۋە قومۇشلار تىنىق كۆل سۈيىگە چىلىنىپ يېنىك ئىغاڭلايتتى. كەچكى شەپەق كۆل سۈيىنى گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ئاسمان سۇنىڭ تەكتىدىن چۆكۈپ كەتكەن زۇمرەتتەك كۆرۈنەتتى. كۆل ئىچى جىمىرلاپ سۈسلىشىۋاتقان پەيدىن - پەي خىرەلىشىۋاتقان كۈمۈش دۇنيا ئىدى. ئۇلار ئۇياق - بۇياقنى چۆكىلەشتى، شەپقەت بىر ئاز بولسىمۇ يالغۇز قېلىشنى، كۆلنىڭ جىمىلىقىدىن بەھرىمەن بولۇپ نېرۋىلىرىنى تىنچلاندۇرۇشنى خالايتتى، بىر بېلىق كۆل يۈزىگە سەكرەپلا چىقىپ غايىب بولدى، قۇيرۇقى سۇ چاچراتتى. ئۆردەكنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى، كۆكۈم قاراڭغۇسى ئۈپۈقتىن يامراپ سىلجىپ كەلمەكتە. چاپسانلا قاراڭغۇلۇق پەردىسى يېپىلدى، يىراقتىكى كۆجۈم - كۆجۈم مەھەللىلەردىن توپ - توپ بۆرىلەرنىڭ كۆزلىرىدەك پىلىلداپ يورۇقلار كۆرۈندى. مەتتوختى ئالدىرىدى.

— بولمىدى، جۆر ماڭايلى!

2

شەپقەتلەر سابىر بوۋاينىڭ ئۆيىدە تۇراتتى، بوۋاينىڭ ئۆيلىرىمۇ، هويلىسىمۇ كەڭ-كۇشادە ئىدى، ئۆينىڭ ئالدىنى رەيهانگۈل، گۈلياسمەن، ئەترە گۈل، سەبدە، هەشقىپىچەكلەر بىزەپ تۇراتتى، سۇيى ئۈزۈلمەيدىغان ئېرىق قورۇنىڭ كوچا تېمىغا يېقىنراق جايىنى كېسىپ ئۆتەتتى، ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپى قېلىن سۆگەتلىك بولۇپ، سۆگەتلەر ئاستىغا چوڭ كارىۋات قويۇلغانىدى. ئۆينىڭ كەينى تەرىپىدە كىچىكرەك باغ بار بولۇپ، هويلا باهاردا چېچەكلەرنىڭ خۇشپۇرىقىغا، يازدا مېۋىلەرنىڭ شېرىن هىدىغا تولاتتى.

ئۇلار يامغۇر سۇيى ۋە هارۋا چاقلىرى بۇزۇۋەتكەن تارغىنا يولنى بويلاپ كەلدى، بىر ئەسكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بوۋاينىڭ قورۇسىغا يېقىنلاشتى، دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كېلەر-كەلمەيلا قورۇدىن ئابدۇغوپۇرنىڭ چاڭىلداپ سۆزلەۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ كارىۋات ئۈستىدە ئەركىن بىلەن دامكا ئوينىغاچ مۇنازىرىلىشىۋاتقان بولسا كېرەك. لېكىن دەرۋازىدىن كىرىپ ئۇلار باشقىچە ئەهۋالنى كۆردى. ئابدۇغوپۇر كارىۋاتتا يانپاشلىغان بوۋايغا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ زاغرا ناننىڭمۇ يېتىشمەيۋاتقانلىقى، قەھەتچىلىكنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ خۇدانىڭ نامىغا تىل تەككۈزۈۋاتقان ئىكەن، بوۋاي پۇرژىنا تېپىۋەتكەندەك بىر سىلكىنىشتىلا قوپۇپ ئولتۇردى، نەشتىرنى سانجىپ دەككە بەردى:

— تولا سۆزلىگەننىڭ ئەقلى كەم بولىدۇ، گۇناھ خۇدالىق دەۋاسى قىلىۋاتقان تەلۋە ئادەملەردە بولماي، ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنى ياراتقان خۇدادا بولامدىكەن، بەندىلەر نامازنى خۇدانىڭ نامىغا ئوقۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن هازىر بەندىلەرنى بەندىگە چوقۇندۇرۇپ ناماز ئوقۇتۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا خۇدايى تائالا غەزەپلەنسە دەرهەق، هېلىغۇ قەھەتچىلىك، نامراتلىق بىلەن جازالاۋېتىپتۇ، ۋابا ئەۋەتىپ قىرىۋەتسىمۇ هەق، بەزى جايلارغىمۇ ئەۋەتتى...

ئابدۇغوپۇر ئۇزۇن تىلىنى چىقىرىپ، ئېڭىكىنى مىدىرلىتىپ قويۇشتىن باشقا هېچنېمە دېيەلمىدى.

— گەپتانىلىقنى بولدى قىلىڭلار هەي، يولداش مەتتوختى كەلدى! — دېدى شەپقەت. مۇنازىرە توختىدى. هەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، مەتتوختى كەمتەرلىك قىلدى بولماي، ئۇنىمىدى. بىرەر قۇر كۆرۈشۈپ قويغاندىن كېيىن بىردەم شاهمات كۆرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شاهمات يەنە باشلاندى.

مەتتوختى بۇ مەهەللىگە يېقىندىن بېرى كۆپرەك كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ئادەتتىكىمۇ شۇنداق «ئارىلاشلار» غا تايىنىپ قورساق باقاتتى، ئۇ مۇئامىلىدە سىپايە ئادەم ئىدى. ئادەتتە تۇتقۇنلارنىڭ دەم ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىمۇ ئەيىبلەپ كەتمەيتتى، بۇگۈنمۇ ئويۇنغا دەۋەت قىلدى، ئابدۇغوپۇرنىڭ شاهماتنى پالاكەت ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە چىدىيالماي ئارىلاشتى:

— ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ دىۋەڭ ۋات-ۋاتنى، — دېدى ئۇ قوللىرىنى هاياجان بىلەن ئۇۋۇلاپ يۇمشاق ئاۋازدا، — ئاتنى ئوينىتىپ، پىلنى ئۇرماسەن دەيمەن!

مەتتوختىدا يېزا مەنسەپدارلىرىغا خاس سالاپەت بار ئىدى، ئۆزىنى ۋەزمىن تۇتۇشقا تىرىشاتتى، ئاسانلىقچە چىرايىدىن خاپىلىق، قايغۇ ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇ ئەسلىدە ناهىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، بىراق نەپسانىيەتچىلىكى ئۇنى بىر قېتىم

ئوبدانلا پۈتلەۋەتتى، ئۇ مەكتەپ تەجرىبىخانىسىنىڭ سايمانلىرىنى ئوغرىلاپ ساتماقچى بولۇۋاتقاندا ئۈشتۈمتۈت قولغا چۈشتى. ئىچى تارلارنىڭ بىرەرسى تاپ باستۇرۇپ پايلاپ يۈرگەن بولسا كېرەك. بالا كەلسە قوشلاپ كېلىدىكەن، يەنە شۇنداق ئىچى قارا كۆرەلمەسلەردىن بىر نەچچىسى سۈيىقەست قىلىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئىستىلىدىكى قالاقلىقلىرىنى پاش قىلىۋەتتى، بۇ كەمگىچىغۇ مەتتوختى بۇنداق قالاقلىقتا ھە دېسىلا باشقىلارنى ئەيىبلەيتتى، ئالدىغا ئۆتتۈۋېلىپ تۇتۇق بەرمەي كەلگەن، يامانراقلىرىدىن بىر ئىككىنى تۆھمەت چاپلاپ بولسىمۇ موللاق ئاتقۇزۇۋەتكەن ئىدى. بۇ دۆرەم قارا باستى، مەست بېرىپ بىر ئاشىنىسىنىڭكىدە ئۇخلاپ قالغاندا بۇ ئوكمۇغۇرلار باستۇرۇپ كىرىپ يوتقانىنىڭ تۆت بۇرجىكىنى بېسىپ تۇرۇپ تۇتۇۋالدى. تاڭغاقلىق تاكتىكىسىمۇ كارغا كەلمىدى، نېمىدېگەن خەتەرلىك قارا نىيەتچىلەر - ھە بۇ، مەتتوختى شۇنىڭ بىلەن كۆكتال يېزىسىغا تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىلدى. تېخى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە ئەۋەتىلىشكە قىلماي قالغىنىنى دېمەمدىغان. بىراق ئۇ سوۋغات بېرىش، كۆڭۈل ئېلىشقا تولىمۇ ئۇستا، مۇناسىۋەتلىك باشلىقلارنىڭ بوسۇغىسىنى چۆكمىلەشتە ئىتتىنمۇ ھەيران قالدۇرالايدۇ. شۇڭا بۇ ماھارەتلەر ئۇنى ئۇنداق شەرمەندە - شەرمىسارلىقتىن ساقلاپ قالدى. ئۇ خۇشلۇقىدا يوشۇرۇنچە موللا چاقىرتىپ ياغ پۈرىتىپ، قىرائەت ئوقۇتۇۋەتتى. مەتتوختى ھەر ھالدا ئىشنىڭ ئىپى - جېپىنى بىلىدىغان ئادەم، يا پەمى بار، يا ئامىتى. يېزىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ بۇ يەردىكى بىر ئاق كۆڭۈل ئادەمنى ئالداپ يۈرۈپ گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىگە زاپخوز بولۇپ ئورۇنلىشىۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنى باشلىققا چېقىپ دۈم چۈشۈردى. ئاڭغىچە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ ئىشلىرى تېخىمۇ ئوڭغا تارتتى، ۋىلايەتلىك «دېھقانلار قوماندانلىق شتابى» نىڭ مۇھىم بىر كاتتىبېشى ئۇنىڭغا يۇرتداش چىقىپ قالدى، مەتتوختى ئۇلارنىڭ بۇياقلارغا تور باغلاپ يىلتىز يېيىشىغا كۆچەپ ياردەم قىلدى، بۇ جەرياندا لى لۇەنشىنىڭ① كۆزىگىمۇ ئىسسىق كۆرۈنۈۋالدى، ياپىلاق يۈز، پاناق بۇرۇن، توڭكاي چىش، مۇز تەلەت بۇ ئادەمنىڭمۇ سوۋغاتنى كۆرگەندە چىرايى ئېچىلىدىكەن. تىرناق بىلەن بىر تاتىلاپلا ئاچقاندەك يىرتىق كۆزلىرىمۇ جىن چىراغدەك پىلىدىرلاپ كېتىدىكەن، مەتتوختى ئۇنىڭ جاڭ شۇجىنى قولغا ئالدۇرۇۋېتىشىگە چوڭ ياردەم قىلدى، جاڭ شۇجى ناھىيىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ، مائارىپنى تۇتقاندىن بېرى نۇرغۇن نەتىجىلەر ياراتقانىدى، ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ كۆپ كېلەتتى، مەتتوختى ئۇنىڭ ياخشى ئادەملىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ شۇنداق قىلدى. ئامال قانچە، سىياسىي كۈرەش دېگەن شۇنداق بولىدۇ - دە، لېكىن بۇ لى لۇەنشىمۇ يىلاننىڭ پۇتىنى كۆرەلەيدىغان قۇۋ نەرسە ئىكەن، پايدىلىنىشنى پايدىلىنىۋالدى - يۇ، بەدەل بەرمىدى، ھوقۇق بەرمىدى. مەتتوختىنىڭ ئىككى يۈزلىمە، كالۋاراق بولۇشىغا قارىماي، كېيىنرەك بولسىمۇ 3 - كۈرەشچى ئەترەتنىڭ 2 - مۇئاۋىن كاتىپباشلىق ئورنىغا ئېرىشەلىگەنلىكى، دېھقانلار شتابىدىكى ھېلىقى مۇھىم باشلىقنىڭ ئۇنىڭ يۇرتدىشى چىقىپ قالغانلىقىدىنلا بولدى. مەتتوختى بېشىغا كونا شەپكە، ئۇچىسىغا ئۆڭگەن كۆلرەڭ خادا چاپان كىيىۋالاتتى، ئىشتىنىنىڭ پۇشقاقلىرى ئوشۇقىنى ياپالمايتتى، پوقرالار ئارىسىدا يۈرگەندە، كۆپ ھاللاردا ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىۋالاتتى، ئۆز ھوقۇقىغا نامزاتلىق تەھدىتى سېلىشى مۇمكىن

① لى لۇەنشى — لى×× نىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندا ئۆزگەرتكەن ئىسمى. لۇەنشى — جاھاننى مالىماتاڭ قىلىش دېگەن مەنىدە.

بولغان ئادەملەرنى ئۇچراتقاندا، ئۇلارنىڭ بارلىق ياخشى پەزىلەتلىرىگە، ئارتۇقچىلىقلىرىغا كۆز
يۇماتتى، يامان تەرەپلىرىنىلا كۆرەتتى، قۇسۇر ئىزدەيتتى، كۆپتۈرۈپ تەشۋىق قىلاتتى، شاخلىتىپ
قىلىنى پىل قىلىۋېتەتتى. «زۇرۇر» بۆھتانلارنىمۇ چاپلايتتى، بولۇپمۇ يۇقىرى باشلىقلارغا تەك-
رار چۈشەندۈرۈپ يامانلايتتى، شۇنىڭدىمۇ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالمىسا شورپا ئىچكۈزۈپ،
ياغاق چاققۇزۇپ تۇرۇپ چاقاتتى، ئۆزىدىن ئۈستۈنرەك باشلىقلا ئۇچرىغاندا مەتتوختىنىڭ يۈزى-
دە خۇشامەتكۈي كۈلكىسى چاپلاپ قويغاندەك سائەتلەپ قېتىپ تۇراتتى، ئەمەلدار بولسىلا ماز-
نىمۇ ساز دەپلا ماختاۋېرەتتى، ئالتۇندەك قىممەتلىك، پەرىشتىدەك تېپىلماس دانا ئىكەنلا دەپلا
جاۋىلداپ كېتەتتى، بىراق كەينىدە ئۆزى بىلگەننى قىلاتتى. باشلىقلار بىلەن سۆزلەشسە قور-
سىقىغا، پۇقرالار بىلەن سۆزلەشسە كۆزىگە قاراپ سۆزلەيتتى. باشلىقلار بىلەن خوشلاشقاندا ئوڭ
قولىنى مەيدىسىگە قوياتتى. دەرىجىسىگە قاراپ ئۈچ قېتىمدىن توققۇز قېتىمغىچە ئېگىلىپ تازىم
قىلاتتى، كەينىچە شوخشۇپ، ئاندىن يېنىچە مېڭىپ چىقىپ كېتەتتى.

شاھىمات تازا قىزىغاندا، ساھىپجامال ئۇلارنى ئۆيىگە كىرىپ غىزالىنىشقا چاقىردى. مەت-
توختى «رىسقىم تارتقان ئىكەن-دە» دەپ قويدى. ساھىپجامال يېڭى بوغدايىنى ياغۇنچاقتا تارتىپ
يارما تەييارلىغانىدى، ئۇ سابىر بوۋاينىڭ ئەۋرە قىزى بولۇپ، ئىسمىغا لايىق جىسمى زىلۋا
نازىنىن ئىدى. ئۇنىڭ سىيادەك قاپقارا ئۆرۈمە چاچلىرىنىڭ قىزىل قوغدىغۇچلارنىڭ قايچىلىرى-
دىن قانداق مۆجىزە بىلەن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

بوۋاي يارمىسىنى ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ ئايرىم ئولتۇرۇپ ئىچتى. چىشلىرى قالمىغاچقىمىكىن
يارمىغا ئامراق ئىدى. بىراق ئۇ ھېچقانداق تاماقنى ئارتۇقچە يېمەيتتى، ئوتتۇرا قورساق بول-
غاندىلا توختايتتى، قاتتىق ھەرىكەت قىلمايتتى - يۇ، تىنىمسىز ھەرىكەت قىلاتتى. ئەنە شۇنداق يا-
شاپ 120 يىلنى باشتىن ئۆتكۈزگەنتى. ئۆز ئۆمرىدە ئۆتلىغان پادىشاھلارنىڭ تەخت ئالماشقانلى-
قىنى كۆرگەن، نەچچە ئون قېتىملىق ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشلىرىنى بىلەتتى. ئۇ ئۇيغۇر تارىخىنىڭ
يېقىنقى بىر ئەسىر ۋە يەنە چارەك ئەسىردىن بۇيانقى شىددەتلىك بوران - چاپقۇنلىرىنىڭ تى-
رىك گۇۋاھچىسى ئىدى، شۇڭلاشقا كاتتىلارنىڭ سۆزلىرىمۇ، خىلمۇ - خىل سىياسىي ھەرىكەتلەر،
جۈملىدىن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتمۇ ئۇنى ھاياجانلاندۇرمايتتى، بەزىدە تېخى ئاچچىق - ئاچچىق كەپ-
لەرنىمۇ قىلىپ قوياتتى. «باقى دۇنيانىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ياتقان مەندەك بىر يالاڭتۆش قې-
رى دېھقاننى نېمە قىلالايتتىڭ» دېگەندەك كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپمۇ قوياتتى، قېرى ئا-
دەم دېگەن دۇنيانىڭ مېھمىنى، سابىر بوۋاينىڭ بولسا بىر ئەمەس، ئىككىلا پۇتى گۆرگە سان-
گىلىغانىدى، بىراق ۋىجدانسىز ئادەملەرنىڭمۇ ئۇنى گۆرنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىۋېتىشكە قولى بارمايت-
تى، ئۇ قېرىغانسېرى ۋات - ۋات، جىدەلخور بولۇپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن ٢٠ خىل يوشۇرۇن مېھ-
رى ئىسسىقلىقمۇ بار ئىدى. مانا شۇنداق مېھرىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ بىرسى ساۋۇت بولۇپ چىقتى،
ئۇلار ئاسانلا ئىچەكىشىپ كېتىشتى. ساۋۇت بوۋايدىن بىر ئېغىز گەپ سوراپ قويۇپلا، بىرەر سا-
ئەتكىچە ئۇنى چىقارماي تىڭشايتتى، بوۋاينىڭ توختىماي كاسىلدىۋېلىشىغا ۋاقىت بېرەتتى، كۆ-
لىدىغان جايلاردا ھوزۇر قىلىپ كۈلەتتى. بەلكى ئارىلاپ چاي دەملەيتتى، مېۋە ئاقلاپ ياكى
يۇيۇپ بېرەتتى، بوۋاي بىرنەرسىلەرنى شۇمۇشكە كىرىشكەندە، تالاغا چىقىپ يىراقنى يېقىن
قىلىپ كېرەتتى، سۇ ئەكىلەتتى، ئوتۇن ياراتتى، ئوزۇق - تۈلۈك، كەم - كۈستىلىرىنى غەملەيتتى.

ساھىپجامال تاماققا تۇتۇنغاندا ساۋۇت ئوت قالايتتى، قىزادىن كېيىن بىردەم - يېرىم دەم دۇتار چالاتتى. بۇۋاي جان دەپ تىڭشايتتى، مۇقاملارغا، قەدىم پەدىلەرگە چېلىشقا زورلايتتى، ساۋۇت كۆلۈپ قويا تتى. كېچىلىرى ئەل ئاييغى تىنىچىغاندا، بۇۋاينىڭ باغرى چىلاشقىچە چېلىپ بېرەتتى. بەزىدە ساھىپجامال دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتاتتى، قىزنىڭ ئاۋازى تەبىئىي، يېقىملىق، مۇڭلۇق ئىدى، ئىنتىرىگەن ئاۋازدىن ھەسرەت تۆكۈلەتتى، تىڭشىساڭ يۈرەك ئۈرۈشۈڭ توختاپ قالغاندەك بولاتتى، ساۋۇت ئۇنىڭ ناخشىسىغا ئاشىق ئىدى. دۇتارغا پەيزى تۇتقاندا ساھىپجامالغا ئەركىلىتىش نەزەرىدە قاراپ: «سازغا جان بەرسىڭىزچۇ جانان قىز» دەۋېتەتتى.

قىزادىن كېيىن مەتتوختى تۇتقۇنلارغا ئوبدان كۆز - قۇلاق بولۇشنى شەپقەت بىلەن ئەرتكىنگە جېكىلەپ كېتىپ قالدى. ئۇخلاشقا تەرەددۇت قىلغاندا شەپقەت ساۋۇتلار بىلەن بىللە سىرتقا چىقتى، پەيتنى كەلتۈرۈپ ساۋۇتتىن «مۇزارت» نىڭ كىملىكىنى ئاستا سورىدى.

— موزات ئەمەس مۇزارت، — دەپ تۈزەتتى ساۋۇت ئاسمانغا قاراپ. ئاسماندا ئەگىم ئاي ئۇيۇققا ئېسىپ قويۇلغان كۈمۈش ئورغاقتەك سۈس پارقىرايتتى، يۇلتۇزلار ناھايىتى، ناھايىتى ئېگىزلىكتە سوغۇق كۆلۈمسىرەيتتى. ئۇ يەنە نېمىدۇر دېمەكچى بولۇۋىدى، ئابدۇغۇپۇر گەپنى تارتىۋالدى:

— ۋولفگان ئامارسۇس مۇزارتنى دەۋاتامسىلەر؟ ئۇ 1756 - يىلى ئاۋستىرىيىدە تۇغۇلۇپ 1791 - يىلى 35 يېشىدا ۋاپات بولغان، ئۈچ يېشىدىن باشلاپ رويال ۋە ئىسكىرىپكا ئۆگەنگەن. ئالتە يېشىدا پۈتۈن ياۋروپانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، دۇنيا مۇزىكا پېشىۋالىرى، ئىجادىيەت پىرلىرى ئىچىدە مۇزارت «تەڭداشسىز ئەۋلىيا بالا» دەپ نام ئېلىپ شۆھرەت قازانغان. ئۇ 600 پارچىدىن ئارتۇق مۇزىكا ئەسىرى ئىجاد قىلىپ، دۇنيا مۇزىكا تارىخىدىكى ئۆلمەس كومپوزىتورغا، ئۆچمەس چولپانغا ئايلانغان.

— بولدى قايتىپ ئۇخلايلى! — دېدى شەپقەت گەپنىڭ كۆپەيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزى ئاستا سۇغۇرۇلۇپ ئارقىدا قالدى، يېزىنىڭ قاراڭغۇ يوللىرىغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى.

شەپقەت ئاسانلىقچە ئۇخلىيالمىدى، مۇزارتنىڭ ھەيكىلىنى، ساۋۇتنى، ئابدۇغۇپۇرنى ئويلىدى، ھاياتنى، توقۇنۇشلارنى، نۆۋەتتىكى ھەق - ناھەق، ئاق - قارا ئارىلىشىپ كەتكەن ئاخىرى كۆرۈنمەس مالىمانچىلىقنى ئويلىدى. ئۇ بەدىئىي تالانتنى چوڭ بىلەتتى، لېكىن ئۆز يېنىدا ئۇخلاپ ياتقان ساۋۇت لوپ - لوپنىڭ ھەيكەلتاراشلىقتا شۇنچىلا ئاجايىپ تالانتى بارلىقى ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىدى، شەپقەت ھەيكەلتاراشلىققا كىچىككىدىنلا مەپتۇن ئىدى، ئۇنىڭغا ساۋۇت بۈيۈك ئادەمدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ساۋۇت قانداقتۇر سىرلىق پەردىلەر بىلەن قاپلانغاندەك تۇيۇلدى، بۇ پەردىلەرنىڭ ئاستىدا ئالىيجاناب ھېس - تۇيغۇلار، چاقناپ تۇرغان تالانت - كارامەتلەر باردەك ئىدى. ئەپسۇسكى بۇ كارامەتلەرنى مەۋھۇم بىر خەۋپ ئەگىپ يۈرەتتى.

يۇۋاش يۇۋاشنىڭ قاياشى، شەپقەت بىلەن ئەركىن ساۋۇت بىلەن ئابدۇغۇپۇرنىڭمۇ ئۆزلىرىدەكلا يۇۋاشلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىلا بايقىغانىدى. ئۇلارنىڭ قويۇۋېتىلىشىمۇ ئۆز تەشكىلاتلىرىغا قايتىپ بارمايدىغانلىقىغا ئىشىنىشتى، قايتىپ بېرىشىمۇ قورال كۆتۈرۈشكە يارىمايدۇ دەپ قاراشتى، ساۋۇت قاش - كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا بوي يىگىت ئىدى. خام سېمىز بولغاچقا «لوپ - لوپ» دېيىشەتتى، ئاسان ھاسىرايتتى. ئابدۇغۇپۇر ياغاق يۈز، تار پەلكە، ئېنىق چىكە پاقالچەك، قاتما بويلۇق، ئاۋاق، ئېگىز يىگىت بولۇپ، كۆن چۈشمەيدىغان جايدا ئۆسكەن

زەئىپ قومۇشقا ئوخشايتتى، يىگىت ھەممە قۇۋۋىتىنى ئىشلىتىپلا سەرپ قىلاتتى، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. ئەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى ئېيتىمەن دەپ بۇزۇپ تەمىنى قويمايتتى، يۇمۇرلۇق چاقچاق قىلىمەن دەپ نەزەرىيىگە ئۆتۈپ كېتەتتى. خەق كۈلمىسە، ئۆزى كۈلۈپ تىنىقىپ قالاتتى، سۆزلىگەندىكى قول-پۇتلىرىنى سوزۇپ، سەكرىمەك بولۇۋاتقاندەك تۈگۈلىدىغان ھالىتى ئۈچۈنمۇ ياكى ئىنچىكە بىلىنى تىكلەپ، ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ شىلتىپ لاپ ئۇرىدىغانلىقى «بىر چېكىپلا ئاغدۇرۇۋېتىمەن»، «بۇرۇتۇمنى سانچىپلا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېگەندەك سۆزلەرنى ئاغزىنى قىيشايتىپ، شالىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ ئېيتىشقا خۇشتارلىقى ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنى «ياچمۇك» دېيىشەتتى، بۇ لەقەمدىن ئۇ رەنجىمەيتتى. بويىنىنى زىراپىدەك ئۇزۇن سوزۇپلا قوياتتى. لېكىن «شۈلگەيچى»، «غولاچلاپ شۈلگەي تارتىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ» دېگەنلەرنى ئاڭلاپ قالسا، شۇندلق پارتلاپ، تىترەپ سۆزلەشكە باشلايتتىكى، تۈكۈرۈك چاچرىندىلىرى تۆت مېتىر يەرگىچە يېتىپ باراتتى. ئۇ سۆز ئۇرغۇلىرىنى قەستەن لەغمەن سوزغاندەك سوزاتتى، بۇنى كەسپىي ئوبزورچىغا خاس خىسلەت دەپ بىلەتتى، دەرۋەقە ئېغىز ئوبزورچىلىقىدا قېرى ھەۋەسكارلاردىن ئىدى، سۆزنى «شائىرلار تەلەپپۇزىدا، قەھرىمانلار قىياپىتىدە سۆزلەيمىز» دەپ ماختىنىپمۇ قوياتتى.

— تەھرىرلىكنىمۇ مەخسۇس ئۆگەنگەنمەن، — دەيتتى ئۇ ئىپتىخار تەلەپپۇزىدا، — مەن تەھرىرلىگەن ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالە شىفەگراپتا بېسىلىدىغان ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان... كېيىنچە ئەدەبىي تەھرىر بۆلۈملىرى ياكى تارىخ تەتقىقاتچىلىقىدا ئىشلىمەكچىمەن...

دەسلەپكى كۈنلەردە ئابدۇغوپۇرنى كۆرۈپ شەپقەتمۇ، ئەركىنمۇ بىر ئاز غەلىتە ھېس قىلغانىدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا كۆنۈكۈپ قېلىشتى.

— شەپقەت بالىجان، — دېگەنىدى ئابدۇغوپۇر تۇنجى ئۇچرىشىشتىلا شەپقەتكە تىكىلىپ، — سىزنى بەك ئويۇنچى دېيىشىدىغۇ، باش شىتابتىكى قادىر مۇھاپىزەتچى سىزگە سالام ئېيتتى. ماشىنىست ئاشنىسى ئۇنى بەك سېغىنىپتۇ دەيدۇ.

شەپقەت قۇلاقلىرىغىچە قىزاردى، لېكىن ئۈنچىقمىدى، قادىر لىيۇەنشىنىڭ 2-مۇھاپىزەتچىسى ئىدى، ئەقلى يېتىلىشى كەمتۈكرەك، «ساراڭ» دېگەن لەقىمى بار، ئىت خۇيلۇق ئادەم ئىدى، گەپنى چۈشكۈرمەكچى بولۇۋاتقاندەك ئاسمانغا قاراپ، ئەندىكىپ ئۈزۈك-ئۈزۈك چۈگىلداپ قىلاتتى. غالجىر مىجەزلىك بولغاچقا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خۇمار ئىدى، لىيۇەنشى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ چىقاتتى، ۋەزىپە ئۆتىگەندە ئۇنىڭ غالجىر ئىتنىڭكىدەك ساراڭلىقى تۇتاتتى، ئۇ يىرتقۇچقا ئايلىناتتى، قادىر ساراڭ نېمىشقىدۇر شەپقەتتىن ماشىنىست ئايال بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ گۇمانلىناتتى، كۈنلەيتتى، مانا ئەمدى بولاۋزا چاقچىقىنى بۇلارغىچە يېيىپتۇ-دە.

شەپقەت شۇ كۈنى چىۋىن يەۋالغاندەك يۈردى، ئۇ ھەرقانداق سورۇننى سەتلەشتۈرىدىغان رەزىللىك ئۈلگىسى بولمىش قادىر «ساراڭ»غا مىڭ لەنەت ئوقۇدى، ئابدۇغوپۇرنىڭ بۇ ئېتىقسىزلىقىمۇ ئۇنىڭغا ياقمىغانىدى. بىراق ئابدۇغوپۇر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن دەپ چاپلىشىپلا ئالدى، ئاخىرى كەچقۇرۇندىن باشلاپ شەپقەت بىلەن كېلىشىۋالدى.

ئابدۇغوپۇر دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى چاغدا يېزا تەشۋىقاتىغا كۆپ ئەۋەتىلگەنلىكتىن بولسا

كېرەك، ئۇلارنىڭ يەرلىك مەشرەپلىرىگىمۇ كۆزلىرى يېتىشىپ قالغاندى، ئابدۇغوپۇر باللىق دەۋرىـ
نى شىمالدا ئۆتكۈزگەن، ئەس كىرگەندىن كېيىنمۇ پۈتۈنلەي شەھەردە ياشىغان، شۇنداقتىمۇ
جەنۇب سەنەملىرىگە، ئۇسسۇللىرىغا ئاز - تولا دەسسىيەلەيدىغان بولغان ئىدى، لېكىن ياغاچتەك
ئۇزۇن قوللىرىنى ئىككى يېنىغا كېلەڭسىز ھەرىكەتلەندۈرۈشلىرى ئورۇق تۆگىلەرنىڭ ئارقا پۇتـ
لىرىنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ قىلىشلىرىغا ئوخشايتتى، مۇرىسىنى قورۇشلىرى كەچكۈزدىكى توڭغان قاـ
قىرنىڭ تۈكلۈۋېلىشىنى ئەسلىتەتتى، كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىنى تېخىمۇ قىستايتتى، بىراق ئۇنىڭ
قائىدە - ئىنتىزامچانلىقىنى ھېچكىم دورىيالمايتتى. «ساداقەت ئۇسۇلى» نى سەترەك قىلىپ بولسىـ
مۇ ئەستايىدىل ئوينايتتى. يول ماڭغاندا ئۇچرىغان ھەر بىر ئادەمگە ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قوـ
يۇپ پۈكۈلۈپ بىر سالام قىلاتتى. ئاندىن ماشىنا ئادەمدەك تېزلىكتە ئوڭ قولىنى ئالدىغا ئۇزارتاتتى - دە،
«ياشىسۇن ماۋجۇشى!» دەپلا قول ئېلىشاتتى، تاكى قارشى تەرەپ «تۆمەن مىڭ يىل ياشىسۇن!»
دېگەندىن كېيىن قولىنى بوشىتاتتى.

ئابدۇغوپۇر دۇنياغا سۆزلەش ئۈچۈنلا يارالغاندەك ئىدى. ئاغزى ئۇخلىغاندىمۇ ئارام ئالـ
مايتتى، چۈشەكەپ ئاللانېمىلەرنى شىۋىرلايتتى. «ئۇجيابى ھارىقى» ئىچىپ قالسىمۇ ئۇ بىر ساـ
ئەتتە پۈتۈن بىر شەھەرنىڭ ئادىمىنى بەزدۈرۈۋېتەتتى، ئۇ ئەركىن بىلەن قىلىدىغان كۈندىلىك
مۇنازىرىنى قولدىن بەرمەيتتى. تۈن نىسپىدىن ئاشقىچە تۈكۈرۈك چاچرىتىپمۇ ھارمايتتى. تەن
بەرمەيتتى، ئەركىننىڭ تاغىسى ئارخېلوگ ئىدى، بۇنى بىلىپ قالغان ئابدۇغوپۇر شۇنچىلىك كۆپ
سوئاللارنى ياغدۇراتتىكى، بۇ سوئاللارغا ئەڭ ياخشىسى تارىخچى، ئارخېلوگ، ئېرقشۇناسلارمۇ
دەماللىققا جاۋاب تېپىپ بېرەلمىگەن بولاتتى. قىزىپ كەتكەندە ئابدۇغوپۇر ئاغزىنى قويۇپلا بېـ
رەتتى، كىنايە، سەت گەپلەرنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمايتتى. دەتالاش ئۆزى مۇھىم چاغلىغان نۇقتىـ
لارغا كەلگەندە، شۇنچىلىك دەھشەتلىك قىياپەتكە كىرەتتىكى، كىشىنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرەتتى،
پۈۋلىسە ئۇچۇپ كەتكىدەك تۇرغان بۇ ئاجىز بەدىنىنىڭ شۇنچىلىك ئاچچىقىنى ئادەتتە قەيەرگە
يوشۇرۇپ يۈرەلەيدىغانلىقىغا ھەتتا كۆپنى كۆرگەن بوۋايىمۇ ئەقلى يەتمەي قالاتتى.

كۆپ سۆزلەيدىغانلار كۆپ سۆزلەيدىغانلارنى ياقتۇرمايدۇ. سابىر بوۋايمۇ ئابدۇغوپۇرنى
ياقتۇرمايتتى، چىشىغا تېگىپ قويغاندا، تىل توقمىقىدا پات - پات دۇمبالايتتى، ئالدىنقى كۈنى ئۇ
ئۇزۇن قارچۇغا بۇرنى ئاستىدىكى زەمبىرەك ئاغزىنى بوۋايغا توغرىلىۋىدى، ئاتقان ئوقلىرى قايـ
تىپ ئۆز بەدىنىدە پارتلىدى: ئابدۇغوپۇر ئەلەم كۈرىشىنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارـ
لار قوزغىدى دەپ ئەزۋەيلىگەن ئىدى. بوۋاي ھاسىسى بىلەن ئۇنى شۇنداق بابلاپ ئۇقۇدىكى
ئابدۇغوپۇر ئىتتىك كەينىگە داجىغاندا، يەردىكى شاپاققا تېيىلىپ ئورۇقچىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ
قالدى، بوۋاي كۈلمىدى، ھاسىدا جۇنۇپ تۇرۇپ دېدى:

— ماڭا قارا، ھەي ئاغزىنى سېغىزخان ئاچقان، ئۆپكىسىنى جىن قاققان ۋالاقتەككۈر، ئىنـ
لاھىم تىلىڭنىڭ ئۇچىنى چايان چاققاي، مەن سەھرالىق قارا تۇرۇك بولسامۇ ئەزبەرايى خۇدا
ھەقىقەتكە خىيانەت قىلمايمەن، پۇقرانىڭ قورسىقى تويسۇن دېگەنلەرگە قارا چاپلاپ كۆلا كەيـ
گۈزمەيمەن. موماڭلارنى كۆلاچى ئالغانمىدى - نېمە؟ ياخشى-مەنسەپدارلارمۇ جىققۇ، سەن دېگەن
بۇ كالتەكۋازلىقنى پۇقراغا كۆيۈنىدىغان ئەمەلدارلار قوزغىمىغان، سۇ باشتىن لاي، بۇنداق جىمـ
دەلگە قارا قورساق، قارا يۈرەك تەلۋىلەر ئامراق بولىدۇ، ئۇلار ھوقۇق خۇمارى تۇتقاندا جىمىنى

مالىماتاڭ قىلىدۇ، ئەجەل يېقىنلاشىشىغۇ كۆللى جاھانغا ئوت قويۇۋېتەشتىن يانمايدۇ. جەمى جانىنى قىرىۋەتكۈسى، دۇنيانى چېقىپ ئۆزى بىلەن گۆرگە ئەپكەتكۈسى كېلىدۇ. بۇ كالتەكۋازلىق شۇنداق قىرغىنچىلىققۇ، ئۇرۇشقۇ، بالايى - ئاپەتقۇ؟ يۇقرا ئارىسىدىكى ئاپەتنىڭ يىلتىزى ئوردىدا بولىدۇ، بۇ ئاتام زاماندىن تارتىپ شۇنداق. ئوردىنىڭ چۇشى - پادىشاھلارنىڭ چۇشى، بۇ چۇش بۇزۇلسا بالا تاشىدۇ، خۇدا ھەر بەندەڭگە پاناھ بول، چۇشى بۇزۇلغانلارنى...

بوۋاينىڭ كېپىنىڭ ئاخىرى كوتۇلداشقا ئايلىنىپ كەتتى، ئابدۇغوپۇر داڭ قېتىپ قىمىرلىيالماي قالدى.

3

سابىر بوۋاي ھەر كۈنى سۈبھى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇراتتى، كەيپى چاغ ۋاقىتلاردا قىش بولسا چۆلگە ئوۋغا چىقاتتى. توشقان، قىرغاۋۇل، تۈلكىلەرنى قارا باستۇراتتى. ياز بولسا دەريا بويىغا بېلىق تۇتقىلى باراتتى، ساھىپجامال كەينىدە سايىسىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى، بوۋاي تىمەن ئىدى، ئۇششاق قەدەملەردە ئۇزۇن يوللارنى مېڭىۋېتەتتى، ئەۋرە قىزىغا ئاسانلىقچە ئېغىرى چۈشمەيتتى. بۇگۈنمۇ ئۇلار بېلىق تۇتۇشقا چىقتى، جەڭگى - جىدەلدىن يىراقراق بولۇش ئۈچۈن دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى تەرەپكە كېتىشتى. لايقا دەريا ئېغىر، تۇتۇق كۆرۈنۈشتە لۆمشۈپ ئاقاتتى، شىددەتلىك ئېقىم تار جايلاردا باشنى قايدۇرغىدەك ئىتتىك ئېقىپ، بوغۇلغاندەك ھۆركىرەيتتى، كەڭ جايلاردا ئازادلىققا چىققاندەك ئۇھ تارتىپ يۇۋاشلاپ تىنچلانغاندەك بولاتتى، تۈگىمەس ناخشىدا ۋادىنى ئەللەيلەيتتى، ئۇلار سۇ قايناپ ئاقىدىغان يار لېۋىگە كېلىشتى. يارنىڭ قىلىچ بىلەن چېپىلغاندەك تىك كۆكسىدە ياۋا قۇشلار ئۇۋا سالغان كامالار، سانساناقسىز كۆزلەردەك قارىيىپ چەكچىيىپ تۇراتتى.

ئۇلار يارنىڭ چېتىدەرەك جايدىكى بىر قىيپاش چىغىر يول بىلەن سۇ بويىغا قاراپ پەسلىدى، ئۈچ توپ قېرى سۆگەت بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كالىلەكلىشىپ تۇرغان جايدا توختاشتى، بۇ سۆگەتلەر دولقۇنلارنىڭ ئۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ يىمىرىپ كېتىشىدىن قورقۇپ قۇچاقلىشىۋالغاندەك، غۇجمەكلىشىۋالغاندەك ئىدى.

بوۋاي لەيلىگۈچلىك قارماقلىرىغا سازاڭ ئېلىنىدۇردى. بەلگىلىك ئارىلىق قالدۇرۇپ بىر نەچچە جايغا قارماق تاشلىدى. ئاندىن ساھىپجامال ئېلىپ كەلگەن ئەسكى كۆرپىتا ئولتۇرۇپ سۇغا كۆز تىكتى. ئۇنىڭ كۆزلەيدىغىنى بېلىقتىن كۆپرەك، سۇغا مۇشۇنداق خىيال سۈرمەي ئۇزاق - ئۇزاق قاراپ ئولتۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭدا قېرىلارغا خاس بولغان كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەشكە ئامراق خۇيى يوق ئىدى. دولقۇنلارنى توختاۋسىز دومىلىتىپ ئۆز تۆۋاتقان ئېقىنلارمۇ ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمۈر ئېقىنىنى ئېسىگە سالالمايتتى، بوۋاي ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى، سۆزلىمەيتتى، پەقەت دەريا ئاتنىڭ مەڭگۈ تىنماس ئانىلىق ساداسىنى تىڭشايتتى، دەريانىڭ تىلىنى ئانىسىنىڭ تىلىدەكلا يېشىشىق بىلەتتى. ئاققان سۇلاردىكى ھايات كۈيىنى، شارقىراشلاردىكى تۈرلى - تۈمەن ئاھاڭلارنى چۈشىنەلەيتتى. ئۇلاردا غەمكىن يىغا، دەردلىك نالە - پەريادلار بار ئىدى. ئۇلاردا قايغۇ - ئازاب، ئىزتىراپ، پۇشايمان، ئۈمىد، ئىرادىمۇ جىملۋە قىلاتتى. بەزىدە باتۇرلارنىڭ ئورانى، غالىپلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرىمۇ ياڭرايتتى. ئېقىنلار بوۋايغا يۈرۈش مۇقاملىرىنى تووۋلاپ بېرەتتى، پۈتمەس ھاياتىي داستانلارنى سۆزلەپ بېرەتتى،

دولقۇنلار سېھىرلىك تولغىناتتى، قىزلاردەك نازلىنىپ، ناخشا ئېيتىپ ئېتەك يېيىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى، باللاردەك كۈلەتتى، ئالتۇن قوڭغۇراقتەك سادا بېرەتتى، سىلكىنىپ تەۋرەپ ساپايى چالاتتى، چايقىلىپ گارمۇن تارتاتتى. دولقۇنلار يەنە مېھرىبان پىچىرلايتتى، تۆكمەس سىرلىرىنى تۆكەتتى، ئەركىلەيتتى، شوخلۇق قىلىپ قوغلىشىپ يۈگۈرۈشەتتى، بەزىدە مۆڭگىلىناتتى، بەزەن دەر غەزەپكىمۇ كېلەتتى، قەھرلەنگەن پالۋانلاردەك ۋارقىرايتتى، تۈرۈلۈپ كېلىپ قودرەتلىك كۆكسىدە زەرپ بىلەن ئۇرۇپ قوم قىرغاقنىڭ ئاللىقايسى جايلىرىنى سۇغا سالاپلىتىپ يىقىتاتتى.

چارەك سائەت ئۆتتى، ساھىپجامال ئۇنىڭ تەرەپنى شەرەتلىدى، بوۋاي چەتتىكى بىر قارماق يىپىنىڭ لىڭشىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، قولىنى شىلتىدى. ساھىپجامال شۇ زامات پەرىزاتنىڭكىدەك يېنىك قەدەملەردە بېرىپ يىپنى ئادەتلەنگەن ئېپىدى ۋە كۈچلۈك ھەرىكەتتە ئىرغىتىپ تارتتى. بۇرنىدىن ئىلىنگەن چەينەكتەك يوغان بىر بېلىق قۇملۇق سايازغا ئۇچۇپ چۈشتى، پىلتىڭلاپ سەكرەشكە باشلىدى. ساۋۇت يەردىن ئۈنگەندەك پەيدا بولدى، مۈشۈكتەك تىنىۋشسىز سەكرەپ بېرىپ بېلىقنى قارماقتىن ئاجراتتى، ساھىپجامالغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ چېچەككە سالدى.

— پاھ، بۈگۈن ئىشىنىڭ كارى بېلىق شورپىسى دەڭلار، بېلىق ئەقلنى تازىلايدۇ، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بېلىققا خويمۇ ئامراق ئىدى ... يۇرۇتاڭ، ئالتۇن بېلىق ...— دەپ توۋلىدى ئابدۇغوپۇر جاراڭلىق ئۈتقىنى باشلاپ، — لاي سۇدىن شۇنداق چوڭ بېلىقنى شۇنداق ئاسان تۇتقىلى بولىدىكەن، بەزىلەرنىڭ ھاياتىمۇ سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇشقا ئامراقلىقى بىكار ئەمەسكەن - دە، دەريادىمۇ پەلسەپە بار، ماڭا قارا ئەركىن مانا بۇ...

— تىنىچ، — دېدى بوۋاي ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئابدۇغوپۇرغا بۇرۇلۇپ قەھرى بىلەن، — بېلىقلىرىمنى ئۈركىتىسەن زەھەر قىپى ياچمۇەك، ئىلاھىم كۆزۈڭنى قاغىلار چوقۇغاي، يوقال بۇ يەردىن ...!

ئابدۇغوپۇر تىلىنى چايناپ، جايىدا تۈرۈپلا قالدى، نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ بوۋايدىن قورقاتتى، ئۇلار بۈگۈن سەھەردىن باشلاپ مۇشۇ ياقتىكى بوغدايلارغا ئورغاق سالغان، توختىماي ئورۇپ مۇشۇ يار بېشىغا كېلىشكەن، ئەمدى ئازراق ئارام ئالماقچى بولۇشقانىدى. كېلىۋاتقانلار ئارقىسىغا يېنىشتى، ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىكرەك تۆپىلىككە چىقىپ ئولتۇرۇشتى.

ئابدۇغوپۇر بىلەن ساۋۇت خىيال بىلەن بولۇپ مەتتوختىنىڭ كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالغانىدى. ئابدۇغوپۇر ئاللىقاچان ئەركىنگە ھۇجۇم باشلاپ دەتالاشنى قايتا قوزغىۋەتكەن ئىدى، ئابدۇغوپۇر كۆرسەتكۈچى بارمىقىنى بىگىز قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى ئالدىغا سوزاتتى، شىلتىيتتى، ئۇنىڭ ئاغزى قۇرۇپ كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەنىدى.

— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، — دېدى مەتتوختى، ئۇ بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئادەتتىكى سىلىق - يۇمشاقلىقىنى يوقاتقانىدى، — بۇنداق تەشۋىقاتلار كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئويۇنى، ئۇلار ئامىنىڭ دىققىتىنى قۇرۇق دەتالاشقا بۇرايدۇ، ئۆزلىرى كاپىتالىزم يولىغا ماڭىدۇ.

مەتتوختى ئەسلىدە مەمەدان ئىدى، بىلەرمەنلىك قىلىشقا ئابدۇغوپۇرنىڭ يول قويمىغانلىقى ئۇنىڭ ئىززىتىگە تەككەچكە ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولدى:

ــ پارتىيە ھەممىۋاغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. پارتىيە تارىخقىمۇ رەھبەرلىك قىلالايدۇ. بىزنىڭ پارتىيە ئىشچىلارنىڭ پارتىيىسى، ئىشچىلار سىنىپى بارلىققا كېلىشتىن ئاۋۋالقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىكار گەپ.

ــ ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ۋە بەختسىزلىكى ئىشچىلار سىنىپى بارلىققا كەلگەن كۈندىن تارتىپ باشلانغان دەڭا، ــ دېدى ئابدۇغۇپۇر مەسخىرە ئاھاڭدا.

ــ ھە، ئەلۋەتتە شۇنداق.

ئابدۇغۇپۇر قورسىقى ئاغرىغىچە قاقاقلاپ كۈلدى.

ــ سەن ئۇنى ئىلەشتۈرمە، ــ دېدى ئەركىن ۋارقىراپ، ــ ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ۋە بەختسىزلىكى ئىنسانىيەت بارلىققا كەلگەن كۈندىن تارتىپ باشلانمامدۇ؟!

ــ قويۇڭلار بۇ كاززاپلىقلارنى، ــ دېدى مەتتوختى قىزىرىپ تېرىكىپ، ــ بىز سىنىپىي مەنپەئەتنى تالىشىمىز. مىللىي مەسىلە تېگى - تەكتىدىن سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسى، مىللىي باراۋەرلىكمۇ شۇنداق، بىزگە لازىمى ئىشچىلارنىڭ ھەممىۋاغا رەھبەرلىك قىلىش، كۈرەش، دۇنياغا كۈرەش ئوتىنى يېقىۋېتىش، كونا دۇنيانى كۆيدۈرۈۋېتىش، دۇنيانى ئوتتا تاۋلاش، جىن - شەيتانلارنى باستۇرۇش، ئۇلارغا سۆز ھوقۇقىمۇ بەرمەسلىك، ھېچقانداق ھوقۇق بەرمەسلىك! قۇرۇق نەزەرىيىنى چۆرۈۋېتىڭلار، بىز جان ئالىمىز. زىيالىي بىلەن تالىپ دېگەن بىر گەپ، تالىپلارنى تارىختىن بۇيان تىرىك كۆمۈپ كەلگەن، سېسىق زىيالىيلار نايناق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ئېتىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئېتىپ، تىرىك كۆمۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تىرىك كۆممىگىچە زادى بولمايدۇ، بولمىسا قۇرۇق بىلىمگە تايىنىپ قوسۇر تاپىدۇ، ئاقساقاللىق قىلىپ خاپا سالىدۇ، ھايات - ماماتلىق كۈرەش دېگەن شۇ...

ئۇ گەپنى ئۈزۈپلا شەپقەتنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ نېرىراق جايغا ئېلىپ باردى، كېتىۋېتىپ «بۇ كاسكى زىيالىيلار بۇغداي بىلەن ئارپىنى ئايرىيالمايدۇ، يا تېرىقچىلىق، يا ھۈنەرۋەنچىلىك ھېچبىر ئوقەتمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ، ھالىغا باقماي كۆرەڭلەپ كېتىشكىنىنى» دەپ ئويلىدى. توختاپ شەپقەتكە ھومايدى. ئادەتتىكى خاراكتېرىغا يات قوپال ئاۋازدا كۆزىگە قان تولغان يىرتقۇچتەك ھۆركىرىدى:

ــ بۇ سېسىقلار نېمانچە قۇتۇرايدۇ، نازارەتنى كۇچەيتىڭلار، كالتەكتە ئايىماي دۇمبالاڭلار، كۆزىگە ئۆلۈم تاتلىق كۆرۈنسۇن!

ــ ئۇلار ئۆلۈۋالىدىغانلاردىن ئەمەس.

ــ ئۇلارنىڭ جېنى بىزگە ئامباردىكى زاپاس مالدەك گەپ!

ــ ئىككى ئېغىز گەپ تالاشقانغىمۇ شۇنچىۋالا پەيلى بۇزۇقلۇق كېتەمدۇ باشلىق، ــ دېدى شەپقەت كۈلۈپ، ــ تىللىرىغا تاش.

ۋارقىرىغان بوم ئاۋاز سۆھبەتنىڭ بېلىگە تەپتى، ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى، سابىر بوۋاي قارماق ساپلىرىنى دولىسىغا قويۇپ ۋارقىراپ، تىللاپ بۇياققا كېلىۋاتاتتى، چېلەك كۆتۈرگەن ساھىپجامال كەينىگە ئەگىشكىلىك ئىدى، چۇقاندىن بېلىقلىرى ئۈركۈپ قاچقاچقا، بوۋاي غەزەپلىنىپ ئورۇن يۆتكەشكە ماڭغان بولسا كېرەك، ئالدى بىلەن ۋالاقتەككۇر ئابدۇغۇپۇرنى ئەدەپلەپ ئۆتۈشنى ئونتۇمىغان ئوخشايدۇ.

بوۋاي ئابدۇغۇپۇرنىڭ قېشىغا باردى. قوللىرى يۈزىگە جۇنۇپ بىرنېمىلەرنى دەپ تىللىدى.

دى، ئاندىن ئەۋرە قىزنى ئەگەشتۈرۈپ دەريانى بويلاپ تۆۋەندىكى ئېقىم تەرەپكە مېڭىپ كۆزدىن غايىب بولدى. مەتتوختىمۇ بىردەم گۆشۈيۈپ تۇرۇپ كېتىپ قالدى، شەپقەت قايتىپ كەلگەندە مۇنازىرە تېخى داۋاملىشىۋاتاتتى، ئابدۇغوپۇر دېگەنلەرنى جېنىنىڭ بېرىچە ئىسپاتلىماقچى بولاتتى. ئەركىن بۇ كۆزقاراش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، دەيتتى.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ سويمەك، — دەيتتى ئەركىننىڭ گەپ تاپالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇغوپۇر ئۆز يۇرتى پەددىسىگە ئۆچكە مەردىگەندەك ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈپ، — ئاكاڭ قارىغاي رۇسچە، خەنزۇچىنى ئىچىۋالغان مەن، تارىخچى مەن، ئەدەبىياتقا باشى دېگىنىم تاۋارىش، ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىنىسكىسى مەن، ئاغاڭ ئارخىلوگ بولسىلا سەن ھەممىنى بىلىپ كېتەلمەيسەن، ئاغاڭ مەشەدە بولسىغۇ مېنى شەكسىز ياقلايتتى.

— قانداش بولسا ئۆزئارا ئۇرۇشارمىدى؟ — دېدى ئەركىن تېرىكىپ، — ئاكا - ئۇكىلارمۇ ئۇرۇشىدىغۇ ئەخمەق، ئۇلارنىڭ تىلى، پىسخىك خۇسۇسىيەت، ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش شارائىتلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشاش. ئۇلارنىڭ تىللىرىدىكى ئاساسلىق سۆز - ئىبارىلەر، مورفولوگىيىلىك، گراماتىك ئالاھىدىلىكلەر ھازىرمۇ ئۇيغۇر تىلىدا، تۈركىي مىللەتلىرى تىلىدا ئاساسلىق ئورۇن تۇتىدۇ، ئۇلارنىڭ يىلتىزى، غولى بىر، ئۇلار بىر دەرەخ غولىدىكى ئوخشىمايدىغان شاخلار، قەبىلىلەر، ئۇلار قانداش، بارماق جىجەقلىرىدىكى سىرلىكمۇ بۇنىڭ شاھىدى، قۇملۇقلاردىن تېپىلىۋاتقان قەدىمىي قەبرىلەر، قۇرۇغان ۋە مومىيالانغان جەسەتلەر بۇنى ئۈزلۈكسىز ئىسپاتلاۋاتىدۇ، شەرقتە كورېيەدىن غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىياغىچە، شىمالدا سىبىرىيەدىن ئىدىل يەنى ھازىرقى ۋولگا دەرياسىدىن جەنۇبتا ...

— بەس ئاڭلىمايمەن! — دېدى ئەركىن قوللىرىدا قۇلاقلىرىنى ئېتىۋېلىپ، — جۇغراپىيە ساۋاتلىرىنى تالاشماقچى ئەمەسمەن، سەن قائىدە ئوقمايدىكەنسەن، تىلى يېقىن بولسىلا، بىر مىللەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋەرمەيدۇ. ياۋروپا ...

مۇنازىرە بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى، شەپقەت قولىدىكى ئورغىقىنى پولاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي چۆجە - خورازلار، ھەۋەسكار ئالىملار، ئەمدى ئىشقا چۈشەيلى، باشنى ئاغرىتماڭلار!

## 4

شەپقەتنىڭ تۇمانلىق مېڭىسىدە توختىماي چاقماق چاقاتتى. ئۇ خېلىدىن بېرى كەينىدىن توپان بالاسى، قارا بوران قوغلاۋاتقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ مەيدىسى ئاغرىپ، دېمى كېسىلىشكە ئاز قالدى، شىتابتىن چىققاندا سىمىلداشقا باشلىغان يامغۇر ئەمدى كۈچىيىپ كەتتى، شەپقەت دەسلەپتە يامغۇرنىڭ بوران - توپانلارنى بېسىۋېتىشىنى ئويلاپ خۇشالمۇ بولغان، ئەمدى بولسا يامغۇر تامچىلىرى يۈزىدە تاراسلاپ ئۇرۇلۇپ، يولنى كۆرۈشكە كاشال قىلىۋاتاتتى، دەممۇ - دەم تىنجىق شامال سوقۇپ قوياتتى، كۆڭلى ھاۋادىنمۇ پەرىشان، يول تاللىماي قوناقلىقلارنىڭ قىرلىرى بىلەنمۇ يۈگۈرۈۋەرگەچكە ئىشتان پۇشقاقلىرى لاي بولۇپ سۆزمە خالتىلىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى، دەسسەپ تۇرغىدەك ھالى قالمايۋاتاتتى، ھارغىنلىق گېلىنى، قورقۇنچ يۈرىكىنى سىقاتتى، كىچىكرەك بىر توغراقزارلىققا كەلگەندە، ئىختىيارسىز دەرەخ تۈۋىگە ئولتۇرۇپ قالدى، مېڭىسى بىردەم ئارام ئالسا ياخشى بولاتتى، بىراق بەدىنى ئارام ئالسىمۇ، مېڭىسى ئارام ئالىدىغاندەك ئەمەس، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى چىڭقىلىپ، كۆزلىرىدە ئوتلار ياناتتى،

كۆز ئالدىدا قايچىلىشىپ بىر چاقناپ، بىر ئۆچۈپ تۇرغان نۇر قىبلىچلىرى ئارىسىدىن بىردەم
شىتاب، بىردەم ئەترەت باشلىقىنى كۆرۈنۈپ يوقىلاتتى، قولاق تۈۋىدە ئەترەت باشلىقىنىڭ
«بۇ تۇتقۇنلارنى دېھقانلارغا تاشلاپ بېرىش كېرەك، قانغۇدەك كۆرەش قىلىپ پوخادىن چىقى-
ۋالسۇن!» دېگەن بۇيرۇقى ياڭرايتتى. بۇ بۇيرۇقنى ئۇ باياتىن شەپقەتنى شىتابقا چاقىرتىپ
يەتكۈزگەندى. ئەلۋەتتە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا مەتتوختى يېتەكچىلىك قىلىدۇ، بىراق تۇت-
قۇنلارغا شەپقەت نازارەت قىلىۋاتقانلىقتىن بولسا كېرەك، ئۇنى خەۋەرلەندۈرۈشكەندى، شەپ-
قەت بۇ بۇيرۇقنىڭ ئارقىسىدىكى يوشۇرۇن غەرەزنىڭ سۆرلۈك كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك بول-
دى، چۈنكى ئۇ بۇنداق «دېھقانلارنىڭ پوخادىن چىقىشى» نىڭ پۇت - قولى يوق بالا - قازاغا
يولۇقۇش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇ — گۇناھكارنىڭ بويىنىغا ئۆلۈمنامە ئېسىلدى دېگەن سۆز ئىدى،
دېھقانلارنىڭ جەبرى - جاپا، دەرد - دەشنام ئىچىدە ئەبجىقى چىقىۋاتاتتى. ئۇلار ھازىر موھتاجلىق،
ئاچ - يالىڭاچلىق، مەجبۇرىي ھەقسىز ئەمگەك، ئېتىز بېشى، كۆرەش يىغىنلىرى، بىرلەشمە جەڭ-
لەر، جانغا قادالغان ھاشارلار، قانلىق ئەلەم يىغىلىرىدىن جاق تويغان، ئورۇقلاپ قاقشالدەك
بولۇپ قالغانىدى، يەل بويىسى جان قىيقىپ ئىشلەپ ئاخىرى قۇرۇق نومۇر يېزىلغان كېرەك-
سىز دەپتەرنى چاڭگاللاپ لېۋىنى چىشلەپ قالاتتى، ئۆچمىنى ئالدىدىغان جاي تاپالماي بۇرۇختۇم
بولۇپ يۈرۈشەتتى، خەلق ئىگىلىكى گۇمران بولۇش گىرداۋىدا تۇرۇۋاتاتتى، ھەرقانداق جان
ئىگىسى تىرىكچىلىكىنىڭ ئامالى قالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشاتتى، ھەممىلا ئادەمنىڭ نېرۋىسى
بۇزۇلغاندەك ئىدى. ئۈستى - ئۈستىلەپ قىلىنىۋاتقان كۆشكۈرتۈشلەر ئۇلاردىكى «سادىدا ھېسسى-
يات» دەپ ئاتقو يۇلغان تەلۋىلىكنى قوزغايتتى ،بۇ تەلۋىلىك قوزغىلىپ غالجىرلىق دەرىجىسىگە
يېتىپ، تېگەپلا قالسا ئوت ئالدىدىغان ملتىق دورىسىغا، پارتلايدىغان يانار تاغقا ئوخشاپ قالغا-
نىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرەر كادىر، بىرەر زىيالىي ھەتتا ئادەتتىكى دېھقان بولسىمۇ «گىرۋەن-
دە» دەپ تاشلاپ بېرىلسىمۇ، كالىلىرى قىزىيتتى، كۆزلىرىگە قىزىللىق تېمىقلاتتى، ئاق - قارىسىنى
سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيلا پۈتۈن ئەلەم ۋە غەزەپلىرىنى شۇنىڭدىن ئالاتتى. تىل، مۇشت ۋە تې-
پىكلەردە ئانىسىدىن ئىنسان بولۇپ تۇغۇلغىنىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلغۇزۇۋېتەتتى، تەبەددىي قو-
پالماس قىلىۋېتىشتىنمۇ يانمايتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ قان تولۇپ كەتكەن ۋەھشىي كۆز-
لىرىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالاتتى. ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ بالىسى بولسىمۇ، دادىسى ھەتتا ئانىسى
بولسىمۇ ئاياپ قويمايتتى. شەپقەت ئاللاھەزەل بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى شۇنداق «پوخا-
دىن چىقىش» يىغىنىدىن بىرنى كۆرگەن. چەكتىن ئاشقان شوئارلارنىڭ قوترىتىشى، ھازازۇل
ئاكتىپلارنىڭ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىشلىرى ئارقىسىدا، شۇ قېتىممۇ دېھقانلارنىڭ غەزىپى پارتلى-
غانىدى، ئەسەبىيلىشىپ غالجىرلاشقان دېھقانلار يىرتقۇچلاردەك ۋەھشىي ئەلپازدا ئولىجىسىغا
تاشلىنىشتى، بۇ ئولجا شەھەردىن «ئۆزگەرتىش» كە چۈشۈرۈپ بېرىلگەن «كونا ئوكچى» كادىر
ئىدى. دېھقانلار ئۇنىڭ گېزىتخانىدا ئىشلىگەن «ئەكسىيەتچى يازغۇچى» ئىكەنلىكىدىنلا چالا -
بۇلا خەۋەر تېپىشتى، ئۇلارغا شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشاتتى، ئۇلار ئۇنىڭ بېشىغا قەغەز
كۇلا كىيگۈزدى، تىللاپ يۈزىگە تۈكۈردى، قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ قارلىغاچ قانىتى قىلىپ
باغلاپ كۆرەش قىلىشتى، بۇ «تىمك ئۇچار ئۇچقۇغا ئولتۇرغۇزۇش» دەپ ئاتىلاتتى، ئاندىن
پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى تونۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن چېچىدىن قامالاپ، بېشىنى كەينىگە

قايرىشتى، قاپاقلىرىنى يېرىپ ئېچىپ، مۇشتۇملىرىنى كۆرسىتىشتى، هايت - هۇيت دېگۇچىلا شىددەتلىك
مۇشت ۋە پەشۋا مۆلدۈرى ئاستىغا ئېلىشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەتراپلارغا مەشھۇر بولغان
«سۈر - توقاي قىلىش» يەنى «قوغلاپ زەربە بېرىش ئۇسۇلى» نى ئىشقا سېلىشتى، كىمدۇر ئۇنى
سۆرەپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ كەينىگە زەرب بىلەن بىرنى تەپتى، «يېزىنى ئايلىنىپ يۈگۈر!» دەپ
بۇيرۇدى. تىل - تاياقتىن گاراڭ بولۇپ قالغان ھېلىقى ئادەم كۆرسىتىلگەن تەرەپكە قاراپ جىپ-
ىنى ئالقىنىغا ئېلىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى، ئادەملەر يۈپۈرۈلۈپ قوغلاپ كېتىشتى. گۇناھكار مۇ-
دۇرۇمەسلىككە تىرىشاتتى، ئەگەر مۇدۇرۇلۇپ كېتىپ يىقىلىپ دەرھال تۇرالمىسا قوغلىغۇچىلار
كېلىپ قېلىپ تاياق ئاستىدا قالاتتى - دە، ئاسانلىقچە قوپالمايتتى، يىقىلمىغان هالەتتىمۇ ئىش يە-
ىلا قىيىن بولدى. كىم قوغلاپ يېتىۋالسا ئۇنى يەتكەن يېرىدە ئۇرۇپ يىقىتاتتى، تۇرالمىسا
سۆرەپ تۇرغۇزۇپ يۈگۈرتەتتى. قوغلىغۇچىلارنىڭ توختاۋسىز كالتەكلىشىدىن ساقلىنىش، ئازراق
تاياق يېيىش ئۈچۈن ئۇ جان - جەھلى بىلەن يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. قوغلىغۇچىلارنىڭ
بەزىلىرى توشقان قوغلىغاندەك قولىدىكى توقمىقىنى ئۇنىڭغا ئاتاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىبېشى تونۇغۇ-
سىز دەرىجىدە چاڭ - توپىغا مىلەنگەندى، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلاتتى، باش - كۆزىنىڭ يې-
رىلغان جايلىرىدىن قان تەپچىپ سىرغىپ ئاقاتتى، پۈتۈن بەدىنىدىن تەر قۇيۇلاتتى، شۇنداق-
تىمۇ ئۇنىڭ تەقدىرى ياخشى بولمىدى، ھەر يىگىرمە - ئوتتۇز چامدام ئارىلىقتا ئۇنى بىردىن يىگىت
كۈتۈپ تۇرغانىدى، ئۇ يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئالمىشىپ ئۇنى قوغلاپ
ئۇراتتى، كىمدۇر كارنايدا «ئۇرغۇلۇق ياۋنى سۈر - توقاي قىلىپ» دەپ ئۈزلۈك شېئىر
ئوقۇپ تۇراتتى. «سۈر - توقاي قىلىش» تاكى ھېلىقى ئادەم دۈم چۈشۈپ ئورنىدىن
قايتا تۇرالمىغىچە داۋاملاشتى، ئۇ ھالسىزلانغان، ئاغزى - بۇرنىدىن قان كەتكەنىدى،
يىغىندىكىلەر تارقىلىشقاندىن كېيىن خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنى بىر تاغار ئوغۇتنى سۆرىگەن-
دەك سۆرەپ ئاپىرىپ كالا قوتىنىغا تاشلاپ قويۇشتى، شۇ يەر ئۇنىڭ تۇرالغۇسى ئىدى، ئۇ
شۇ يىقىلغان پېتى قايتا ئۆرە تۇرالمىدى، ئەتىسى ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى، تەك-
شۈرۈشلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئارقىلىق ئىنقىلابىي ئاممىا بىلەن داۋاملىق
قارشىلاشقانلىق» چېكىدىن ئاشقان جىنايىتىنى ئېنىقلاپ يەكۈنلىگەن بولدى. سىنىپىي دۈشمەن-
لەرنىڭ ئۆلگىچە مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئاممىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى،
ئۇنىڭ جەسىتى پاكىت سۈپىتىدە سۆرەپ تارتقۇشلىنىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن،
يېزا چېتىگە كۆمۈۋېتىلدى. «ئەتىكى پۇخادىن چىقىش» يىغىنىنىڭ بۇ ئىككى تۇتقۇنىنىڭ بېشى-
غىمۇ ھېلىقى مەرھۇم كۆرگەندىن بەتتەر پاجىئە كېلىدىغانلىقى ئايدەك ئېنىق ئىش ئىدى. شەپ-
قەتكە گويا يەر تەۋرەۋاتقاندەك تۇيۇلدى، يەنە ھەممە نەرسە غايىب بولدى، ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى.
يامغۇرلۇق ئېتىزلار تۈتەك ئىچىدە ئاقۇش ھورغا پۈركۈنۈپ كۆز يېتىم يەرگىچە سوزۇلۇپ
ياتاتتى، ئۇ ئېسىنى ئەستە يىغدى، بىراق كۆڭلىدىكى ۋەھىمە، ئەندىشە تارقالمىدى، تېز - تېز
ماڭدى، لېكىن ئاياغلىرى بىرنەچچە قېتىم بىر - بىرىگە پۈتلاشتى، بېشى ئايلىنىپ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق
تىقىلدى، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە چۆگىلەيتتى، دەسسەپ تۇرغان يەرمۇ كۆمتۈرۈلۈپ كېتىدى-
غاندەك ئىدى. ئۇ توختاپ يۈزىنى ئاسمانغا قىلىپ يامغۇرغا تۇتتى، شارقىراپ چۈشۈۋاتقان يام-
غۇرنىڭ سۈيى يۈز - كۆزىنى بىردەم يۇغاندىن كېيىن كاللىسى بىرئاز سەگىگەندەك بولدى،

مەستەك دەلدەڭشىپ يەنە ئالغا ماڭدى.

شەپقەت يالقۇنچىلارنىڭغۇ ياخشى كۆرمەيتتى، بىراق قاراپ تۇرۇپ ئۇلارنى قىيناشقا، جان ئازابىدا تولغاندۇرۇپ ھۇزۇر ئېلىشقا چىدىمايتتى. ئۇ ئىنسان ھوقۇقىنى، كىشىلىك قەدىر-قىممەتنى ھۇرمەتلەشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلاردىن ئىدى، ئادەم دېگەن يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە، ئەڭ كاتتا بايلىق، ئۇلۇغ ئانا مال، ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى ئېتىراپ قىلىش لازىم دەپ ئويلايتتى، ئۇ ئالەمدە ھېچكىم ھېچكىمنى بوزەك قىلمايدىغان ھەقىقەتپەرۋەرلىك ئورنىتىلىشىنى تىلەيتتى. ھەرقانداق ياۋۇزلۇققا ئاقكۆڭۈللۈكنى يول قويمايتتى، ئادەملەرگە ئازار بېرىشتىن ۋىجدانى ئازابلىناتتى. ئەپسۇسكى، بۇ ئاقكۆڭۈللۈك، بۇ ئازاب بىرقەدەر ھېسداشلىق، ئېچىنىش، يوشۇرۇن نارازىلىق ياكى بىرنەچچە ئېغىز سۆزدە ئىپادىلەنگەن يومشاق قارشىلىق بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئۇ ھېچقاچان قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىشتەك جۈرئەتكە جاسارەتكە ئىگە بولۇپ باقمىغان، شىتابتىكى بۈگۈنكى ئۇچرىشىشمۇ ئاساسەن شۇنداق بولدى. ئازراق پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ھەر قېتىمقىدىن قاتتىقراق بىرنەچچە ئېغىز سۆزدە نارازىلىق بىلدۈرۈشكە غەيرەت قىلدى. ئەترەت باشلىقى قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— مەن يېقىنقى بىر ۋەقەنى ئېيتىپ بېرەي، سىز ئويلاپ بېقىڭ: بىزنى قوللىغان ھاكىمنى يالقۇنچىلار كېچىدە تۇتۇپ كېتىپتۇ، قاراڭغۇ ئۆيگە ئەكىرىپ يالىڭاچلاپ تورۇستىكى لىم ياغاچقا بارماقلاپ ئېسىپتۇ، ئاندىن نۆۋەتلىشىپ سىم قامچىدا پۇخادىن چىققىچە ساۋاپتۇ، دۈمبىسىنى پىچاقتا قوغۇن تىلغاندەك تىلىم-تىلىم قىلىپ قانغا بويىۋېتىپتۇ، قاسساپلارنىڭ كانارىدىكى تۆمۈر تاغاقتا تارتىغاندەك يول-يول قىلىۋەتكەن گۆشلەرنى كۆرگەنمىدىڭىز، دەل شۇنداق قىلىۋېتىپتۇ، ئاندىن كېيىن بۇ ۋەھشى ئادەم قاسساپلىرى ھاكىمىمىزنىڭ قارىغۇسىز دەرىجىدە تىتما-تالاڭ بولغان دۈمبىسىگە باشتىن-بوي ماتا چاپلاپتۇ، بىر كېچە-كۈندۈز تۇرغۇزۇپ جاراھەت ماتا بىلەن بىرىكىپ قاتقاندىن كېيىن ماتانى بىرچەتتىن تۇتۇپ، كۈچەپ تارتقان ئىكەن، ھاكىم داد-پەرياد كۆتۈرۈپتۇ، دۈمبىسىنىڭ ھەممە تېرىسى بىراقلا سويۇلۇپ چىقىپتۇ، قىپقىزىل گۆشتىن قان دەسلەپ تەپچىرەپ، كېيىن شۇرقىراپ، ھاكىمىمىز، ئاكىمىز، جان-جىگەرىمىز، نۇر يۈزلىكىمىزنىڭ جېنى مىڭبىر ئازابتا چىقىپتۇ، مەن شىمالدىمۇ بولغان، ئادەملەر شىماللىقلارنىڭ قىشتىكى ئىت ئۆلتۈرۈشنى ۋەھشىلىك دەيتتى، ئۇلار كېتىۋاتقان ئىتنى ئۇزۇن ساپلىق تۆمۈر ئىلمەكتە بۇرنىدىن ئىلىۋېلىپ، بىرلا تارتىپ تېرىسىنى پۈتۈن پېتى سويىۋېلىپلا، ئۆزىنى تىرىك يالىڭاچلاپ قويىۋېتىدىكەن، يالقۇنچىلارنىڭ قىلغىنى ئۇلارنىڭكىدىنمۇ ۋەھشىرەك ئىشقۇ؟!

بۇ پاجىئەنى ئاڭلاپ شەپقەت ئەس-ھوشىنى تامامەن يوقىتىپ قويدى. ھاكىم ئۆلۈمىنىڭ ئېچىنىشلىق ھەققىدىكى خەۋەرنى بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئۇ بەزىلەردىن ئاز-تولا ئاڭلىغان، لېكىن بۇنداق تەپسىلىي ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ لەۋلىرى ئاران قىمىرلىدى:

— ۋەھشىيلىك!

— ئۇلارنىڭ بۇ ئوتتۇرا ئەسىرچە ۋەھشىيلىكىگە بىز قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرىمىزمۇ؟

— ۋەھشىيلىككە ۋەھشىيلىك بىلەن قارشى تۇرۇش ئاقلانىلىق بولماس.

— يۈزدە-يۈز ئاقلانىلىق!...

شەپقەت يەنە نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، ئەترەت باشلىقىنىڭ

كۆزلەرىنىڭ سۆرۈلمشىپ، رەھىمسىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كېيىنىڭ ئاخىرى چىشلىرىنىڭ
ئارىسىدا قالدى، قارشىلىشىشقا قۇربى يەتمىدى. ئاق كۆڭۈللۈكتىكى ئۆزىگە خاس بوشاڭلىقى
ئۆزىنى كۆرسەتتى. چىرايى تاتاردى، سارغايدى، ئۇ دەلدەڭشىپ ئاغرىق ئادەمدەك ئورنىدىن تۇر-
دى، تىلى تۇرالماستىن تامغا يۆلەندى، چىشلىرى كىرىشكەندەك، بەدىنى دىرىلدىگەندەك بولدى،
پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ ئالمان - تالمان ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئۇ ئەركىن
قاتارلىق سەپداشلىرىغا يەتكۈزدۇ، كېچىچە تېكشىلىك تەييارلىقلار كۆرۈلدۇ، ئەتە ئەتىگەندە
مەتتوختى كېلىپ دېھقانلارنى توپلاپ «يۇخادىن چىقىش»نى باشلايدۇ. دېھقانلار بالا - قازا-
نىڭ ئۆزلىرىگە يۇقۇپ قېلىشىدىن قورقىدۇ، دېھقانلارنىڭ نەزىرىدە پالاكەتنىڭ پالا-
كەت باسقانلار بىلەن كەتكىنى تۈزۈك. نەقدىر مۇ تاللايدۇ - دە، ئاخىرى دېھقانلار ئۇلارنى ئۆز-
لۈكىدىن تۇتۇپ چىقىقىنى يوققۇ، كىم ئۇلارغا تەتۇر پىشانە بولسۇن دەپتۇ، ئۇنداق پايتىمىسنى
تەتۇر يۆگىگەنلەرنىڭ كۆرەر كۈنى قىيامەت، ياتار جايى قاراڭغۇ گۆر بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئۆز-
لىرىگە شامال دارىمىسىلا بولغىنى. شەپقەتنىڭ كۆزىگە ساۋۇت بىلەن ئابدۇغۇپۇرنىڭ ئىتلار قوغ-
لىغان توشقانلاردەك ئوي - دوڭغۇللارغا قارىماي بەدەر قېچىۋاتقان، كەينىدىن دېھقانلارنىڭ ئۇر كال-
تەك - سۈر كالتەك قىلىپ ۋارقىرىشىپ قوغلاپ كېتىۋاتقان مەنزىرىسى كۆرۈنگەندەك بولدى، ئاھ، نېمىدېگەن
دەھشەت. ئۇ ئۆيگە قايسى يۈزى بىلەن كىرەر، ئىچىگە ۋەھشىي ياۋايىلىق يوشۇرۇنغان بۇ قىسقىغىنا دەھ-
شەتلىك خەۋەرنى سەپداشلىرىغا قايسى ئاغزى بىلەن يەتكۈزەر؟ ئاق كۆڭۈل ئاقساقال بوۋايغا،
بۇلاق كۆز نازۇك ساھىپجامالغا نېمە دەيدۇ؟ ئۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالىغۇدەك ھالدا ئە-
مەس ئىدى، شىتابتىن ئۆزىنىڭ قانداق يۈگۈرۈپ چىققانلىقىنى، ئىشىك ئالدىدا تېيىلىپ يەنە
قانداق تۇرغانلىقىنى، ئۇدۇل كەلگىنىچە ئېرىقلارنى ئاتلاپ، زىرائەتلەرنى دەسسەپ، چاتقاللار-
نى قايرىپ ئۆتۈپ يۈگۈرگەنلىكلىرىنى بىلمەيتتى، سۆھبەتتىن كېيىنكى ئىشلاردىن ئېسىدە قال-
غىنى يامغۇرنىڭ شارىلدىشى بىلەن پاتقاقنىڭ شالاپلىشىلا ئىدى. بۇ ئۆتكەندىكى ئىشلارمۇ ياكى
چۈشىدىكىمۇ پەرق قىلالمايتتى، چۈشى بولۇشنى، بۇ چۈشتىن بۇرۇنراق ئويغىنىپ كېتىشنى ئار-
زۇ قىلاتتى. بەلكىم بۇ ئىسسىتمىسى ئېشىپ قالغانلىقتىن ئوڭىدا كۆرۈلۈۋاتقان قارا بېسىش بو-
لۇشى مۇمكىن، ئادەم دېگەن ئاغرىپمۇ قالىدىغۇ.

يامغۇر توختىماي ياغاتتى، سوغۇق شامال يۈزىگە ئۇرۇلاتتى، شەپقەت ئىچىگە بىر تىترەك
كىرىۋالغانلىقىنى سەزدى، ساۋۇتلارنىڭ جان تالىشىپ ئازابلىنىشىنى كۆرۈشكە ئۇ قانداق چىدايدۇ،
ئۆزى قول سېلىپ قىينىشىپ بېرىدىغى كېرەكمىش تېخى، ئۇ — شەپقەت ئۆمرىدە ئادەم تۇگۇل
بىرەر قۇشقاچنىمۇ تۇتۇپ، قىيناپ باقمىغان تۇرسا، بۇنداق قىيناقنى كۆرۈشنى خالاشنىڭ ئۆزى
بىر روھىي رەسۋاچىلىقتۇ، قارا يۈرەك رەھىمسىزلەرگە مىڭ لەنەت! ئۇلاردا نېمىشقا تېرىقچە
ئىنساب، تىرناقچە ئىنسانلىق يوقتۇر پەرۋەردىگار!... ھەي، بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماسلىقنىڭ
بىرەر ئامالى بارمىدۇ؟ ئۇنى بۇيرۇقدار لىلۇەنشى شەخسەن ئۆزى چۈشۈرگەن تۇرسا، ئۇ ئار-
لاشقان ئىشنى رەت قىلغىلى كىمنىڭ ھەددى ئىدى؟! لىلۇەنشىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن يىغىن
ئېسىگە كەلدى، ئۇ نەچچە مىڭ دېھقان قاتناشقان سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئىدى. شەپقەت مۇنبەر-
گە يېقىن جايدا ئولتۇراتتى. لىلۇەنشى ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى توغرىسىدا يەر-
نى تېپىپ، شىرەنى مۇشتلاپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ جان - جەھلى بىلەن سۆزلەيتتى. بىرچاغدا ئۇ

ماگقىسىنى ئىچىگە تارتىپ يۈتتى - دە، دەستىسىگە قىزىل لاتا باغلانغان ئۇزۇن خەنجىرىنى چە-
قىرىپ بىر ئۇرۇپلا شىرەگە سانجىدى. قاتتىق بىر ۋارقىراپ بولۇپ ئىمىشقىدۇر ئاۋازلىق يەل قو-
يۇۋەتتى. يېقىن ئەتراپتىن كۇلكە كۆتۈرۈلدى. تۇكۇردى، «ئاناڭنى!...» دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ
يېنىدىكى ئورۇندۇقنى بىرلا تېپىپ تاراقلىتىپ ئۆرۈۋەتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ قايناشقا باشلىغان قا
زانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك شىپپىدىلا بېسىلدى، لىلۇەنشى مەردانە ئۇتقىنى يەنە توسالـ
غۇسىز داۋاملاشتۇرۇۋەردى. شەپقەت كېيىنرەك لىلۇەنشىنىڭ ئاددىي ئادەم ئەمەسلىكىنى چۈ-
شەندى. ئۇ ئەسلى ۋىلايەتلىك سىفەنىنىڭ بوغالتىرى ئىكەن. كېيىن خىيانەتچىلىكى پاش بو-
لۇپ قالغاندىن كېيىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپتۇ. سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئاخىرلاشقاندا،
كۆكتال كەنتى قاراشلىق گۇڭشېنىڭ پارتكوم شۇجىسى بولۇپتۇ. كەنتتە دېھقانلارنى تىللاش،
ئۇرۇش، قارىغۇ ئۆيگە قاماپ ئۇر - ئۇر قىلىش، ئېرىنى ھاشارغا ئەۋەتىپ خوتۇنىنى بوزەكلەش-
تەك قەبىھلىكلەرنىڭ ئەۋجىگە چىققىنى شۇ مەزگىلگە توغرا كېلىدىكەن. ئۇنى ھازىر «كەلكۈن»
تەشكىلاتىنىڭ باش بۇيرۇقدارى، دېھقانلار قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن بۇيرۇقدارى، يەنە
تېخى ۋىلايەتلىك خەلق قوغداش گۇرۇپپىسىنىڭمۇ ئەزاسى دېيىشىدۇ. ئېتىش - چېپىش ھوقۇ-
قى قولىدا. ئۇ بىكارغا ئىسمىنى دۇنيانى قالايمىقان قىلغۇچى دېگەن مەنانى بېرىدىغان «لۇەن-
شى» گە ئۆزگەرتمىگەن - دە، ئۇنىڭدا شۇنداق ئالەمنى مالەم قىلىشتەك يۈكسەك نىيەت، ئۇ-
لۇغۋار ئىرادە بار. ئۇنىڭ نامى شۇ قەدەر قۇدرەتلىككى، ئاڭلىسىلا يىغلاۋاتقان بالىلارمۇ يىغى-
سىدىن توختايدۇ. ئۇنىڭ كېيىنى يىرغىلى شەپقەتتە ئاتنىڭ كاللىسىدەك يۈرەك بارمىدى؟ شەپ-
قەتتەكلەر ئۇنىڭ بىرتال مۇيىغىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇ تۇگۇل ئۇنىڭ يۈزى داپتەك يوغان، سېمىز
خوتۇنىمۇ ئۆزىنى مۇشۇ ئۆپچۆرىدىكى بارلىق خوتۇن زاتىنىڭ سەركىسى ھېسابلايدۇ، تېرىسىگە
پاتماي ئۆردەكتەك ئېغىناقلاپ، ۋارقىراپ ماڭىدۇ. بۇنداقلارغا خۇدا ئۆزى تەڭ كەلمىسە بەندە
تەڭ كېلەلەمتى؟ كىشىنىڭ قىساسى كىشىدە قالماس، ئايىنىڭمۇ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا، ئون بەشى
يورۇق بولىدىغۇ. تەقدىر ئۆزى تەگشەر... ئى خۇدا، يامغۇرنى بولسىمۇ ئۇزۇلدۇرمە، چېلەك-
لەپ تۆكۈۋەرگىن. ئاسماننىڭ تۆۋىنى تېشىۋەتسەڭمۇ مەيلى، ھېچبولمىغاندا شەپقەت «ئۆپكەمگە
سوغ تەگدى» دەپ يالغان يۆتىلىپ يېتىۋالىدۇ. كۆرەش يىغىنى دېگەن تۇتەك پەردىسىگە
يوشۇرۇنغان ئەتىكى جازا مەيدانىغا بارمايدۇ، نېمە قىلسا ئۇلار ئۆزلىرى قىلىۋالامدۇ. ئۇ ئا-
رىلىشىپ قالمىسىلا، گۇناھقا شېرىك بولمىسىلا بولدى. چەتتىن كۆرگۈچى بولسىمۇ ياخشىراق ئى-
دى، ياق، ياق. كۆز بىلەن كۆرۈشكىمۇ تاقىتى يەتمەيدۇ. ئى تەقدىر پەلەك، ئادەم بىلەن قې-
رىشمىساڭ نېمە بولار؟ يامغۇر تورلىرى ئارىسىدىن شەپقەتنىڭ كۆزىگە بىردىنلا ساۋۇت بىلەن
ئابدۇغوپۇر كۆرۈنگەندەك بولدى، ئۇلار نېمىشقىدۇر قوللىرىدا يوغان بىر ھەيكەلنى كۆتۈرۈۋال-
غانىدى. ئابدۇغوپۇرنىڭ ئاغزى بېسىلماي مىدىرلايتتى، بىراق ئاۋازى چىقمايتتى... بېچارىلەر،
شەپقەت ئەتە ئەتىگەندە جازا مەيدانىغا بارمىغىنى بىلەننۇ ئۇلار ئوخشاشلا پاجىئەگە دۇچار بو-
لۇۋېرىدىغۇ، بايقۇشلار، ئۇلارنىڭ شۇنچە نېمە گۇناھى بار ئىدى؟ ئېغىر جىنايەتلىرىمۇ پاش بو-
لۇپتىمىش، مەتتوختى ئۇلارنىڭ جىنايى ماتېرىياللىرىنى ئالغىلى باش شتابقا لىلۇەنشىنىڭ قېشىغا
كېتىپتىمىش. چۈمۈلىگىمۇ ئازار بېرىشتىن قورقىدىغان بۇ ئىككى ترخۇ يۈرەك ئاسماننى ئۈگدا،
يەرنى دۈمدە قىلدۇەتكەندۇ، تايىنلىق. شەپقەت مېيىغىدا سوغۇق كۈلۈپ قويدى. ئۇلار ئائىلە

كېلىپ چىقىشلىرىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتقاندەك قىلىۋىدى، ھەقىچان ئىتنىڭ كۈچۈكى،
چەتكە باغلانغان ئۇلىسۇر، ۋەتەن خائىنى، ئەق ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەنىدەك مودىغا ئايلانغان
ماتېرىياللار تېپىلىشقا باشلار. شەپقەت بۇنداق ماتېرىياللارنىڭ قانداقسىگە چاپسان پەيدا بولۇش
لىرىنىمۇ تولا كۆرۈپ چۈشىنىپ كەتكەن. بۇنداق پاكىتلارنىڭ تېپىلىشى چاپسان، ئىشەنچلىكلىكى
مۇتلەق، سالمىقى چەكسىز بولاتتى. مەڭگۈ ئاغدۇرۇلمايتتى... ئۇ ياقىسىنى چىڭ سىقىمداپ ئاس-
مانغا قاراپ، ئاندىن دەلدۈگۈلۈپ يەنە ماڭدى. ئۇنىڭ پۈتۈن يۈرەك - باغرى ئەلەم - زەرداپ-
قا تولۇپ كەتكەنىدى. شەپكىسىدىن ساقىۋاتقان سۇ تامچىلىرى مەڭزىدىن سىرغىپ ئاقاتتى. ئۇ-
نىڭ بۇلار بىلەن كارى بولغىنىدەك ھەپسىلىسى قالمىغانىدى. ئۇ باشقا نەرسىلەرنى ئويلاشقا زور-
لىنىپ باقتى. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر قىزنى ئويلىماقچى، ئۇنىڭ خۇما كۆزلىرىنى كۆز ئال-
دىغا كەلتۈرمەكچى بولدى، كەلتۈرەلمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا يىراقتىن ئېغىر قوغۇشۇن بۇلۇتلار باس-
قان ئۈپۈقنىڭ نېرىسىدىن، گۈلدۈرماما ئاۋازلىرى ئارىسىدىن ئەترەت باشلىقىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋا-
زى ئاڭلانغاندەك بولدى:

— ئۇلار جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دەپ توۋلايتتى ئەترەت باشلىقى بوم
ئاۋازدا دۈۋدەك گۈركىرەپ، — يالقۇنچى باندىتلار تونۇگۈن كېچە بىزنىڭ «سەكرەش» ئىشلەپ-
چىقىرىش دادۈيىمىزگە باستۇرۇپ كىردى، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئۆيلەرگە ئوت قويۇپ، بىر مە-
ھەللىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋەتتى. ئىككى نەپەر باتۇرىمىزنى ئۆلتۈردى، بىر كىچىك بالا كۆ-
يۈپ كەتتى، تۆت ئادەم يارىلاندى. تېخىمۇ قەبىھ بولغىنى شۇكى، ئۇلار بىزنىڭ ئەسىرگە چۈش-
كەن بىر ئادىمىمىزنى قىيناپ ئۆلتۈردى. بىزنى قوللىغان ھاكىمنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇۋال-
دى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ رەڭگە تۇتۇلغان بۇ ئىككى ئادىمىنى ئەدەپلەپ «ساۋاق» بېرىپ قويمىساق
بولمايدۇ، قىساس ئالمىساق بولمايدۇ، قىساس!...

شەپقەتنىڭ قۇلىقى تۇۋىدە «قىساس» دېگەن سۆز تەكرارلىنىشقا باشلىدى. دەسلەپتە ئاس-
تا - ئاستا، كېيىن بارغانسېرى كۈچىيىپ يامغۇرنىڭ شارقىرىشىنى بېسىپ كەتتى. گۈلدۈرمامىنىڭ
گۈلدۈرلىشىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. گويا ھەممىلا يەر، جىمىكى كائىنات «قىساس!» دەپ توۋلاشقا
باشلىدى. ئاھ، قىساس، قىساس، كىمدىن ئېلىنماقچى بۇ قىساس؟ قويدەك يۇۋاش ئىككى ئىنسان-
دىنمۇ، بىلىملىك ئىككى مۇئەللىمدىنمۇ؟ ئۇمىدلىك سەنئەتكار ۋە تەتقىقات ھەۋەسكارلىرىدىنمۇ؟
ھەيكەلتاراشلىق، كۆيشۇناسلىق، نەزەرىيىچىلىك مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈ-
رۈپ بېرىدىغان مۇھىم ئامىل ۋە بەلگە ھېسابلانمامدىكىن؟ مىللەتنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىشەنچىنى
ئاشۇرۇشتا رول ئوينىمامدىكىن؟ شەپقەت بىرەر ئادەمنىڭ شۇنچىلىك بىلىدىگە، ئىقتىدارغا ئېرىش-
شى ئۈچۈن قانچىلىك ئەقىل - پاراسەتكە، جاسارەتكە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى تەخمىنەن بىلەتتى.
قانچىلىك ئەجىر، جەۋرى - جاپا مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى خىرە قىياس قىلالايتتى.
ساۋۇتنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تالانتى، ئابدۇغوپۇرنىڭ ئىزدىنىش تىرىشچانلىقلىرى بىرتىيىن بولماق-
تا، بىھۇدە خاراب قىلىنماقتىمۇ؟ تالانتلىق، بىلىملىك بولۇش گۇناھمۇ؟ ئىقتىدارسىز، بىلىمسىزلەر
نېمىشقا قەدىرلىنىدۇ؟ نېمىشقا دۇنيادا ئەقىللىقلەر بەختسىز، دۆت - كالۋالار پېشكەلسىز بولىدۇ؟
ئابدۇغوپۇر دائىم تەكرارلايدىغان «ئەقىللىقنى ئاپەت باسار، ئەقىلسىزنى ئامەت» دېگەن يەكۈن-
نى بىر قانۇنىيەت دېيىشكە بولامدۇ؟ بىرەر مىللەت، بىرەر دۆلەت زادى قانداق ھالەتكە چۈشۈپ

قالغاندا، ئۆزىنىڭ تالانتلىق، بىلىملىك ئادەملىرىنى كېرەك قىلماي چۆرۈۋېتىدۇ، دەپسەندە قىلىدۇ؟ قانداقتۇ شەخسلەرنىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرىنىڭ قىساس قۇربانى قىلىپ بېرىدىغان بولۇپ قالىدۇ؟ قىساس، قىساس! ئۇ قايسىدۇر بىر كىتابتىن ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى لېۋ. تولستوينىڭ «قىساس ئېلىش ياۋايىلىقتۇر» دېگەن سۆزىنى ئوقۇغانلىقىنى ئەسلىدى. بۇ سۆز ئۇنىڭ ئېڭىغا قاتتىق تەسىر قىلىپ، يۈرىكىگە ئورناپ قالغانىدى. شۇنداق، شەپقەت قىساس ئېلىشنى تەشەببۇس قىلمايدىغان ئادەم. لېكىن قىساس ئالغاندىمۇ، ھېچبولمىغاندا نىشان، كەدىنىدە قىساس بار ئادەم بولۇشى كېرەكتە. قىساس! شەپقەت قوللىرىدا قۇلاقلىرىنى مەھكەم تۇتتى. بىراق «قىساس!...» دېگەن سادا بېسىلمىدى. يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى. ئۇ قۇلاقلىرىنى چىڭ ئەتكىنىچە، جېنىنىڭ بېرىچە يۈگۈرۈشكە باشلىدى، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بۇ لەنىتى ئاۋازدىن بىردەمگە بولسىمۇ مېڭىسىنى قۇتقۇزۇش كېرەك ئىدى.

5

ئۇ قاش قارايغاندا ئۆيىگە كىرىپ كەلدى.

ئۆي ئىچى سوغ ئىدى. سابىر بوۋاي سۇپىنىڭ تۆرىدىكى يىرتىق كۆرپە ئۈستىدە يانپاشلاپ ياتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ساۋۇت دۇتار تەڭشەۋاتاتتى. ئابدۇغوپۇرنىڭ ئاۋازى يەنىلا چاڭىلدايتتى. ھاۋا يامان بولغاچقا ئۇلار ئىشتىن بالدۇرلا چۈشكەنىدى. ئابدۇغوپۇر ئەركىن بىلەن مۇنازىرىلەشكەچ شاھمات ئويناۋاتاتتى. بىر ئۇرۇقنى يۆتكەپ قويۇپ، چارەك سائەت سۆزلەيتتى. سۆز بۇنىڭدىن بەش - ئالتە مىڭ يىل ئىلگىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى قەدىم ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈستىدە باراتتى.

شەپقەت بوسۇغىدىن ئاتلاپلا تۇرۇپ قالدى. ساۋۇت بىلەن ئابدۇغوپۇرنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. يان ئۆيدىن چىققان ساھىپجامال ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قانسىراتقان ئۆپكەدەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندىمۇ ياكى سوغۇق تەككۈزۈۋالغاندىمۇ دەپ پەرىشان بولدى. «ئىگىنلىرىنى يەڭگۈشلىۋالىلا»، «ئوت يېقىپ بېرەيمۇ؟» ۋەھاكازا دەپ كۆيۈپ پىشتى. لېكىن شەپقەت ئۈنچىقمىدى، پەگادا خېلىغىچە زۇۋان سۈرمەي تۇتقۇنلارغا قاراپ تۇردى. تۇتقۇنلارنىڭ بولسا پەرۋايى پەلەك ئىدى. شەپقەتنىڭ كۆز ئالدىدا ئەترەت باشلىقىنىڭ مۈز يېغىپ تۇرغان چىرايى يەنە پەيدا بولدى، بۇلارنى بۈگۈن كېچە قاماش، ئەتە ئەتىگەندە...

شەپقەت كېسەل ئادەمدەك ئېغىر ئۇھ تارتتى. ساھىپجامال ئېلىپ چىققان كىيىم - كېچەكلىرىنى كۆتۈرۈپ يان ئۆيگە ماڭدى. دېمىسىمۇ ھۆل كىيىمدە توخۇئەت بولۇپ كەتكەنىدى. بىراق پۇتلىرى ئىختىيارىدا ئەمەستەك ئۆزىگە ياخشى ئىتائەت قىلمايتتى. ھېلىقى بۇيرۇق قىزىق پىچاقتەك يۈرىكىنى قوچۇيتتى، كۆكرىكىنى تۈگمەن تېشىدەك بېسىپ مۇجۇيتتى. قانداق قىلسۇن؟ شۇم خەۋەرنى بۇلارغا ئېيتسۇنمىكىن؟ ياق! بۇنداق رەھىمسىزلىكنى قىلىشقا ئۇنىڭ يۈرىكى چىدىمايدۇ. ھېچنىمىگە ئارىلاشمىغانمۇ تۈزۈك. ۋەزىيەتنى نېرى - بېرى قىلالايدىغان ھوقۇقىمۇ يوق. ئۇنىڭ مېڭىسى قارىمۇ - قارشىلىقلار بىلەن تولغانىدى. يارەببىم ھەر ئىشنىڭ يولىنى ئۆزەڭ قىل!

كىيىم ئالماشتۇرۇپ، شەپقەت بىر ئاز ئوڭلانغاندەك بولدى. غىزا ئاللىقاچان يېيىلىپ بولغانىدى. ساھىپجامال ئۇنىڭ تامىقىنى ئىسسىتىپ كىردى. بىر قاچا ئوماچ بىلەن يېرىم زاغرا ئىدى،

ئۇ مىلىق مۇشەققەتتە ئۇماچىنىلا ئىچەلىدى. گېلىدىن بىرنەرسە ئۆتمەيتتى.

يەنە بىرئاز ۋاقىت شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. شەپقەتنىڭ يالغانچىلىق، ساختىپەزلىككە يات تەبىئىتى ئاخىرى يەنە ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئۇ تىلى بارماي تەسلىكتە ئەتە ئەتىكى تۇتقۇنىنىڭ چوڭ يىغىندا كۆرەشكە تارتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۆزىگە گويا ئاغزىدىن سۆز ئەمەس ئوت چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كېيىنىڭ ئاخىرىنى قايغۇ - ئازاب ئىچىدە پىچىرلاپ تۈگەتتىپ يىغلىۋېتىلا دەپ قالدى. ئۇنىڭ ئاۋازىلا ئەمەس، ئۆزىمۇ تىترەۋاتاتتى. ئۇ بۇ كۆرەش يىغىنىنىڭ پەردىسى ئارقىسىدا قورقۇنچلۇق خەۋپ يوشۇرۇنغانلىقىنىمۇ پۇرۇتۇپ ئۆتتى، ئۆي ئىچىدىكىلەر ئىمتاسلىق ئىچىدە قېتىپ ئولتۇرۇشاتتى. پەقەت پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بۇ ئوشتۇمتۇتلىققا بولغان ئەجەپلىنىش ۋە سوئال ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ ئاشۇ مەتتوختى دېگەنىنىڭ قىلغان ئىشى. كەپتە ئۇتتۇرۇپ قويۇپ ئۆچ ئېلىۋاتىدۇ، ناكەس نەرسىكەن، — دېدى ئابدۇغوپۇر ئوغىسى قايناپ، — سوئال - سوراق قىلمىز دەپ سۆرەپ يۈرۈشتى، ئىشلىتىمىز دەپ يېلىكىمىزنى قۇرۇتتى. ئەمدى بۇ يەنە نېمە گەپ؟ بىز قاچانغىچە ئۇلارنىڭ دۈمبىقى بولىدىكەنمىز، ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپسە بولامدۇ؟

— بۇ بىر پالاكەت، — دېدى ئەركىن خۇرسىنىپ.

— پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆگىلەۋاتىدۇ، — دېدى سابىر بوۋاي، — بۇ جاھاندىغۇ ئەزەلدىن ئاقىلارغا كۈن يوق، كالۋالارغا ئۆلۈم...

— بۇ راست گەپمۇ شەپقەت؟ — دېدى ئابدۇغوپۇر بوۋاينىڭ كېپىنى تارتىۋېلىپ گۇمانسىرىغان ئاھاڭدا، — ياق، ئۇنداق رەھىمسىز كۆرەشكە تارتقۇدەك بىزنىڭ نېمە جىنايىتىمىز بار؟ كۆرەش قىلسىمۇ ھېچنېمە قىلالماس، ھەددىمەدى؟ — ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلغاندەك بولدى.

— بىر ئامال قىلىڭلار بالىلىرىم، — دېدى سابىر بوۋاي ئاچچىقىنى بېسىشقا تىرىشىپ، — قاپقانغا چۈشكەن كېيىكتەك ئۇۋچىنى كۈتۈپ يېتىۋېرىشكە بولمايدۇ، بۇ دەيۈزلەرنىڭ يۈرىكىدە چايان قۇتراپتۇ. بوۋاينىڭ يۈز مۇسكۇللىرى ئەسەبىيلەشكەندەك تىترەپ كەتتى.

ساھىپجامال بىر ئاھ ئۇردى - دە، بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەردىن خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى ئالقانلىرىدا يېپىۋالدى.

شەپقەت ساۋۇتقا قاردى. جىن چىراغ يورۇقىدا ساۋۇتنىڭ يۈزىدىكى نۇر پارقىرايتتى. لېكىن بۇ نۇر قاراڭغۇلۇقتىكى يانغىنىنىڭ نۇرىدەك دەھشەتلىك ئىدى.

شەپقەت تۇتقۇنلاردىن بىرەر قەتئىيرەك سۆز، ئەپچىلرەك چارە، كەسكىنرەك قارار چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ قارشىلىق بىلدۈرۈشىنى، قاچماقچى بولۇشىنى ياكى ئورنىدىن تۇرۇپلا تاشقىرىغا ئېتىلىشىنى ئىچىدە تىلىدى. ئەگەر ئۇلار قاچقان بولسا شەپقەت راستىنلا تونىمىغان، قوغلىمىغان بولار ئىدى. بىراق تۇتقۇنلاردىن ئۇنداق شەپە كەلمىدى. شەپقەتكە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى چۈشىنىكسىز، چىرايلىرى بىرخىل تىلسىمگە ئوخشاش كۆرۈندى. بۇ ئۆيدىكى ھەممە نەرسە تىلسىم چۈشتەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇلار تۈزۈكرەك گەپ قىلسا، ھەرىكەت قىلسا بولاتتى. تەشەببۇسكارراق، جۈرئەتلىكرەك بولسا بولاتتى، «قوينى سويسىمۇ پۇت ئاتىدۇ» بۇلار ئادەمغۇ ئاخىر! شەپقەتنىڭ جېنى ئازاب ئوتىدا كۆيمەكتە ئىدى.

— ئەسىرلەرنى خارلاشقا بولمايدۇ، دېگەن سىياسەت بار، — دېدى ئابدۇغوپۇر، — غەم

قىلىپ باش ئاغرىتمايلى، ھېچنېمە قىلالمايدۇ، تىللاپ، تىللاپ، يەنە تاشلاپ قويىدۇ، دەسلەپ قولغا چۈشكەندىمۇ شۇنداق قىلىشمىغانمىدى؟

— ھەممىشە بىر ناخشا ئېيتىلىۋەرمەس، يېڭى پەدە چىقارمىكىن، — دېدى ساۋۇت. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

بالا - قازا كۆزگە كۆرۈنمەي، قاناتلىرىنى كېرىپ باش ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. زىڭ قويۇپ تېڭىشسا تىۋىشىنى بايقىغىلى بولاتتى. ئۇ بۇ ئىككى تۇتقۇنغا ئۇزۇن تىرناقلىق قارا چاڭگىلىنى سوزۇپ يېقىنلاپ كەلمەكتە. لېكىن بۇلار بالىلارچە بىپەرۋالىقتا غېمىدە يوقتەك ئولتۇراتتى. ئۇلار بىخوتلۇق ئۇيقۇسىدا، بوشاڭلىق گىجىڭلىقىدا خاراب بولىدىغان بولدى. بۇ خىيالدىن، بۇ تۇيغۇدىن شەپقەتنىڭ تېنى سىقراپ كەتتى.

دەرۋازا تاراقلاپ ئېچىلدى. مەسلىھەت پىشىپ بولغىچە پۇرسەت قولدىن كەتكەنىدى. قادىر سارائگىنى ئەگەشتۈرۈپ مەتتوختى كىردى، پاراڭ ئۈزۈلدى. ئۆيدىكىلەردە ئىچىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىگە كىرىپ سىيگەن قۇتۇر ئېشەكنى كۆرگەن ئادەمدە بولىدىغان تۇيغۇدەك سەسكىنىدىغان بىر ھېس پەيدا بولدى.

مەتتوختى بۇلارنىڭ سۆزلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى. بۈگۈن ئۇنىڭ مىجەزى پەۋقۇلئاددە قوداڭشىغان ئىدى. قىلچە سۈلكەت قىلمايلا تۇتقۇنلارنى بوۋاينىڭ مال قوتىنىغا قاماپ، ئىشىك تۈۋىدە قادىر سارائگىنى پوستقا تۇرغۇزدى.

بۇ ئىشتىن ھەممە ئادەم ساراسىمىگە چۈشتى. زەردىسى قايىنغان ئابدۇغوپۇر ئالدى بىلەن قاغىشلىرىنى مۆلدۈردەك ياغدۇرۇۋەتتى:

— بۇ چىدىماسلىق، كۆكەملىك يولداش مەتتوختى، مۇنازىرىدە يېڭىلىپ قالغانغىمۇ قوتانغا سولاش كېتەمدۇ؟ ئادەمنى ھايۋان قاتارىغا چۈشۈرگەنلىكقۇ بۇ، ئوغۇل بالىلىق ئەمەس، نەنزىخەن...

سابىر بوۋاي ئارا تۇرماقچى بولۇۋىدى، مەتتوختى سىلكىۋەتتى:

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ ئۆلمىگەن قېرى جىندى، بۇ دېگەن مېھمان چاقىرىش، زىياپەت بېرىش ئەمەس، ئىنقىلاب! پۇتلاشماي سىڭگەن كېپەك زاغراڭنى يە!

بوۋاي غەزەپكە پايلىماي بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى. جاھانغا پاتماي قالغان مەتتوختىنى يەتمىش پۇشتىغىچە تىللىدى. خۇدايىم بىلىپ ئېشەككە مۈڭگۈز، ساڭا چوڭراق ھوقۇق بەرمىگەن، بوينۇڭ سۇنۇپ ئۆلەرسەن دەپ قاغىدى. پەلەكنىڭ چاقى ئۆگىمۇ چۆگىلەيدۇ. سېنىڭمۇ قان يىغلايدىغان كۈنۈڭ بولىدۇ دەپ ئاگاھلاندۇردى. مەتتوختى ئۆز مەنسىپىنىڭ پەشتىقىدا تۇرۇپ ھومايدى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قويدى. شۇندىن كېيىن ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى.

ساھىپجامال ئاراتام ئۆيگە كىرىپ ياتتى. شەپقەت بوۋاينىڭ قېشىغا قىڭغايدى. ئۇ ئۇخلىماي ئۆگدەپ ياتتى. تاڭغا يېقىن ھەرخىل قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆردى. ساۋۇت بىلەن ئابدۇغوپۇر ھەرخىل قىياپەتلەردە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلەتتى. دەھشەتلىك قاراشلىرى بىلەن ئۇنى قىينايتتى. شەپقەت ئۇلارغا بىرنېمىلەرنى دېيىشنى، چۈشەندۈرۈشنى، بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ بىگۇناھلىقى ھەققىدە ئىزاھ بەرمەكچى بولاتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالمايتتى. ئەيىبلىگۈچى نەزەرلەر بىگىزدەك سانجىلىپ ئۇنى زۇۋاندىن مەھرۇم قىلغانىدى. ئۇياق - بۇياققا

ئۈرۈلسەمۇ، كۆزلىرىنى ئېچىپ تورۇسقا قاراپ يېتىپ باقسىمۇ، ئۇنىڭ بىچارىلىقىغا ئۇنسىز كۆلۈۋاتقان ئىككى جۈپ كۆز پەيدا بولاتتى. يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك گۈپۈلدەپ سوقاتتى، پىچاق سانجىلغاندەك ئاغرىيتتى. ئاخىرى ئۇ ئويغىنىپ كەتتى. بېشى تۆمۈر چەمبەردە قىسقاندەك لوقۇلدايتتى. تۈن نىسپىدىن ئاشقان ئىدى. تالاغا چىقماقچى بولۇپ ئورنىدىن قوپتى. بوسۇغا قېشىغا كېلىپ تۇرۇپلا قالدى. ئىشىك تۈۋىدە مەتتوختى خەلق ئەسكەرلىرى ئەترەت بېشىغا ئەتە ئۇتقۇنلارغا يوشۇرۇن قوللىنىلىدىغان تەبىرلەرنى جېكىلەۋاتاتتى. ئۇلار پىچىرلاپ دېگۈدەك سۆزلىشىۋاتقان بولسىمۇ، شەپقەت ھەر ھالدا گەپنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئۇقالىدى. مەتتوختى بىلەن ھېلىقى ئادەم دەرۋازىدىن چىقىپ قاياققىدۇر كېتىشتى. ياخشىلىق قىلىشقا ھەم نىيەت، ھەم جۈرئەت كېرەك. شەپقەت ئاخىرى جېنىغا جاپا، بېشىغا بالا كېلىشىنى گەدەنگە ئېلىپ، تەشكىلىي ئىنتىزامنى بۇزۇشقا بەل باغلىدى. ساھىپجامالنى چاقىرىپ چىقىپ مەسلىھەتلەشمەكچى بولدى.

سۈبھى كۆتۈرۈلۈشكە ئاز قالدى. ئۆيدىكىلەرنىڭمۇ، قوتاندىكىلەرنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچتى. نامەلۇم بىر ئەنسىزلىك، ۋەھىمە قوتاندىكىلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى سىقاتتى، تۇنجۇقتۇراتتى. ئابدۇغوپۇر قاراڭغۇ قوتاندا قورققانسېرى قاتتىقراق ۋارقىراپ سۆزلەيتتى، بىراق گېپىنى تىڭشايدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. ساۋۇت ئۈنچىقماي ئالدىغا، نەگىدۇر تىكىلىپ ئولتۇراتتى. قوتان ئىشىكى تۈۋىدە تۇساتتىنلا ساھىپجامالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ساۋۇتنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغان چاپىنىنى ئەكىرىپ بەرمەكچى بولۇۋاتاتتى. قاراۋۇل قادىر خېلىغىچە كىرگۈزمەي ماڭقىسىنى تارتىپ، ئوكتەتۇر تۇۋلاپ سارائىلىق قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ كەم ئەقىل جاھىل كاللىسىمۇ گۈزەللىك نۇرلىرىغا ۋە ساھىپجامال پۈرلاپ ئۇتقۇزغان ئون سوملۇق بىر قەغەزنىڭ قۇدرىتىگە ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمىدى، يۇمشىدى، جىنىنىڭ ئوتىدەك پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئاغزىنى ھاڭقايتقىنىچە ئۆزىمۇ سەزمەي ساھىپجامالغا يول بەردى.

ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلدى. جىن چىراغ شولىسىدىكى يېرىم قاراڭغۇلۇقتا ساھىپجامالنىڭ ئاق كىيىمدىكى نازۇك گەۋدىسى كۆرۈندى. قاراڭغۇ ئاسماندىن پەرىشتە چۈشكەندەك بولدى. بۇ خۇددى رىۋايەتتىكىدەك، چۈشتىكىدەك خىيالىي تۇيۇلاتتى. ساۋۇت دەقىقە تېڭىرقاشتىن كېيىن، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ساھىپجامال ئۇستىخانلىرى ئىنچىكە قوللىرىنى ساۋۇتنىڭ مۈرىلىرىگە تەككۈزدى. غۇنچىدەك ئاغزىنى يوغان قۇلىقىغا يېقىن ئەكەلدى. ئاپئاق پەرىزات نازلىق ئېڭىشكەندەك بولدى. ئەۋرىشىم بەللىرى نازاكەت بىلەن ئېگىلدى. كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى خىرە شولىدا تىترىدى. ئابدۇغوپۇرنىڭ بىردىنلا ئىچى تارلىقى كەلدى، ھودۇقۇشىنى تەستە باستى. توۋا، بۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنچە يېقىنچىلىق بارلىقىنى ئۇ — ھەممىدە سەزگۈر ئابدۇغوپۇر قانداق قىلىپ شۇچاغقىچە بايقىماي قالدىكىنە؟ ئېسىگە ساھىپجامالنىڭ پات - پات ساۋۇتنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇشى، بەزىدە دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىدىغانلىقى كەلدى. ئەسلىدە ئاشىقلار ئاشىق ناخشىسى ئېيتقان ئىكەن - دە. كۆزلىرىمۇ ئۇچرىشىدىغاندەك قىلىۋىدى، ئەسلىدە بۇلار ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگەن ئىكەن - دە. كۆز باغلىغىنىنى قاراڭلار شەيتانلارنىڭ. لېكىن ئابدۇغوپۇرنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قۇتۇلماق ئاسان ئىش ئەمەس، كىچىككىنە بىلەنمۇ بەرىبىر مانا بايقىۋالدىغۇ. ئەمدى بۇ تەنتەكلەرگە قانداقسىگە دانىشمەنلىك ساۋىقى بېرىپ قويۇشنى ئابدۇغوپۇر

ئوبدان بىلىدۇ، ھى، ھى، ھى... بىراق ئۇنىڭ خىيالىنى قادىر سارائىنىڭ چىقىراق ئاۋازى بۇزۇۋەتتى. قادىر ساراڭ ساھىپجامالنى ئالدىراتماقتا ئىدى. ساھىپجامال چاپاننى ساۋۇتقا تۇتقۇزدى. ئالدىغا چۈشۈۋالغان ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرىنى بويۇن سىلكىپ ئارقىسىغا تاشلىدى - دە، كەينىگە شوخشۇپ چىقىپ كەتتى. ئىشىك تاراقلاپ يېپىلدى. قوتان قاراڭغۇلۇققا چۆكتى.

— سەن بۇ بۇلبۇلگويانى قاچان قولۇڭغا قوندۇرۇۋالدىڭ لەنىتى لوپ - لوپ؟ — دېدى ئابدۇغۇپۇر دۈمىلەپ كېلىپ، — سېھىرگەرلىك ھۈنىرىڭمۇ بارمۇ - نېمە؟ مېنىڭ كۆزۈمنى غەلەت قىلغىلىمۇ تاس قاپسەن تېخى...

— چاقچاقىنى قويۇپ جان قايغۇسى قىلىڭ ئەپەندى، — دېدى ساۋۇت تەمكىن ئاۋازدا پىچىرلاپ، — ئەتە جېنىمىزغا قەست قىلىشىدىغان ئوخشايدۇ.

— كىم دەيدۇ، ھېلىقى ئەخمەق قىزمۇ، ئۇ گۆدەك نېمىنى بىلەتتى؟!

— ئۇ شەپقەتتىن ئاڭلاپتۇ.

— بايا تىنىقى كونا گەپلەر، شەپقەتمۇ يۈرەكزادە نەرسە، قىلنى يىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

— ياق، ئۇ ھېلىراقتا مەتتوختى خەلق ئەسكەرلىرى ئەترەت بېشىغا شۇنداق بىر يوشۇرۇن بۇيرۇق يەتكۈزۈۋاتقاندا ئاڭلاپ قاپتۇ. بۇ بۇيرۇقنى لىلۇەنشى چۈشۈرگەنمىش.

— ئىشەنمەيمەن، بىزنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، بىز نېمە گۇناھ قىلغان؟ لىلۇەنشىنىڭ دادىسىنىڭ گۆرىنى ئېچىۋەتكەنمىدۇق؟!

— لىلۇەنشىنىڭ خىيانىتىنى ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ ئاكام ئىنقىلاپ چىققان ئىكەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بېشىدىكى چوڭ مۇنازىرىدە ئۇنى ماتقىلغان. جىمدەللىشىپمۇ قاپتىكەنسىلەر. ئۆيىمىزگە يوشۇرۇنلۇق مۇزارتىنىڭ ھەيكىلىنىمۇ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ تېپىۋاپتۇ؛ بىزنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىمىزنى لىلۇەنشى شۇ ھەيكەل مۇناسىۋىتى بىلەن يېقىندا بىلىپتۇدەك. كونا - يېڭى ئاداۋىتى بىراقلا قوزغالغان ئوخشايدۇ.

ئابدۇغۇپۇرغا لىلۇەنشىنىڭ چەكچىيىپ تۇرغان كۆزلىرى كۆرۈنگەندەك بولدى. بوغىزىغا ئاللىقانداق بىر نەرسە كېلىپ تاقالدى. يۈرىكىنىڭ قېتىدىكى جان ئالغۇچى قورقۇنچ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارقالماقتا ئىدى. ئۇ ۋەھىمىنى قوغلىماق بولغاندەك ئوڭ قولى بىلەن تىلىنى تەڭ چىقىرىپ ئالدىغا سوزدى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاۋازى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى:

— ياق، ياق، بىز ھېچقاچان يامان ئىش قىلمىغان، ئۆجۈقتۇرالمايدۇ. ھەركىم ئىختىيارىچە كاللا كەسسە بۇ دۆلەت نېمە بولماقچى؟ قانۇن يوقمۇ؟ قانۇنسىزمۇ دۆلەت بولامدۇ؟ بۇنداق قىلىش پارتىيە پرىنسىپلىرىغىمۇ، ماركسىزم نەزەرىيىلىرىگىمۇ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگىمۇ خىلاپ، ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس، بۇ قىپقىزىل نامەرتلىك، ئەڭ ۋەھشى ئىستىبدات دۆلەتلىرىدىمۇ...

— تىلىڭنى يىغ! — دېدى ساۋۇت بوش ئەمما بۇيرۇق ئاھاڭىدا سەنلەپ. ئۇ شۇتاپتا ئابدۇغۇپۇرنىڭ ئۆزىدىن 6 - 7 ياش چوڭ ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇغاندەك ئىدى، — چەتئەللىرىدىمۇ، كاتتا نەزەرىيىلىرىڭدىنمۇ ئۆجۈقتۇرۇلۇشۇڭ نەق ئىش. تېز قېچەيلار دەيدۇ، قانداق قىلىمىز؟ ۋاقىت قىس. گەپ قىل.

ئابدۇغۇپۇر بىر ھازاغىچە ئۈن - تىن دېمىدى. ئاندىن «قانىتىمىز بارمىدى، نەگە قاچالايتتۇق، باشقا كەلگەننى كۆرەيلى» دەپ غىڭشىپ يەنە جىمىدى. ئابدۇغۇپۇرنىڭ مەيدىسى تار

بولغىنى بىلەن خىيال دەرياسى كەڭ ئىدى. ئانىسى، ئۇششاق باللىرى ئېسىگە كەلدى. كۆكرىكى-
نى بىرسى پالتا بىلەن چېپىپ تۆشۈنى ئاجرىتىۋاتقاندەك، كانىيىدىن تۇتۇپ بىرسى ئۆپكىسىنى
سۇغۇرۇۋاتقاندەك قاتتىق ئاغرىق سەزدى. پۈتۈن بەدىنى تېلىپ، سىقىراپ، زىلزىلىگە كەل-
دى. سوزۇنچاق يۈزى تارتىشىپ كەتتى، قورقۇنچ ۋە قايغۇ تۆمۈر تىرناقلىرىدا ئۇنى مۇجى-
دى. ئۇ دۇنياغا سىغماي قالغاندەك ئىدى. بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا شۇنداق تارلىق قىلماقتا. ئۆلۈم
راستىنلا شۇنچە يېقىنمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئەدەبىياتچى، تەتقىقاتچى، تارىخچى بولۇش خىياللىرى قاراڭ-
غۇلۇققا سىڭگەن كۆلەڭگىدەك يوق بولامدۇ؟ خىيال تۇرماق ئۆلۈكنىڭ نەدە قېپ شىنىمۇ ھېچكىم
بىلمەيدۇ تېخى. دەسسەپ، خورلاپ چەيلىشەر، بەلكىم. ئۇنىڭ بەدىنى تىكەنلەشتى. ئۇ ئۆلۈش-
نى خالىمايتتى. ئۆلۈم دۇنياسى ھەممە ئەقىل ئىگىلىرىگە ئوخشاش ئۇنىڭغىمۇ سۈرلۈك، دەھشەت-
لىك كۆرۈندى. بۇرۇنغۇ ئۆز بېشىغا كەلمىگەندە ھېچگەپ ئەمەستەك تۇيۇلاتتى. ئەمدى يېقىن-
لىشىۋىدى، پۈت - قولى دىربىلدىدى. ئۆلۈم دېگەن يوقلۇق دېگەن سۆزغۇ، كونىلارنىڭ «بارلىق-
تىن يوقلۇققا سەپەر قىلىمىز» دېگىنى شۇ جەريانغۇ. ئۆلۈش ئەبەدىل - ئەبەد تىك، يوق بولۇش
دېگەنلىك ئىكەن - دە. كاشكى تەتقىقات ياكى ئىجادىيەتتە ئاز - تولا نەتىجىسى قالغان بولسىمۇ،
نامى بىر مەزگىل ساقلىنارمىدىكىن؟ ھېچبولمىغاندا نامىنى باللىرىغۇ يادلار، ئۇنىڭ باللىرى بار-
غۇ. بىراق ساقلانسا، يادلانسا نېمە بوپتۇ؟ يادلانمىسا نېمە بوپتۇ؟ نامى ساقلانغانغا، يادلان-
غانغا ئۇ ئابدۇغوپۇر يېرىم سائەتلىككە بولسىمۇ قايتا تىرىلەلەمتى؟ كۆزىنى قايتا بىر قېتىم ئې-
چىشقا بولسىمۇ ياردىمى تېگەمتى؟ ياردىمى تەگمەيدىغان قۇرۇق ئاتاقنىڭ نېمە كېرىكى؟ شۆھ-
رەت - ئابروي، مەنسەپ دېگەنلەرنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن نېمە پايدىسى، نېمە قىممىتى قالدۇ؟
ئۆلگەندىن كېيىنكى جەسەت ئادەم ئوخشاشلا بىر سىقىم تۇپىغا ئايلىنىدىغان تۇرسا! ئەمىسە بۇ
دۇنيا نېمىگە ئەرزىيدۇ؟ ھەممىسى قۇرۇسۇن، ھەممىسىگە لەنەت! بىردىنلا ئابدۇغوپۇرغا پۈتۈن
دۇنيا ئۆز جېنى ئالدىدا بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ مېڭىسى تورمۇزلىنىش-
قا باشلىغانىدى. بىر ئازدىن كېيىن زوۋانى ئېچىلمىپلا كەتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈشكە ئىشەنگۈسى كەل-
مەيتتى. توغرىراقى ئىشىنىشتىن قورقاتتى. قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، ئىپلاس-
لىق، رەزىللىك ئىكەنلىكىنى چوڭ - كىچىك پىرىنسىپلار يېقىدىن ئىسپاتلايتتى. رۇسچە، خەنزۇ-
چە ئاتالغۇ - ئىبارىلەرنى ئىشلەتتى. بەزى ئۇلۇغلارنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىللەر كەلتۈرەتتى. ساۋۇت
لام - مىم دېمىدى، ئابدۇغوپۇر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. بىراق سۆزلىرى جۆيلۈشكە ئوخ-
شاشقا باشلىدى، باغلاشمىدى، قالايمىقانلاشتى، باش - ئايىغى يوقالدى.

يىراقتا ئېگىز ئاسماندا تورغايلارنىڭ چۇۋۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ تاڭنىڭ بەلگىسى
ئىدى. قورۇدا ئوپۇر - توپۇر باشلاندى. مەتتوختىنىڭ بىرسى بىلەن پەس ئاۋازدا مۇڭۇلداش-
قىنى ئاڭلاندى:

— يىغىننى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىڭلار، ئاكتىپلارغا قاۋۇل، قارام يىگىتلەردىن تال-
لاڭلار، ئەزمىلىك قىلىشمىسۇن.

— ئىشنى قوغلاپ يۈرۈپ جايلاشقىمۇ قالدۇرمايمىز، دەسلەپكى نوخلا ئېلىشتىلا...

— كېيىن ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي غەزىپىنى باسقىلى بولمىدى دەپلا قۇتۇلۇش كېرەك.
ئايمىا ئۇلۇغ، كىم ئاممىۋى ھەرىكەتكە قارشى چىقسا، شۇنىڭغا ياخشى ئاقىۋەت يوق. تەييارلىقنى

يېزىمىز تەكشۈرۈپ چىقايلى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە پۈتۈن يېزا ئاھالىسى دەريا تەرەپتىكى يالغۇز ئۈجمە ئاستىغا يىغىلسۇن.

قەدەم تىۋىشلىرى چىقتى، كېيىن ئۇلار يىراقلاپ كەتتى بولغاي، ئاۋازلىرى ئاڭلانماي قالدى.

— بۇلار دەرۋەقە قان ئىچىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئابدۇغوپۇر «لەسىدە» بوشىشىپ ئۈمىدسىزلىك بىلەن. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ ئاۋازى يىغا تۇتقان ئادەمنىڭكىدەك تىترەپ كەتتى، — بىز ئەسكى ئىش قىلمىغان تۇرساق، قويىدەك يۇۋاش بىگۇناھ بەندە تۇرساق...

— قوينىمۇ گۇناھى بولغانلىق ئۈچۈن سويمايدۇ - دە، — دېدى ساۋۇت ئابدۇغوپۇرنىڭ تىترەك ئۇلاشقان دۇمبىسىگە تىرەپ ئولتۇرۇپ. ئابدۇغوپۇرغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىمۇ، ياكى ھازىر ئۆزىگىمۇ يۆلەك كېرەك بولۇۋاتامدۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۇ قاراڭغۇلۇققا تىكىلگىنىچە ئۇلۇق - كىچىك تىندى. لەۋلىرىنى جۇپلەپ، بوش چىشلىدى، قوتانمۇ، تالامۇ، گويا پۈتۈن دۇنيا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى.

شۇ ھالەتتە ساۋۇت ئۇزاقتىن - ئۇزاق سۈكۈت قىلدى. لېكىن ئۇ قېچىشنىڭ، قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئويلاۋاتقىنىمۇ يوق ئىدى. مېڭىسىگە ھەر خىل خىياللار ئىشەنگۈسىز تېزلىكتە كىرىپ چىقاتتى. كۆز ئالدىدا ياۋا تۇڭگۇزدەك قۇتراپ توپا پۇرقۇرتۇپ كېلىۋاتقان لىلۇەنشى پەيدا بولدى. ئىككى ياقتا دىڭگىيىپ تۇرغان ئىنچىكە بۇرۇتى توغرىسىغا چىشلىۋالغان پىچاقتەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ ساۋۇتقا يېقىنلىشىپ قالغاندا ئۇشتۇمتۇت چىپپىدىلا توختاپ ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدى. بۇ ھەيكەلگە قاراپ، ساۋۇتنىڭ ئېسىگە 65 - يىلىدىكى بىر ئىش چۈشتى. ئۇ چاغلاردا ساۋۇت، ھەيكەلتاراشلىقتا خېلى ئات كۆتۈرگەن ئىدى. لىلۇەنشى، ناھىيىگە بىر يىغىنغا قاتناشقىلى كېلىپ ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ماختاشلارنى ئاڭلاپ قالدى. ساۋۇتنىڭ ئۆز كوشەندىسىنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇنى مەخسۇس زىيارەت قىلدى. كاتىپ لىلۇەنشىنى ئاتاقلىق كوڭشى شۇجىسى دەپ تونۇشتۇردى، كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرگۈدەك پۇۋلەپ ئۇچاردى. لىلۇەنشىمۇ قەدىر - قىممىتىنى ساقلاشنى بىلىدىغان خاقانلاردەك ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ داھىيانە قول ئىشارىتى قىلدى. ساۋۇت ئۇنىڭ «ئارتۇقچىلىق»لىرىنى ئاكىسىدىن ئاڭلىغان ۋە كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقاچقا، ئۇنچىقمايلا باش لىڭشىتىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. لىلۇەنشى قايتار چاغدا ئۆز ھەيكىلىنى ياساپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇستەل ئۇستىگە قويغىدەك قىلىپ ياسالسىلا بولىدىكەن. لېكىن ساۋۇت تەكەللۇپ بىلەن رەت قىلدى، لىلۇەنشى پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىمۇ ساۋۇت «پەقىرنىڭ قولىدىن ئۇنداق كاتتا ئىش كەلمەيدۇ، ھۆددىسىدىن چىقالمايدىكەنمەن» دەپ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا لى لۇەنشى ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇقۇۋاپتۇ. ساۋۇت ئۇنىڭ بەزى سورۇنلاردا «بۇ لايچىنىڭ لاي پىچقى ئۆز جېنىغا قادىلىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدۇ» دەپ يۈرگەنلىرىنىمۇ ئاڭلىغان. ھالا بۈگۈن لىلۇەنشىنىڭ گۈلقەقلىرى ئېچىلىپ كەتكەندۇر، ئۆزىمغۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېشەك مىنگەن قىياپىتىدىكى رەسىملەرنى سىزغۇزۇشقا ئامراقلىقى بىلەن داڭ چىقارغان ئادەم ئىدى. ئابدۇغوپۇرمۇ چوڭ مۇنازىرە ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن دەل مۇشۇ مەسىلىدە مۇنازىرىلىشىپ قالغانىدى. لىلۇەنشى ئىچكىرىدىن ئېقىپ كىرگەن بىر چالا رەسسامنى ياللىۋالدى. ئېشەك مىنىپ ئۆزۈۋىدە كىتابچىسىنى كۆتۈرۈۋالغان،

ئېشەك مىنىپ بىلىگە قاپاق ئېسىپ، ئۆشنىسىگە خۇرجۇن ئارتىپ دۇمبىرا چېلىپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر دېھقىنىنىڭ رەسىمىنى كۆرگەندىلا جايىغا سىزغۇزدى، ئاسقۇزدى. پۈتۈن كۆرگەچىنى شۇنداق رەسىمدە چەتئەللىكلەر، ناھايىتى كېرەكلىك تۇردى. بۇياقمۇ، قەغەزمۇ، رەختمۇ، تاختايمۇ، تاملارمۇ يېتەرلىكتى. دېھقانلار ئىچىدە غۇلغۇلا قوزغالدى: بۇ ئىسراپچىلىقمۇ، ئىقتىسادسىزلىقمۇ - قانداق؟ نېمىشقا ھەممىلا جاي رەسىم دېڭىزى بولۇشى كېرەككەن؟ بىزدە ئۇنچىلا كۆپ پۇل يوق. بىر كۈنلۈك ئىش ھەققىمىز ئاران بەش تىيىندىن ئاشالمايتتىغۇ؟ نېمىشقا رەسىملەردە ھە دېسىلا ئېشەككە ئۇيغۇرنى مىنگۈزۈشىدۇ، ئېشەكتە ئولتۇرغان ئادەممۇ قاپاق بىلەن خۇرجۇننى مۈرىسىگە ئارتامدىكەن؟ دۇمبىرا ئۇيغۇر سازى ئەمەسقۇ، مۇشۇنچىلىك ئىشلارنىمۇ بىلمەيدىغان تۇرۇپ، رەسىم سىزىپ نېمە قىلماقچى؟ ھەممىلا ئېشەككە مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭلا مىنىشى شەرتمىكەن؟ ئۇيغۇرلار ئەتىۋارلىماق تۇگۈل، ئېشەكنىڭ گۆشىنىمۇ يېمەيدىغان تۇرسا، ئېشەك دېگەن دۇنيانىڭمۇ، جۇڭگونىڭمۇ ھەممىلا يېرىدە بارغۇ، ھەممە مىللەت مىنىدىغان ھايۋانغۇ؟ بولۇپمۇ لىلۇەنشى يېڭى كەلگەندە ئۆز يۇرتىدا ئېشەكنىڭ تولىمۇ ئېزىلىندىغانلىقىنى، بۇ يەردە بىكارغا ئېشەك گۆشىنىڭ لوق يېيىلمۇ يېيەلىگەنلىكى ھەققىدە ئائىلىسىدىكىلەرگە ماختىنىپ خەت يازغانلىقىنى بىر مەزگىل سۆزلەپ يۈرگەن ئىدىغۇ، ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىنمۇ ئەمەس، يىراق تارىختا چارۋىچى مىللەت بولغان چاغلىرىدىمۇ ئات مىنەتتىغۇ، ھېلىمۇ كۆپلىرى ئات مىنىدۇ، موتسىكلىت مىنىدۇ، ۋېلىسىپىت مىنىدۇ، كونكىلاردا، پىكاپلاردا، ئۈچقۇلاردا ئولتۇرىدىغۇ...؟! بۇ غۇلغۇلا تېشىلىپ چىققاندا لىلۇەنشى چالۋاقىدى، كۆكۈيۈن چاققان ئېشەكتەك چىچاڭشىپ كەتتى. ئابدۇغوپۇر مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق تۇتۇشۇپ قالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لىلۇەنشىنىڭ بۇلارنى چايناپ يۇتقۇدەك كۆسى كېلىپ يۈرگەنىدى. مانا ئەمدى لىلۇەنشى بۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشىنى تاماملاشنىڭ پەيتى كەلدى دەپ ھېسابلىغان ئوخشايدۇ. بۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشىنى ئۆزىگە خاتىرجەمسىزلىك، ئاۋارىچىلىق، خاپىلىق، بالايى - ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ئوخشايدۇ.

ساۋۇتنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ناخشا بولۇپ ئەسىرلەرنى ئاتلاپ ياشاپ كېلىۋاتقان بىر كۇپلېت قەدىمىي ئۇيغۇر خەلق قوشىقى ياڭرىغاندەك بولدى:

ھەر بالالار كېلىدۇ،
ئوغۇل بالا باشىغا.
سايدا تۈگمەن چۆگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

ئەقىدىنىڭ بۇ يىمىرىلمەس ئاچچىق ھەقىقەتنى شۇنداق راۋان، ئاددىي، لېكىن ئالتۇن مىسرالارغا يىغىنچاقلىيالىغان قانداق دانىشمەن بولغىيتتى؟ ئادەم دۇنياغا جاپا تارتىش ئۈچۈنلا كېلەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆتكەن ئۆمرىدىكى بەزى ئىشلار ئۈزۈك - ئۈزۈك سىنئالغۇ سۈرەتلىرىدەك كۆز ئالدىدىن ۋال - ۋۇل قىلىپ ئۆتتى. ئۇ نۇرى ئۆچۈۋاتقان، قاراڭغۇلۇق دېڭىزىغا خىرەلىشىپ چۆكۈۋاتقان كەلگۈسىگىمۇ نەزەر سالدى. ئۇنىڭدا ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيدىغان سىرلىق سېھىرلىك چىمغىش ئارزۇلارنىڭ ئاجايىپ شېرىن، رەڭدار ئالەمى بارلىقىنى كۆردى. گويا ھاياتلىقنىڭ سىر - ھېكمىتى شۇ جايدا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن يېشىلىدىغاندەك تۇيۇلدى، ۋۇجۇدى تىترىدى... قوتان

يەر بىلەن قوشۇلۇپ سىلىكىنگەندەك بولدى، ساۋۇتنىڭ كۆزىگە يۇۋاش، دىلكەش، مېھرىبان ئا-
نىسى قانغا بويالغان ھالەتتە كۆرۈندى. ئۇنى قىزىل قوغدىغۇچى كىچىك باتۇرلار «چەت ئەلگە
باغلانغان ئۇنسۇر» دەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. دادىسى يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن، ئاھەق
قالپاق ئاستىدا ئېزىلگەن چاغلىرىدىمۇ ۋايسىمىغان، قاقشىمىغان، ئۇمۇ ئۆيىدىكىلەرنى، ئۆيىدىكىلەر-
مۇ ئۇنى ئۇنتۇمىغان، تاشلىۋەتمىگەن ئىدى. بىچارە ئادەمنىڭ يېمىگەن تايىقى، ئىشىتمىگەن تىل-
ئاھانىتى، كۆرمىگەن كۈنى يوق. تومۇزدا تونۇردەك ئىسسىقتا تاشلىق سايلىقلاردا كاۋاپ بولۇپ
ئىشلىسە، زىمىستان قىشتا، سۇ كېچىپ مۇز چوقۇيتتى. شىۋىرغاندا توڭ قازاتتى. يازلىقى زەي
يەردە ياكى يىلانلىق، چايانلىق داللاردا تۈنىسە، قىشلىقى سوغۇق گەملەردە ياكى قار-مۇز-
لۇق ئۆڭكۈرلەردە پۈتۈن يېتىپ، پۈتۈن قوپاتتى. پولات تاۋلايمىز دەپ چىقمىغان تاغلىرى،
ئوغۇتقا يانتاق ئەپكىلىمىز، بوز يەر ئاچىمىز دەپ بارمىغان باياۋان چۆللىرى، ھاشادا چاپمى-
غان ئۆستەڭ، ئىشلىمىگەن سۇ ئامبارلىرى قالمىغانىدى. شۇنداق كۈلپەت دوزاقلىرىدىمۇ ئۇ ساۋۇتنى
ئوتتا كۆيدۈرمەي، سۇدا ئاققۇزماي چوڭ قىلغان. ھالبۇكى ئۇنىڭ ئۈمىدى، ئىشەنچى بولغان ئامراق
ئوغلى ساۋۇت بولسا ئۇ تاياق-توقماقتا پولا بولۇپ پاجىئەلىك ئۆلگەندە، ھازا ئېچىپ ماتەممۇ
بىلدۈرەلمىدى. چۈنكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ھازا ئېچىش مەنئىي قىلىنغانىدى. دادىسى پاراڭچى ئادەم
بولغاچقا ئۇنىڭ ئۆمۈر يوللىرى ساۋۇتقا مەلۇملۇق ئىدى. ئۇ ئايسىز كېچىدەك قاراڭغۇ يىللاردا
تۇغۇلدى. يىلقىچىلىق يۈكىنى يۈدۈپ يىگىتلىك بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى. ئازاب چېكىۋاتقان خەلق
تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشنى كۆزلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشتى. دەسلەپ ئاددىي ئەسكەر،
كېيىن تۆۋەنرەك ھەربىي ئەمەلدار بولدى، جەڭگە قاتناشتى، يارىلاندى، يەنە جەڭگە قاتناشتى.
ئۆمرىنىڭ جۇش ئۇرغان ياشلىق مەۋسۇمى جەڭگاھلاردا ئوق، قىلىچ، چاقماق، گۈلدۈرمامىلاردا
شان تاپتى. ساۋۇتنىڭ مېڭىسىدە ئاتىسى ھېكايە قىلىپ بەرگەن ئۇرۇش كۆرۈنۈشلىرى بىرىنىڭ
كەينىگە بىرى تىزىلىپ يۈز ئېچىشقا باشلىدى: جەڭنىڭ قۇدرەتلىك كەلكۈنى جەڭگاھنى تىترىتىپ
ئەتراپقا قان چاچرىتاتتى. يەر-ئاسماننى ئوت ۋە ئىس-تۈتەك قاپلىدى. ھەممىلا يەردە تۆمۈر
پارچىلىرى ۋىڭىلدايتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمچى ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ سەپلىرى قىيانلىق
دەريا دولقۇنلىرىنىڭ شەكلىنى ئەسلەتتى. ئۇلار رەتلىك، باتۇر، تەمكىن ئىدى. كاناي-سۇ-
نايلارنىڭ، ئوق ۋە پارتلاشلارنىڭ قالايمىقان ئاۋازلىرى ئىچىدىكى ئۇررالار، قىلىچلار، ئاتلىقلارنىڭ
ئىلگىرىلىشى شىددەتلىك ھەم تەرتىپلىك ئىدى، زەمبىرەك ئوقلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يو-
رۇقلۇق چىقىرىپ پارتلايتتى. پىلىموتلار تىنىماي سايرايتتى، دۈشمەن سەپ-
لىرى بېشىدا ئەجەل قۇيۇنى پىرقىرايتتى. ئاتلارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا كېسىك باشلار پوككىزەك-
تەك دومىلايتتى. ئادەملەر ۋە ئاتلارنىڭ ئۆلۈكلىرى دالىنى قاپلىغانىدى. تۈزلەڭلەر تەۋرەۋاتقان-
دەك، دۆڭلۈكلەر ئولتۇرۇشۇپ چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. پۈتۈن دالا دېڭىزدەك
قاينايتتى. يەر-جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان قىقاس-سۈرەندە ئىلگىرىلەۋاتقان مەردۇ-مەر-
دانلار تۆمۈر ئېقىمغا، يانار تاغ ماگمىسىغا ئوخشايتتى، توسۇپ قالغىلى بولمايتتى... ساۋۇتنىڭ
دادىسى ئاشۇنداق سەپنىڭ جەڭچىسى ئىدى، ئاشۇنداق ئوتتا تاۋلانغان ئىدى. ئەپسۇسكى تەق-
دىرى كۆپ پېشكەللىك چىقىپ قالدى. 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدا خاتا ھالدا «ئوڭچى» قىلىن-
دى. 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «گېزەندە» بولدى. ئاخىرى ئۆلۈكمۇ چوڭ-باش كەشە،

ناماللىق باچىڭگەر ئاياغلار ئاستىدا قالدى...

ساۋۇتنىڭ خىيالىدا يەنە سەكرەتمە بولدى. پۇچۇق زاغرىنىڭ قولى بولۇپ قۇرۇق لومۇرغا تاغار يۇدۇپ ھايۋان قاتارى خورلانغان غەمگۇزار ئانىسى دۈمچىيىپ ئالدىغا كەلگەندەك بولدى. كۆزىگە ئانىسىنىڭ ئۆمۈچۈك تورىدەك قورۇق باسقان چىرايىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەي قالدى. ئانا پەرزەنت مېھرىگە قانمايدىغان تەشنا كۆزلىرىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قادالغان ئىدى. ئۇ ئانىسىغا نىمە قىلىپ بەردى؟ ئۇيغۇرلاردا «ئانىنى بالىسى ھاپاش قىلىپ جاھاننى يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇپ چىقسىمۇ، بەيتۇل مۇقەددەسكە يەتمىش قېتىم ئاپىرىپ كەلسىمۇ ئۇغۇز سۈتىنىڭ قەرزى ئادا بولمايدۇ» دېگەن گەپ بار. ئۇ — ساۋۇت ئاشۇ ئانىسىنىڭ ۋىجدانىدەك مۇقەددەس، ھالال، ئاپئاق سۈتىنىڭ بىر تامچىسىنىڭ قەرزىنىمۇ ئادا قىلالمىدىغۇ؟! يۈرىكىگە قىزدۇرۇلغان قىپقىزىل زىق كىلىپ سانجىلدى. كۆكرىكىدىن سىرتقا ئوت چاچراپ چىقىۋاتقاندەك، ئىس - تۈتەك، بۇس كۆتىرىلگەندەك قىلاتتى. ئۇ چىدىيالماي كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى. بۇ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى ئۆزىدىن نېرىغا قوغلاشقا تىرىشتى. نىمەشقىدۇر ھايات، كۈرەش، بەخت دېگەن ئۇقۇملار بىر يولىلا كاللىسىغا كىردى. بۇ ئۇقۇملار بىر - بىرىنى چەتكە قاقامدىكەن؟ ئۇ ياشىدى، كۈرەشتى. بىراق بەخت كۆرمىدىغۇ. بەخت دېگەن زادى قانداق نىمە؟ ھە، تەقدىرىنىڭ ساھىپجامالغا ئۇچرىتىشى بەخت بولسا كېرەك. ئۇ ساھىپجامالنىڭ كۆزىنىڭ يېقىنى يېگۈدەك چىرايى، يۈرەكنى ئېرىتكۈدەك ئۇماق لاتاپەتلىك قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ساھىپجامالنىڭ سىرلىق خىياللار دۇنياسىغا ئېلىپ كىرىدىغان تەبەسسۇمىگە بەكمۇ خۇشتار ئىدى. ساھىپجامالنىڭ مۇلايىم، ھەققانىي كۆزلىرى جەزبىلىك، خۇشپىچىم سۇمباتى يېقىنلىك بەخش ئەتكەندەك قىلدى. نۇرى يۈرەكنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغىمۇ بارالايدىغان شۇ كۆزلەر ھەممىنى بويسۇندۇرالايدىغاندەك ئىدى. ساھىپجامال تالاي قېتىم شۇ شەھلا كۆزلىرىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى دەرد - ئەلەمنى، قايغۇ - ھەسرەتنى كۆرگەن، شۇ بۇلاق كۆزلەردە ئۇنىڭ قەلبىگە تەسەللى بەرگەن ئەمەسمىدى؟ ئاشىقلارنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرى ئۈچۈن ھېكمەتلىك ئەينەك. ئۇ ساھىپجامالنىڭ قارچۇقىدىن دائىم ئۆزىنى كۆرەتتى. ئۆز مۇھەببىتىنىڭ ھازىرىنى ۋە كەلگۈسىنى كۆرەتتى. بۇ گۈزەل مەسۇم قىز ساۋۇتنى پاك مۇقەددەس قەلبىدىن سۆيەتتى. بۇشۇنداق ئۇلۇغۋار، مۇقەددەس مۇھەببەت، كاشكى تەقدىر ئۇنى بۇ تۇتقۇنلۇقتىن ئامان قۇتقۇزسا ئىدى. دۇنيانىڭ نېرىقى چېتىگە بېرىپ قالسىمۇ، ئۇ بەرىبىر بۇ قىزنى ئىزدەپ پىيادە مېڭىپ بولسىمۇ قايتىپ كېلەتتى. بالا بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئىزھارلاپ بېشىنى، سابىر بوۋايىنىڭ ئايىغىغا قوياتتى، لېكىن ياۋايىلىق ئۇنىڭ بەختىنى زەھەرلىمەكتە. كۈتۈلمىگەندە پەيدا بولغان مانا بۇ ئەجەلنىڭ رەھىمسىز قارا كۆلەڭگىسى قىستاپ جېنىغا چاڭ سالماقتا، ئۆلۈم بۇرنىغا پۇرىدى... قەيەردىدۇر، يىراق بىر يەردە چاقماق چاقتى، قاراڭغۇلۇققا چۆمۈلگەن قوتان ئىچى يورۇپ يەنە زۇلمەتكە چۆكتى. بىردىنلا ئۇنىڭغا ئۆزىنى تۇتقۇنلۇق ئازابىدا قىيناۋاتقان مۇشۇ ماللىمان، ۋاپاسىز قېرى دۇنيامۇ چەكسىز بەخت - سائادەت، مېھرى - مۇھەببەت نۇرىغا تولغان خۇشاللىق دۇنياسىدەك تۇيۇلدى. ھاياتتىن ۋاز كەچكۈسى كەلمىدى. لېكىن چەكسىز قاراڭغۇلۇقتەك سۈرلۈك، تەگسىز ھاڭدەك دەھشەتلىك كۆرۈنىدىغان ئۆلۈم ئۇنى بوراندەك شىددەتتە قوينىغا سۈمۈرمەكتە، دەم تارتماقتا ئىدى. شائىرنىڭ «ئۆلۈمدىن ئوچىسى يوقتۇر» دېگەن ھۆكۈمى دەرھەقىقەت. دۇنيا ئۆرە تۇرغاندىن

بۇيان، ھېچكىم چۈشىنىپ يېتەلمىگەن ۋە قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بۇ سىرلىق، شەپقەتسىز، مەڭگۈ-
لۈك نەرسىنىڭ دەھشەت سېلىپ يېقىنلىشىۋاتقان سۈرلۈك شەپىسىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سەزگەن-
دەك بولۇپ تىترىدى. ئادەمنىڭ ئۆلۈشى — گۈلخاننىڭ ئۆچۈشى، بۇلاقنىڭ قۇرۇشىدەك بىر
ئىش. گۈلخان ئۆچسە كۈل، بۇلاق قۇرۇسا ئازگال قالىدۇ. كېيىن كۈل توزۇيدۇ، ئازگال تى-
نىدۇ. ئىزنامۇ قالمايدۇ، پەقەت سېرىق توپا قالىدۇ. ئۆلۈش دېمەك دۇنيادا ئەسلا مەۋجۇت
بولمىغاندەكلا يوقىلىش دېگەنلىكمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرى تارقىلىپ ھاۋاغا سىڭىپ كەتكەن تۈتۈندەك
ئۈزۈل - كېسىل تاماملىنىش بىلەن نەتىجىلىنەمدۇ؟ ئاردستوتىلنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭغا ئۆزى ئىشەن-
گۈدەك جاۋاب بېرەلمىگەن بولغىتى. ئېھتىمال ساۋۇتقا ئەمدى ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ - بۇرادەر-
لىرىنى قايتا كۆرۈش، ئۇلار بىلەن ئاداققى مەررە خوشلىشىۋېلىشمۇ نېسىپ بولماس. ئەتە ئۇ ئۈ-
مىد - ئارزۇ، قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ. ئەتە ھاقارەت، دۈشكەلەشلەرمۇ، خورلاش،
ئازابلاشلارمۇ، ھاياجان - خۇشاللىقلارمۇ... ھەممە، ھەممىسى بىردىنلا، بىراقلا غايىب بولىدۇ.
ھەممە نەرسە ھەتتا ھازىرقى خىياللارمۇ ئۆتمۈش بولۇپ قالىدۇ. ساۋۇتنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلىمىدىكى
كۆلەڭگىگە ئايلىنىدۇ. بىچارە ئانا ئۇنىڭ قانغا بويالغان كىيىملىرىنى ياشلىرى ئېقىپ تۈگەي
دېگەن كۆزلىرىگە تېپىلماس تۇتىيادەك سۈرەر. ئۇنىڭدىكى ئوغلىنىڭ ھىدىنى ئۇ تېخى زاكە-
دىكى، بۆشۈكتىكى چاغلىرىدىكىدەكلا قانماي پۇرار، بىر بۆشۈكتىن چىقىپ يەنە بىر بۆشۈككە كىر-
گىچە بولغان مۇساپىنىڭ تولىمۇ قىسقا، دەھشەتلىك بولغانلىقىغا چىدىماي داد - پەرياد كۆتۈرەر،
يۈرىكى زەرداپ بولۇپ ئېقىپ پۈتەر. بەختسىز ساھىپجامالنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كېتەرمىكىن؟
كۆز قارچۇقلىرى ئېقىپ چۈشەرمىكىن؟ بەردىبەر ئانىسى، ساھىپجامال نىگارى، ئەل - ئاغىنىلىرى
دەريا - دەريا ياش ئاققۇزۇپ، كۆزلىرى قىزىرىپ، ئىششىپ، نۇرلىرى ئۆچكىچە يىغلاپمۇ ئۇنى قايتا
تىرىلدۈرەلمەيدۇ. كۆز ياش دېگەن قايغۇ داغلىرىنى يۇيۇۋېتىشكە يارىمايدىغان نەرسە. ھەممى-
دىن مېھرىبانى، شەپقەتسىزى، غالىبى پەقەت ۋاقىت، ۋاقىت قەبرىلەرنى ئوت -
چۆپلەردە بېسىپ كۆكلەرنى ئاۋۇندۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئۇلارنىمۇ
توزۇتۇپ، توپىغا ئايلاندۇرۇپ، كۆككە سورۇۋېتىدۇ. قەبرە قالدۇقلىرىنىمۇ قويماي تۈز-
لىۋېتىدۇ. كەتكەنلەرنىڭ ئىزلىرىنى ئەبەدىيلىككە ئۇچۇرۇۋېتىدۇ. قايغۇ - ئەلەمنىمۇ ئاستا - ئاس-
تا ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ھايات بولسا ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە داۋاملىشىۋېرىدۇ. ھەتتا دۇنيادا شۇن-
داق بىر ئادەمنىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكىنىمۇ ھېچكىم ئەسكە ئېلىپ ئولتۇرمايدۇ. بۇ دۇنيا شۇن-
داق ئۇنتۇلغاق، شۇنداق ۋاپاسىز، ئادالەتسىز. ئادەمگىمۇ بىرتال گىياغا، بىرتال گۈلگە، بىر
قۇچقاچقا قىلىدىغان مۇئامىلىنى قىلىدۇ. سولاشتىمۇ، تۈزىدىمۇ، تىنىقتىن قالدىمۇ، بولدى. بۇرۇن
مەۋجۇت بولۇپمۇ باقمىغاندەك تۈگىتىدۇ، يوقىتىدۇ، ئۇنتۇيدۇ. بۇنىسىغۇ مەيلى، قانۇنىيەتتىن
ئاغرىنغىلىمۇ، قۇتۇلغىلىمۇ بولمايدۇ. قانۇنىيەتكە قارشى تۇرۇشمۇ قىپقىزىل ساراڭلىق. ئەلەم
قىلىدىغىنى، يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭ — مۇشۇ بەختسىز، ساۋۇتنىڭ ئەقلى ۋە
قان - تەرلىرى سىڭىپ، جەۋھەرلىنىپ پۈتۈپ چىققان ھەيكەللىرى ئۆزىچىلىكمۇ ياشىيالمايدىغان
بولدى. ھەيكەللەرگىمۇ ياشاش ئىمكانىيىتى بېرىشمىدى. ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىقتا ئۆزىنىڭ
شۇ جەھەتتە نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىگە ئىگە مىللەتكە، قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئەقىل-
لىق خەلقىگە ئاجايىپ كارامەتلەرنى يارىتىپ بېرىشتەك يالقۇنلۇق ئىستەكلىرى، جۇش ئۇرۇۋاتقان

يۈكسەك يوشۇرۇن تالانتى ئەتىياز جۇدۇنلىرىغا يولۇققان چېچەكتەك قىسقا ئۆمۈرلۈك بولىدىغان بولدى.

روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئازابلانغان، كۆپ سۆزلەپ ھالى قالمىغان ئابدۇغوپۇر بىر ئازدىن كېيىن جىمىپ قالدى. ئارام ئېلىۋاتامدۇ؟ خىيال سۈرۈۋاتامدۇ ياكى ئۈگدەپ قالدىمۇ، بۇنى ساۋۇت ئاڭقىرالمىدى، ئۆزىمۇ كىرپىكلىرىگە ئۈگدەك ياماشقىنىنى سەزمەي قالدى. بىردەمدىلا چۈش كۆردى:

ساۋۇت چۈشىدە باللىق دەۋرىگە قايتتى. ئۇ بىر توپ باللار بىلەن چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىپ ئويناپ يۈرۈپ تاغ تۈۋىگە بېرىپ قاپتۇدەك. ئۇلار بەسلىشىپ تاغقا يامىشىپتۇدەك. ساۋۇت چىلىق - چىلىق تەرگە پېتىپ يالغۇز ئۆزى چوققا ئۈستىگە چىقىپتۇمىش، بۇنى كۆرگەن بىر پارچە ئالتۇن بۇلۇت ئۇنىڭ ئايىغى يېنىغا كېلىپ بىر پارچە ئالتۇن گىلەمگە ئايلىنىپ تۇرۇپ بېرىپتۇ. ساۋۇت گىلەمگە ئولتۇرغاندىكەن، ئالتۇن گىلەم ئۇچۇپ، ئۇنى ھەيۋەتلىك بىر قەدىمىي شەھەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆيلىرى بار جايمىش. ساۋۇت ئۆيلەرنى ئارىلاپ تام رەسىملىرىنى، بۇت ھەيكەللىرىنى تاماشا قىلارمىش، مېڭىپ - مېڭىپ كورلىغا يېقىن جايدىكى باشئەگىم دەرياسى بويىدىن چىقارمىش. باشئەگىمنىڭ شىمالىي ئېقىندىمۇ مىڭ ئۆي بار ئىدى دەپ ئويلاپ شۇ ياققا ماڭارمىش، دەرۋەقە، سان - ساناقسىز ھەيكەل ۋە تام سۈرەتلىرى بار ھەشەمەتلىك ئۆڭكۈر ئۆيلەر قاتارى كۆز ئالدىدا يۈز ئاچارمىش، ئىشىك تۈۋىگە يېقىنلاشقاندا، قولىغا پەلەكۈش تۇتقان ئاتاقلىق قەدىم ئۇيغۇر رەسسامى ۋىسا ئىراساتىكا ئالدىغا چىقارمىش. ساۋۇت مۇشتۇمدەك تۇرۇپ بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى نەدىن ئاڭلاپتىكىنا، بىر ئۇيغۇر ھەيكەلتاراش ئۇلارنى بۇ مىڭ ئۆيگە باشلاپ كىرەرمىش، ساۋۇت ھەيكەللەرنىڭ ئاستىغا ئويۇلغان مىلادىدىن كۆپ ئىلگىرىكى يىللارنى كۆرسىتىدىغان رەقەملەرنى كۆرەرمىش، يولباشلىغۇچى ھەيكەلتاراش غەلىتە خەتلەرنى كۆرسىتىپ، بۇ قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر دەرمىش. ساۋۇت بۇ گەپلەرنى چۈشىنەرمىش، ئەجەپلىنەرلىكى، بىردىنلا ئۇ بوي تارتىپ چوڭ بولۇشقا باشلارمىش. ئۇلار ئايلىنىپ كېلىپ بىر ئىشىكنى ئېچىپ ئېگىز قىيانىڭ قاق بېلىدىن چىقىپ قالارمىش، پەستىكى چوڭقۇر ھاڭدا شارقىراپ تاغ دەرياسى ئېقىۋاتقانمىش. ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇشقاندا، ئاسماندا ھەسەن - ھۈسەن پەيدا بولۇپ پەسلەپ كېلىپ، ئۇلارغا كۆۋرۈك بولۇپ بېرەرمىش. ئۇلارنى ئۈستىگە ئېلىپ ھەسەن - ھۈسەن كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپتۇدەك. پامىر تاغلىرى ئۈستىگە كېلىپتۇدەك. بۇ چوققىلار پەلەمپەيدەك ئۈستى - ئۈستىگە قاتلىشىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن ئىكەنغۇ. ئۇلار ئاتۇشتىكى تاغلار باغرىغا چۈشۈپتۇدەك. ھە، بۇ توقسان توققۇز مىڭ مازارنىڭ سەردارى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يۇرتىغۇ. ماۋۇ تاغنىڭ بوغاز دەپ ئاتىلىدىغان جايى ئەجەپ ھەيۋەتلىك ئىكەن - ھە... ئۇلار بوغازدىن ئۆتۈپ، سايلىقتا يۇقىرىغا يول ئېلىپتۇدەك. قىيا بېلىدىن ئۇرغۇپ چۈشىدىغان خاسىيەتلىك تەڭگە تاغ سۈيىدىن ئۇتلاپ بېقىش كېرەك. بۇ سۇ ئادەمنى ئەقىللىق، ماغدۇرلۇق قىلارمىش، بويىنى تېز ئۆستۈرۈپ ئېگىز قىلارمىش، بۇ نېمە بولغىنى، ساۋۇت چوڭىيىپ بىر نەپەستىلا يىگىتكە ئوخشاپ قالدىغۇ. بۇ ياقلار بۇغراخان جەڭ قىلغان قەدىمىي جەڭگاھلار ئىكەن. بۇ يوللاردا تۆگمەن تېشىغا، ئات ئوقۇرىغا، ئادەم سۆڭەكلىرىگە، ئادەم بېشىغا ئوخشايدىغان غەلىتە تاشلار نېمانچە جىق؟ ئۇلار تاشقا ئايلانغان ئادەملەر

قاتارىغا دۈچ كېلىپ-تۇدەك. يىۈزلىگەن تاش ئادەملەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، سۈرلۈك مەي-
زىرە ھاسىل قىلىپ تۇرغانمىش. توۋا، بۇلار راست ئادەملەردەكلا تۇيۇلىدىكەنغۇ، چىراي - شەكلى
قەدىم ئاتا - بوۋىلارنىڭ ئەينەن ئۆزىغۇ. ئۇلار ھەيكەللەر بولمىسۇن يەنە، ئادەم ئۇستىخىنى تاش-
قا ئايلىنىشقا قانچە ئون مىڭ يىل كېتەتتىكى ھە، ھەيكەل، تاش ھەيكەل، ھازىر يېنىدا ئابدۇغو-
پۇر بولغان بولسا نەزەرىيىلىرىگە تالاي يېڭىلىمەس پاكىتلارنى تېپىۋالغان بولاتتى - دە، ئەتتەڭ!
ساۋۇت ئەمدى بۇلارغا قاراپ تاش ھەيكەل ياشىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ھەي، تاش ھەيكەللەر،
قەدىمي ئۇيغۇر ھونلىرىنىڭ تاش ھەيكەلى، ھەيكەل!...

ساۋۇت ئۆزىنىڭ چۈشىنىكسىز ئىگىرىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. دەماللىققا قەيەردىلىكىنى بى-
لەلمىدى. نېمىشقا ئۇ غەمسىز سەبى بالىدىن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچىلا ئېغىر چېچەكىدىن تولا چوڭ
يىگىتكە ئايلىنىپ كەتتىكىنا؟ قايتىمىس باللىق دەۋرىگە بولغان سېغىنىش ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا
تاتلىق تۇيغۇ پەيدا قىلغانىدى. ئۇ يېرىم سائەتتەك ئۇخلىغان ئوخشايدۇ. قوتان ئىچىگە يورۇق
چۈشۈپ قالغانىدى. بىردىنلا رېئاللىقنىڭ قانلىق قېلىچى بېشىدا پۇلاڭلاپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئېسىگە
كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا شېرىن چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلدى. ئابدۇغوپۇرمۇ ھىدىرلى-
دى. كۈتۈلمىگەندە ئابدۇغوپۇر ئۆزىنىڭ ئوتتۇز ياش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ كەتكىنىگە نەچچە يىل
بولغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغاندەك كىچىك بالىلارچە ھۆكرەپ يىغلاشلىقا باشلىدى.

6

كونىلار، ئادەم ئۆلتۈرىدىغان كۈنى ھاۋا تۇتۇلىدۇ، ئاسمان ھازا تۇتىدۇ، دېيىشىدۇ. كۆك-
تال يېزىسىدىكى يىغىن ئوچۇق سوت ئەمەس، كۈرەش يىغىنى دەپ ئاتالسىمۇ، ئۆلىگەدىكى كە-
شىلەرگە ئېيتقىلى بولمايدىغان مەخپىي غەرەزنى ئاشكارىلىماقچىدەك بۇگۈن ھاۋا تۇتۇق ئاسماندا
قارا بۇلۇتلار قانات كېرىشكەنىدى. ئاندا - مۇندا يامغۇر تامچىلاپمۇ قوياتتى. بوۋاينىڭ قورۇسىدىن
تۇتقۇنلارنى ھەيدەپ چىقىشتى. ئالدىدا ساۋۇت لوپۇلداپ مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدە
ئابدۇغوپۇر پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ كېلەتتى. چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان، لەۋلىرى توخ-
تىماي تىترەيتتى. چاچ - ساقاللىرى ئۆسكەن، تۇرقىدىن بىر كېچىدىلا ئون ياش قېرىپ كەتكەن-
دەك ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە ئۈچ چامدام ئارىلىق قالدۇرۇپ، ئاپتوماتنى مۇرىسىگە دۈم قىلىپ
ئېسىۋالغان قادىر سارالڭ، ئاندىن مەتتوختى، ئەڭ ئاخىرىدا شەپقەت بىلەن ئەركىن كېلىۋاتاتتى.
قوتاندىن چىققاندىلا تۇتقۇنلارغا كۈرەش يىغىنىغا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغانىدى. مەت-
توختى ئابدۇغوپۇرنىڭ دادىسى باستۇرۇلغان يومېشچىك، ساۋۇتنىڭ دادىسى ئوگىچى، چەتكە
باغلانغان ئۇنسۇر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئارخىپلارنىمۇ ئېلىپ كەلگەن. بۇلاردىن باشقا ئارخىپ
خالتىسى ئىچىدە يەنە مەتتوختى يوشۇرۇن يىغىپ «پاش قىلغان» مۇھىم ماتېرىياللارمۇ بار. بۇ
ماتېرىياللاردا ساۋۇتنىڭ «دۇتار چېلىپ ئەكسىيەتچىل سېرىق ناخشا ئېيتقانلىقى»، ئابدۇغوپۇر-
نىڭ «ئەكسىيەتچى سەپسەتىلەرنى بازارغا سالغانلىقى» قاتارلىق نەق ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت-
لىرىنىڭ پولاتتەك پاكىتلىرى خاتىرىلەنگەنىدى.

دوقمۇشتىن بۇرۇلغاندىن كېيىن، يىراق دەريا بويىدىكى يالغۇز ئۈجمە دەرىخى خىرە كۆرۈن-
دى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھاياجانلىق ئادەملەر توپى قىمىرلايتتى. يېزا خەلقى يول بويلاپ شۇ
ياققا ئاقماقتا ئىدى. ئىتلار ھاۋشۇپ، ئېشەكلەر ھاڭرايتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ يېزىنى كۆتۈرۈۋەت-

كەلدى. چوڭلار كىچىكلەرنى كۆتۈرۈۋېلىشقان، يېتەكلىۋېلىشقان. باللار قى - چۇ قىلىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ بىر - بىرىدىن ئېشىپ كېتىشتى. «دېھقانلارنى يوقىدىن چىقىرىدىغان كۆرەش يىغىنى» شۇنچە قىزىق تۈيۈلۈۋاتقان بولسا كېرەك.

تۇتقۇنلارنى ئېتىز قىرلىرى بىلەن ئېلىپ مېڭىشتى. ئابدۇغوپۇر تۈرۈپ - تۈرۈپلا قايناپ قوياتتى. ئۇ بۇ جازالى زادىلا چۈشىنەلمەيۋاتاتتى، ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيۋاتاتتى.

— مەن لى لۇەنشى بىلەنمۇ، سىز بىلەنمۇ گەپ تالاشقان، مۇنازىرىدە يېڭىۋالدىڭ دەپ ئەدەپلەشمۇ ئادەم قىلىدىغان ئىشمۇ؟ — دېدى ئابدۇغوپۇر كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مەتتوختىغا قاراپ، — ئۇنىڭ سۆزلىرى مەنتىقى تەرتىپىنى يوقاتماقتا ئىدى، — لى لۇەنشى ئىككىڭلارنىڭ تىلى بىر، سىلەرنىڭ كەمسىتىش، ئۆچ ئېلىش ۋە ئىسراپچىلىق نەزەرىيەڭلار، سىلەرنىڭ تەرەپبازلىق، بۆلگۈنچىلىكىڭلار، ئىچكى ماجرانى كۈشكۈرتۈشۈڭلار مەدەنىيەتسىزلىكىڭنىڭ، قالاقلىقىنىڭ، ياۋۇزلۇقنىڭ، ھەقىقىي ياۋايىلىقىنىڭ ئاقىۋىتى، ھەي، مەن مەدەنىيەتپەرۋەر ھەم ھالاكەتكە يېقىن ئادەممەن. بۇ تەرەپبازلىق، قەبىلىۋازلىق، بۆلگۈنچىلىك، ياۋايى نادانلىقلار ئاخىرى مىللەتنى ئاممىۋى پاجىئەگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنى چۈشىنەمدۇ بۇ بىچارە قۇرتلار، قۇرۇپ كەتكۈر دۆت، ئېشەكباش كاززاپلار.

ساۋۇت لام - مىم دېمەيتتى. ئابدۇغوپۇرنىڭ كاللىسىدىن ئامال قىلىپ تىزدىك قېلىش ھەممىدىن ئەلا ئىدى، دېگەن خىيال يالت قىلىپ ئۆتتى. ئۇ يەنە يىغلىۋەتتى. قىياپىتى تېخىمۇ ئېچىنارلىق تۈسكە كىردى. بىردىنلا ئېلىشالىغۇ ئادەملەرگە غەلىتە ھەم قورقۇنچلۇق ئاۋازدا يالۋۇرۇپ زار - زار قاقشاپلا كەتتى:

— بىز يامان ئىش قىلمىغانغۇ، بىزنى قويۇۋېتىڭلار، ئۆلتۈرمەڭلار يولداشلار، ئۆتۈنۈپ قالاي، مەندىن يامانلىق كەلمەيدۇ، مەڭگۈ خىزمىتىڭلاردا بولاي، ھەممىمىز ئوخشاشلا ئادەم، ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، چۈچۈرىدەك باللىرىم بار، ئۇۋالىغا قالىسىلەر. يېتىم قالمىسۇن. بىز ھېچكىمگە چېقىلمىغانغۇ، بىزگە نېمىشقا چېقىلىسىلەر، ئۆلتۈرمەڭلار!

— ئاغزىڭنى يۇم ياچۇۋەك، ھېچكىم سېنى ئۆلتۈرمەكچى ئەمەس، — دەپ تۇۋلىدى مەتتوختى، — مىلتىق پاينىكىدە چىشىنى تۆكۈۋېتىڭلار بۇ ئىغۋاچى خاپاماشنىڭ.

ئابدۇغوپۇر ئەمدى پاجىئەلىك ئۆلۈدىغانلىقىغا ئىشەندى، ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. گاچا، تەلۋە، قارايۈز، قان يالايدىغان غالجىر ئىتلار دەپ تىللىدى. كېيىن يەنە يالۋۇردى. ھېچكىم گەپ قىلمىدى.

سەل ئۆتكەندىن كېيىن ساۋۇت بۇرۇلۇپ ئىلتىماس قىلدى:

— قىيناپ ئوينىماي، بىر يولى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئېتىپ تاشلاڭلار يولداشلار!

— ئاممىۋى ھەرىكەتكە توغرا مۇئامىلە قىل! — دېدى مەتتوختى سەل - پەل يۇمشاپ، — ئاما ھېچكىمنى بوزەكلىمەيدۇ، قىينىمايدۇ.

شەپقەت بىلەن ئەركىن باشلىرىغا تاياق تەگكەندەك پۈكۈلۈپ كەتتى، مەتتوختىمۇ ئۆزىنىڭ بۇ يالغان گەپلىرىگە ھېچكىمنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇلار ئىشەنمىسىمۇ گېپىمدە چىڭ تۇرۇشۇم كېرەك دەپ ئويلايتتى. ھەر ھالدا ئۇمۇ ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدىمۇ بەزىدە چېكىش تۈيغۇلار، زىددىيەتلىك خىياللار پەيدا بولۇپ قالاتتى. بۇ ئۇنىڭ سەزگۈزەشتىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق

تەرىپى بۇ بولغانلىقىدىندۇر، بەلكىم. ئۇنىڭ دادىسىنى باشقىلار ناھەق نابۇت قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ بۇنداق ئېزىتقۇ تۇيغۇ ۋە خىياللاردىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. قاچۇرالماي قالغاندىمۇ ئىمكانقەدەر ئۆزىنى ئۆزى ئاقلاشقا، ئەيىبلەشتىن ساقلىنىشقا ئۇرۇناتتى. كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە يۈرىكىنى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەتكەندەك بولاتتى. پوپكىدىكى ئارخىپ خالتىسىغا سېلىقلىق مۇزارت ھەيكىلىنىڭ سۈرىتى، ساۋۇت بىلەن ئابدۇغوپۇرنىڭ بىلىم ئىقتىدارى خىيالىدىن ئۆتكۈنچى نۇردەك پاللىدە ئۆتتى. «مەندە نېمە گۇناھ، — دەپ ئۆزىنى بەزلىدى مەتتوختى، — سىياسىي كۈرەش دېگەن شۇ، كىم بۇ ماماقتىلەرگە شور پىشانە بولسۇن دەپتىكەن؟ چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق، مەتتوختىنىڭ ئورنىدا باشقا بىرسى بولسىمۇ، ھازىر مۇشۇنداق رەھىمسىزلىك قىلماي نېمە ئىلاج، ئۆزلىرىدىن كۆرۈشسۇن! بۇلاردەك تېخنىكوم پۈتتۈرگەن ئەقىللىق، بىلىملىك بولغان بولسام ئاللىقاچان چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن بولاتتىم، زىيالىيلار ئەسلىدىلا مەدەنىيەتلىك چەت ئەل جەننەتلىرىگە يارىشىدىغان پەرىشتىلەرغۇ! بىزدە زىيالىيلارنىڭ ئورنى ئەخلەت، قىغ - چىرىندىلەر بىلەن تەڭ. شۇنداق بولغىنىغۇ ماڭا ئوخشاشلارغا پايدىلىق. ئۆزۈڭدە يوق ياخشى نەرسىگە ئىگە ئادەمنى باش كۆتۈرگۈزمەسلىك كېرەك. بولمىسا سەندىن ئېشىپ كېتىدۇ. ھۆكۈمرانىڭ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شىڭگا پۈتلاپ، كالتەكلەپ تۇرۇش كېرەك، سىياسىي كۈرەش دېگەن شۇ. زىيالىيلارنى توققۇزىنچى سېسىق دېگىنى توققۇزىنچى دوزاقتا كۆيدۈرۈلىدۇ دېگەن گەپقۇ...»

ئابدۇغوپۇرنىڭ بولسا جېنى تومشۇقىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ تېخىچە بىر نېمىلەرنى كوتۇلداپ، مىشىلداپ يىغلايتتى. ساۋۇت بۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. كۆڭلىدە ئېيتىپ قالدۇرۇشقا تېگىشلىك تالاي - تالاي سۆزلىرى بارلىقىنى مانا شۇ چاغدا بىرىنچى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆمۈر بويى تۈزۈكرەك پاراڭ سېلىپ باقمىغان ئادەم ئىدى. باھار كەلكۈنلىرىدەك بېسىپ كېلىۋاتقان بۇ سۆزلەرنى نەدىن باشلاپ، نەدە تۈگىتىش مۇمكىنلىكىنى بىلەلمىدى. قېشىدا ساھىپجامال بولغان بولسا ئېھتىمال ئىش باشقىچە بولار ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ سۆزلەرنى يىغلاپ سۆزلىسىمۇ تۈگىمەيتتى. ئۇ ئۈنچىقماي بىر ئاسمانغا، بىر يەرگە قارىدى. سۆرۈلۈپ، سوقۇلۇپ، لاي سۇدەك ئۆتكەن ئۆمرىنى يادىغا ئالغان بولسا كېرەك. مېڭىسىگە ھايات، كۈرەش، بەخت دېگەن ئۇقۇملار يەنە كىرىۋالدى. تەقدىر ئۇنىڭغا بەرگەن ھاياتنى، ئۆمۈر جەريانىنى زادى نېمە دېيىش كېرەك؟ ئامەتمۇ، بەختمۇ، ئاپەتمۇ، بالا - قازامۇ؟ بۇ زادى ساۋۇتنى قەدىرلىگەنلىكمۇ، خورلىغانلىقمۇ؟ ئۇنىڭغا ئەبەد - ئەبەد مەپتۇن بولۇش كېرەكمۇ، لەنەت ئوقۇش كېرەكمۇ؟ ساۋۇتنىڭ چىرايىدا پەرىشان ئاچچىق كۈلكە پەيدا بولدى. يۈرىكى قىسىلىپ تارتىشتى، بېشىمۇ تارتىلغاندەك پەسكە ساڭگىلىدى. كېيىن قانداقتۇر بىر شەپىنى ئاڭلىغاندەك توغرىراقى تۇيغاندەك بولۇپ بېشىنى تەستە كۆتۈردى. يان تەرەپتىن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كۆلەڭگىگە قارىدى. 40 مېتىرچە نېرىدا ساھىپجامال ئەترەتنىڭ ئېتىنى يايداق يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. بويىنى ئۇزۇن بۇ ئات بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغانىدى، نېمىگە ماڭىدىكى؟ كۆزلەر ئۇچراشقاندا، ساۋۇت قىزنىڭ قايغۇلۇق قارا كۆزلىرىنىڭ ئوت ئالغاندەك چاقناپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئات كىشنىۋەتتى، ساۋۇت قەلبىنىڭ قەيەرىدىدۇر چوڭقۇر بىر يېرىدە قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ مىدىرلىغاندەك، قوزغالغاندەك بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىشىنى بىرىنچى ناھايىتى

ئېنىق پەملىدى، ساھىپجامالنىڭ ئاخشامقى گېپىنىڭ چىن مەنىسىنى ئەمدى تولۇق چۈشەنگەندەك بولدى، ئەقلى سوزۇلدى. يۈرىكىگە بىر پارچە ئوت چۈشتى. ئۇنىڭغا بىردىنلا كۈچلۈك ياشاش ئىستىكى، ھاياتقا قانماسلىق تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى. ئۇ قورۇپ كېتىۋاتقان لەۋلىرىنى يالىدى. يەر ئاستىدىن ساھىپجامالغا قىيا قاراپ، ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى. مانا ئارىلىق يىگىرمە بەش، يىگىرمە، ئون بەش قەدەمچە قالدى. يەنە بىرئازدىن كېيىن ساھىپجامال ئۇلارنىڭ ئالدىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ساۋۇتنى غايىبتىن كەلگەن قۇدرەتلىك بىر سىرلىق كۈچ قاتتىق ئىتتىرگەندەك بولدى، ئۇ ئۈشتۈمتۇت ساھىپجامالغا ئېتىلدى؛

—— ئابدۇغوپۇر كەينىمدىن ماڭ!

ساۋۇت لوپۇلداپ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە قىزنى يېنىكلا ئىتتىرىۋەتتى. شۇ ئارىلىقتا قىز كۆز ئىلغا قىلالمىغۇدەك تېزلىكتە يۈگەننى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۈلگۈرگەنىدى، ساۋۇت يۈگەننى تارتتى-دە، ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان چاققانلىق بىلەن سەكرەپ ئاتقا مىندى. ساھىپجامال خۇددى قاتتىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقاندەك قەستەن دەلدەڭشىدى، چىرقىراپ يەرگە يىقىلدى. ئات كىشنەپ ئۆز جايىدا ئايلاندى. ساۋۇتنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆكىرىپ كەتكەنىدى. تېخىچە داڭ قېتىپ تۇرغان ئابدۇغوپۇرنى كۆرۈپ ئېتىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ دېۋەتتى.

—— بول، ئابدۇغوپۇر، بول!

ئابدۇغوپۇر بىرنەچچە ماڭدام ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. قوللىرىنى كۆتۈردى-يۇ، ئارىسالدا بولۇپ توختىدى. قاچسام چوقۇم ئېتىۋېتىدۇ. قاچمىسام ئازاب تارتسامۇ، بېشىم ساق قېلىشى مۇمكىن دېگەن تەلەي سىناش خىيالى بىردىنلا ئۇنى چار يىلاندەك چىرمىۋالدى. كېلىدىغا يۆگىشىپ بوغدى، تىنىقى پەسلىدى. ئۇ ئېگىز بۇتتەك يەرگە چاپلاشقىنىچە مىدىر-سىدىر قىلالمىدى. چەكچەيگەن كۆزلىرىدە قورقۇنچ ھەرىكەتسىزلىك قېتىپ قالدى. ئۇ ئاتقا ئېسىلمىدى. لېكىن ساۋۇت ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ كۈچەپ يۇقىرى تارتتى. ئەپسۇس، كېچىككەن ئىدى. ئۈشتۈمتۇتلۇقتىن دەقىقە ئېسىنى يوقاتقان، گاڭگىراپ تاشتەك قېتىپ قالغان مەتتوختى بىلەن قادىر سارالڭ ھوشىغا كەلگەنىدى. ئالدى بىلەن مەتتوختىنىڭ تاپانچىسى ئېتىلدى. ئاتنىڭ ساغرىسىغا ساۋۇت مىڭ تەستە تارتىپ چىققان ئابدۇغوپۇر ئوق يەپ دومىلاپ چۈشتى. ساۋۇت ئات بېشىنى يانغا بۇراپلا يۈگەننى قويۇۋەتتى. ئۆزى دۈمچىيىپ يەپەكتەك يايلىغا يېپىشىۋالدى. قادىرنىڭ ئوقى بوشقا كەتتى، ئات ساداقتىن چىققان ئوقتەك ئۇچتى. مەتتوختىنىڭ تاپانچىسى ئېتىلدى، يەنە ئېتىلدى، تەگمىدى.

—— نېمىگە ھاڭۋاقسەن، ئات! —— دەپ زەردە بىلەن توۋلىدى مەتتوختى قېشىدىكىلەرگە.

قادىر سارالڭ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېتىشقا باشلىدى. بەدىنى ئاپ-تۇمات بىلەن تەڭ تىترەيتتى. قارا چىرايى تېخىمۇ قارىداشقا باشلىدى. شەپقەت ئاسمانغا، ئەركىن يەرگە قارىتىپ بىر پايدىن ئوق ئۈزدى. ئاندىن شەپقەت تىلالاپ، تاپانچىسىنىڭ بىر يېرىنى ئوڭلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئەركىن خۇش ياقمىغاندەك ئېتىز قىرلىرىغا قارىتىپ يەنە ئىككى پاي ئاتتى. ئوقى تەگمىگەنسېرى قادىرنىڭ قاتىللىق تەلۋىلىكى قوزغالدى، يۈرىكىدە ۋەھشىي ئىشتىياق يانىدى. ساراڭلىقى تۇتۇشقا باشلىدى. كۆزلىرى قانغا تولدى. ئاغزىدىن كۆپۈك ئاقتى. ئۇ ئالا-تاغىل ۋارقىرىدى، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئوقنى مۆلدۈردەك ياغدۇرغىنىچە

ئەسەبىي ھەرىكەتتە ئالغا يۈگۈردى. چېچىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاتنى ئاخىرى مولاقلىتىۋەتتى. ساۋۇت ئاتنىڭ يېنىدىن ئۆمىلەپ قوپتى، يىلاندىباغرى شەكىلدە يۈگۈرۈپ قاچتى.

— ئەركىن قال، باشقىلار مەن بىلەن قوغلاڭلار! — دېدى مەتتوختى ئالغا تاشلىنىپ.

ساۋۇت بىر يىقىلىپ، بىر قوپۇپ قاچاتتى، سۈرئىتىنى تېز دېيىشكە بولمايتتى. بىرھازادا تىك يار بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ چارچىغان ئىدى. كۆكرىكى تۆمۈرچىنىڭ كۆرىكىدەك بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەيتتى. ئۆپكىسى چىڭقىلىپ، بېشى زىڭىلدايتتى. بارلىق كۈچى بىلەن چىشىنى چىشلەپ چىدىدى. تۇساتتىن سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختىدى، ھەرىكەتسىز جىمجىت تۇرۇپ قالدى. سۇ تېز ئاققانلىقتىن ئايىغىدىكى تىك يار بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى. يارنىڭ ئاستىدا قايناملار دولقۇننى دولقۇنغا سوقۇشتۇراتتى. لاي سۇنىڭ جىگەررەڭ كەھرىۋا مونچاقلىرىنى چاچرىتاتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. ئالدى تەرەپتە يېقىنلا جايدىكى بوشلۇقتا قارا بولۇتلار يىرتىلغان قارا پەردە پارچىلىرىدەك ساڭگىلاپ قىمىرلايتتى. ئارقا تەرەپتىن ۋارقىراپ دەھشەت سېلىپ قوغلىغۇچىلارنىڭ ئاۋازى يېقىنلاپ كەلمەكتە. يىراقتىن ئالمانىڭ قىيا-چىياسى ئاڭلاندى. ئۇجمە تۈۋىدىكە يىغىلغانلارنىڭ بىر قىسمى بۇ ياققا تاماشا كۆرگىلى چاپقان بولسا كېرەك. ئۇ بىرنەچچە قەدەم ئالغا چامدىدى. باش ئۈستىدە ئوقلار ئەجەل ئاۋازىدا ۋىژىلدايتتى. ئايىغىدىكى قىيا تۈۋىدە كۆپۈك چاچرىتىپ لاي سۇ قايناپ ئاقاتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. كۆزلىرىدە غەزەپ، ئېچىنىش، ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى يالتىرىدى. كۆز ئالدىدا دەپسەندە بولۇپ قان-يىرىڭغا تولۇۋاتقان ئانا يەر، قىڭغىر-قىيسىق ئۆيلەر، ئەگرى-كۆتمەك مەھەللىلەر، يامغۇرمۇ يۇيۇپ كېتەلمىگەن مىسكىن دەرەخلەر تۇمانىنىڭ ئاقۇش رومىلىغا ئورىلىپ ھازا تۇتۇۋاتقاندەك مۇڭغا پېتىپ ئۈمچىيىپ تۇراتتى. كۆزىگە سىڭىپ قالغان شۇ كۆرۈنۈشكە قاراپ، ئۇ كۆتۈلمىگەندە «خەير-خوش!» دەپ تۇۋلىدى. قوغلىغۇچىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى جاۋابەن ئەۋجىگە چىقتى. ساۋۇت كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى. ئادەم قورققۇدەك تېز ۋە شىددەتلىك بىر ھەرىكەتتە قىيادىن ئۆزىنى تۆۋەنگە ئېتىۋەتتى. قول سوزسا يەتكۈدەك يېقىنلاپ كەلگەن مەتتوختى قىيا لېۋىدە ئۆزىنى ئاران توختىتىۋېلىپ ئېڭىشىپ قارىدى. بېشى قېيىپ ئالاقزادە بولۇپ كەينىگە داجىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ قادىر سارالڭ بىلەن بىللە پەستىكى چوڭقۇر قايناملىق قالايمىقان ئوققا تۇتتى، لېكىن تىك يارنىڭ ئاستىدىن ھېچقانداق باشقا شەپە كەلمىدى. پەقەت سۇ دەھشەتلىك كۆركىرەيتتى.

ئۇلار قايتىپ كەلگەندە، ئابدۇغوپۇر ئاللىقاچان جان ئۈزگەن ئىدى. مەتتوختى ئۇنىڭ جەسىدىنى ئاغدۇرۇپ كۆرۈپ، ئەلەم بىلەن تەپتى:

— بۇ نېمىنىڭ جېنى ئاغزىدىكى كەپتىنمۇ تېز چىقىدىكىنا...

ئامىنىڭ قولىدىن پايدىلىنىپ چاندۇرماي ئۆلتۈرۈش مەخپىي پىلانى بەربات بولغانىدى. مەتتوختى ۋېلىسىپىتتە كەينىگە قايتىپ بېرىپ شتابقا تېلېفون بېرىۋىدى. لىلۇەنشى يەرنى تېپىپ، ئوق تەگكەن قاۋاندەك چالۋاقىدى: «ئۆلۈكنى دەرەختە ئېسىپ كۆرەش قىلىڭلار، بېشىدىن چېچىپ كۆيدۈرۈڭلار!»

بۇ مىللىي ئۆرپ-ئادەتكىمۇ، دىنىي قائىدە-يوسۇنغا، ئەمرى-مەرۇپلارغىمۇ خىلاپ تەلۋە بۇيرۇق ئىدى. بۇنداق ياۋۇزلۇقنى كۆپىنى كۆرگەن بۇ خەلقنىڭ قەلبىمۇ ئاسانلىقچە كۆتۈرەل-

مەيتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ تەۋەككۈل قىلىنماقتا ئىدى. بۇ تەرەپلەردىكى پۇقرالارنىڭ ئەقلىگە مۇسخمايدىغان دەھشەتلىك پاجىئە ئەنە شۇنداق ئەۋجىگە چىقتى. قانغا سىزىلىك قادىر ساراڭ بىرنەچچە خەلق ئەسكىرىنى باشلاپ بېنزىن ئىزدەپ پەيپەتەك بولدى. تاپالماي ئاخىرى ئىككى تۇڭ كىرسىن ئېلىپ كەلدى.

ئۇلار ئابدۇغۇپۇرنىڭ جەسىتىنى تاپنى سۆرىگەنىدەك سۆرەپ دەريا بويىغا ئېلىپ باردى. يالغۇز ئۇجمىنىڭ يوغان بىر شېخىغا سىمدىن سىرتماق ياساپ، تارتىپ پۇختىلىقىنى سىناپ كۆرۈشتى. ئاندىن ئابدۇغۇپۇرنى بوينىدىن شۇ سىمغا ئېسىشتى. ئېسىلغان مۇردىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ كۆرەش يىغىنى ئېچىشتى. تەربىيلەنگەن ئاكتىپلار ئابدۇغۇپۇر بىلەن ساۋۇتىنى ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى دادىلىرى بىلەن بىللە قوشۇپ يەتمىش پۇشتىغىچە تىللاپ قاغاشتى. ھاۋادا ئېسىلىپ تۇرغان ئۆلۈككە تۈكۈرۈشتى. بەزى تۈكۈرۈكلەر قايتىپ ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىرىگە چۈشتى. يىغىن تازا قىزىمىدى. دېھقانلارنىڭ كۆڭلىدە قورقۇنچ، ئېچىنىش، نارازىلىق ھەرىكەتلەنمەكتە، بارغانسېرى ئۇلغايماقتا ئىدى. ئابدۇغۇپۇرنىڭ ئاغزى قىيسىيىپ، كۆزلىرى ئالىيىپ، كېپى كىلىدىغا تىقىلىپ قالغانىدەك بولدى. ھايال ئۆتمەي كۆزلىرى پولتىيىپ چانىقىدىن چىقىشقا باشلىدى. ئۇزۇن بوينى ئادەم قورققۇدەك ئۇزىراپ كەتتى، گەۋدىسىمۇ سوزۇلدى، ئۇزاقتا بارمىغان ئەندىكىشىنىڭ ھەرىكەتسىزلىكى، قورقۇنچنىڭ ھاياجىنىدىن كېيىن ئالمان ۋايجانلىدى. تەۋرەپ كەتتى. يىراقتىن قارىغاندا ئابدۇغۇپۇرنىڭ ئورۇق، ئېگىز گەۋدىسى ئاسمانغا ئېسىلغان ئۇزۇن سوئال بەلگىسىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ھاۋادا قاڭقىپ گويا ئۆزىنى كۆرەش قىلىۋاتقانلاردىن، مالىمان زاماندىن، پۈتكۈل كىشىلىك دۇنياسى ۋە بىقارار تەقدىردىن قورقۇنچلۇق سوئال سورىماقتا ئىدى.

يىغىن قاملاشمىدى، سوۋۇپ كەتتى، ماتەم تۈسى قويۇقلىشىۋاتقاندەك بولدى. بۇنى بايقىغان مەتتوختى دەرھال بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇلار جەسەتنىڭ ئايىغى ئاستىغا ئوتتۇنلارنى ئېگىز قىلىپ دۆۋىلەشتى. قادىر ساراڭ قولىغا يوغان چۆمۈچنى ئالدى. ئېگىز كۆتۈرۈپ ئويناتتى، قاقلاپ كۈلدى. ساراڭلارچە ۋارقىرىدى. ئاندىن تۇڭدىكى كىرسىننى جەسەتكە ۋە ئوتتۇنغا شالاپلىتىپ چاچتى. ئەمدى ئابدۇغۇپۇرنىڭ چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ ئۆزگەردى. قانسىز يۈزلىرى قارىيىپ، كىرسىندە تولىمۇ سەت مايلىشىپ كەتتى. پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىدىن ئوتتۇن دۆۋىسىگە كىرسىن تامچىلايتتى.

سەرەڭگىنى مەتتوختىنىڭ ئۆزى ياقتى. ئوتتۇن دۆۋىسى لاپ قىلىپ يېنىش بىلەنلا، ئابدۇغۇپۇر ئوت ھالقىسى ئىچىدە قالدى. ئۇچقۇنلارنى چاچرىتىپ يالقۇنلار ئۇزۇن قىپقىزىل تىللىرىنى ئاسمان پەلەككە سوزدى. ئالمان دەسلەپتە سېرىلەنگەندەك، ۋەھىمە بىلەن داڭ قېتىپ قاراپ تۇرۇشتى. كېيىن بەرداشلىق بېرەلمەدى، پەرياد چەكتى. بىر ئايال قولاق پەردىسىنى يىرتقۇدەك چىرقىرىۋەتتى، قىزلار «توۋا» دەپ ياقىلىرىنى چىشلەشتى، ئاياللار، بالىلار زار قاقشاپ ھۆڭگىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. بىر - بىرلىرىنى ئىتتىرىشىپ ئۆيلىرىگە قاراپ قېچىشتى. مۇشۇ ئەتراپتىكى خەلقنىڭ تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ئەڭ ياۋۇز، ئەڭ ۋەھشىي جازا كۆرۈنۈشى دېھقانلارنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىپ يىرتىپ تاشلىماقتا ئىدى. غۇلغۇلا، ۋاڭ - چوڭ كۈچەيدى. ئادەملەر ئاكتىپلارنىڭ توسۇشلىرىغا، پوپوزا قىلىشلىرىغا، قوپال ئىتتىرىشلىرىگىمۇ قارىماي تارقىلىپ كېتىۋاتاتتى. ھاۋانى ئادەم گۆشىنىڭ كۆيگەن پۇرىقى، قاڭسىق بۇس قاپلىدى. پۈتۈن يېزا ۋەھىمىگە، ماتەمگە چۆمدى. تالاي كىشىلەر خورلۇق ھېس قىلىپ، نارازىلىق ئىستىكىدە ۋۇجۇدى ئۆرتەندى. شەپقەت بىلەن ئەركىنلىكمۇ، پاتپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ قىپپىدە تىكىۋەتمەكچى بولۇشۇۋىدى، مەتتوختى بايقاپ قېلىپ توختىتىۋالدى.

بۇ مۇدھىش كۈندىكى ئاخىرقى دەھشەتلىك مەنزىرە شەپقەتنىڭ ئېسىدە ئەبەدىي قالدى.

ئابدۇغۇپۇرنىڭ ئۈچىنچى كۈنىدىكى كېيىم-كېچەكلەر بىلەن سېپىلگەن كىرسىن كۆيۈپ تۈگىگەندىن كېيىن، گەۋدىسى ئىسسىپ، بىقىسىپ يانماي تۇرۇۋالدى. ئاستىدىكى ئوتۇن دۆۋىسى ھەيۋەتلىك يالقۇنلاردا لاۋۇلداپ، چاراسلاپ كۆيەتتى. بىراق مۇردىدىن پىژىلداپ ماي ئاقاتتى. ئۇنىڭغا يەنە كىرسىن چېچىشتى. ئوت چەمبىرى ئۇنى قايتىدىن يۇتتى. ئەمدى مۇردىنىڭ پەيلىرى قىسقىراپ گەۋدە تارتىشىپ قورۇلۇشقا، تۈگۈلۈشكە باشلىدى. بىراق ئادەمنىڭ ئۆلۈكىنى بۇنداق ئېسىپ كۆيدۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. كىرسىن چېچىشنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاشقا توغرا كەلدى. ئابدۇغۇپۇرنىڭ باش-كۆزى تونۇردا ئۆتلەنگەن ئوروق قوينىڭ كاللىسىغا ئوخشاپ قالدى. يۈزى قازاندەك قارىيىپ كەتتى. قورۇم باسقان، ھىڭگايغان چىشلىرى بىر تەرەپكە قىيسىپ، ساڭگىلاپ چىققان تىلىنى مەھكەم چىشلەپ تۇراتتى. ئابدۇغۇپۇر كۆرۈلدەپ يېنىۋاتقان يالقۇنلار تەپتىدە ھەر تەرەپكە ئايلىناتتى، پىرقىرايتتى. تەۋرىنەتتى، سىلكىنەتتى. شۇ تۇرقىدا گويا تۆت تەرەپكە كۆزلىرىنى قىسىپ قاراپ، ئۇزۇن تىلىنى چىقىرىپ چىشلەپ، نېمىگىدۇر پۇشايمان يېۋاتقاندەك «خەپ!» دەۋاتقاندەك، دۇنيانى سۆزسىز مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

شەپقەتنىڭ بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش ئىدى. مەگزىنى كۆيدۈرۈپ سىرغىۋاتقان قان-ياشلار يەرگە تامچىلاپ، پوپاك توپا ئۈستىدە چېچىلغان مارجانلاردەك دومىلايتتى. يۈرەك تومۇرلىرى چاراسلاپ ئۈزۈلۈۋاتقاندەك ئىدى. كۆز ئالدىدىكى قىيامەت ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ يېرىم ياۋايى يىللىرىدا ئەمەس، بەلكى 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بولۇۋاتاتتى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ھايۋانىي ياۋايىلىقتا ئەمەس، بەلكى ئاتوم ۋە ئېلېكترون دەۋرىدە، نۇر ۋە ئۇچقۇر دەۋرىدە بولۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇلارغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بىراق ئىشەنمىگەنلىككە پاكىت يوقىلىپ كەتمەيدۇ-دە، شۇ بىر كۈن بىر يىلدەك ئۇزۇن بىلىندى. كۆزلىرى تورلاشتىمۇ-قانداق؟ تۇيۇقسىز ئاسمان گۈمبىزى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كۆزىگە مۇزارتنىڭ ھەيكەلى كۆرۈنۈپ، بارا-بارا ئېگىزلەشكە، يوغىناشقا باشلىدى. ھەيكەل يېنىدا ساۋۇتنىڭ كېلىشكەن نۇرانە چىرايى، لوپ-لوپراق گەۋدىسى پەيدا بولدى. ئۇلار چايقالدى، بۇ نېمە بولغىنى؟ بۇ مەنزىرە ئابدۇغۇپۇرنىڭ پۇلاڭلاۋاتقان جەسىتىنىڭ ئارقىسىدا، ئاسمانغا ئېسىلغان ھەيۋەتلىك سۈرەتتەك نامايان بولدى. ئاستا-ئاستا بۇ ئۈچ گەۋدە بىر-بىرىگە يېقىنلاشتى. ئۈچىلە قېشىغا جەم بولۇپ شۇ ھالەتلىرىدە ئۈچ ھەيكەلگە ئايلاندى. ھەيكەللەرمۇ، ئۈچىلىسى كۆككە بوي تارتتى. ئاندىن ھەممىسى بىرلىكتىن قويۇلغاندەك قېتىپلا قالدى. لېكىن ئۇلارنى پۇرقىراۋاتقان ئىس-تۈتەك قاپلاپ پىرقىرايتتى. بۇ ئىس-تۈتەك يۇلتۇزسىز كېچە رەڭگىدە ئىدى. لاۋۇلدىغان ئوت ھەيكەللەرنىڭ ئاستىدىن ئۆرلىسە، بۇلۇتلۇق ئاسمان ئۈستىدىن سۈر بىلەن باساتتى. بۇلۇتمۇ، ئىسمۇ، ئوتمۇ تەۋرىنەتتى. ئاستا-ئاستا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ تەۋرىگەندەك بولدى. شەپقەتنىڭ گەۋدىسىمۇ تەۋرەندى بولغاي، ھەممە نەرسە تەۋرىدى. ئۇ كۆزىنى چىمچىقلاتتى، ھەيكەللەر يەنىلا تەۋرەنمەيتتى. بىردىنلا چاقماق چاققاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى. شەپقەت ئۆزىدە ئاشۇ تەۋرەنمەس ھەيكەللەر جەملىنىشىنى ياساپ چىقىش ئىستىكىنىڭ تۇغۇلۇپ، كۆڭلىنى يورۇتۇپ ئۆتكەنلىكىنى بىلدى. بۇ-ۋىجدان بۇرچى، بۇ يېڭى ئىرادە ئىدى. ئۆلمىسىلا ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بۇرچ، ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك ئىرادە ئىدى. ھەممە نەرسە تەۋرەنسىمۇ ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسى تەۋرەنمەيتتى، بەلكى ئالماستەك سۈزۈكلىشىپ ۋە چىڭىپ، ئۆتكۈرلىشىپ باراتتى.

# دەردمەن

(ھېكايە)

**قادىر ئارسلان**

مەن بۈگۈن ئۈلگىدىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم. بىزنىڭ ئۆزئارا خەت يېزىشمىغىنىمىزغا بىر يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ خەت مېنى ئەجەبلەندۈرمىدى. چۈنكى، ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى بىر - ئىككى يىل ئىچىدە ئۆزئارا خەت يېزىشنى ئۈزۈلدۈرمەيدۇ، ئېھتىمال بۇ مەكتەپ ھاياتى، بىللە ئۆتكەن كۈنلەرگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بولسا كېرەك. كېيىن بولسا، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ سالام خەتلەرنىڭ ئارىلىقىمۇ ئۇزىراپ بارىدۇ. ئوقۇغۇچىلىق ھايات بىلەن خوشلاشقىنىمىزغا 20 يىلغا يېقىن بولۇپ قالغان بىزدەك ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق.

بۇ خەت ماڭا بىرەر خۇشاللىق بېغىشلىيالمىدى. چۈنكى خەتكە كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىشلار يېزىلغان بولۇپ، يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمەي قالغان بىر دەردمەننىڭ شىكايىتىگە تولغانىدى.

خەتنى قايتا - قايتا ئوقۇدۇم، ئوقۇغانسېرى بۇ خەتنى بىرەر ژۇرنالدا ئېلان قىلىش خىيالى تۇغۇلدى. ساۋاقدىشىمۇ مۇشۇ خەت ئارقىلىق ئۆز ھېسسىياتىنى، ئويلىغانلىرىنى كىشىلەرگە ئاشكارا قىلىشنى خالايدىغاندەك بىلىنىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ خېتىنى باشقىدىن كۆچۈرۈپ چىقتىم:

«سالام قەدىرلىك دوستۇم!

سالامەتمۇ سەن؟ ئۆي ئىچى تىنچلىقتۇر؟

مەنمۇ سالامەت، ئويلاپ باقسام ساڭا خەت يازمىغىنىمغا بىر يىلچە بولۇپ قاپتۇ. ھاياتىمدا بەزى ئۆزگىرىش ۋە ئىشلار يۈز بەرمىگەن بولسا، بەلكىم يەنە خېلى ۋاقىتلارغىچە خەت يازماسلىقىم مۇمكىن ئىدى. نېمىشقىدۇر ساڭا دەردىمىنى تۆككۈم كەلدى - دە، بۇ خەتنى يېزىشقا كىرىشتىم.

بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى تەشكىل مېنى ۋىلايىتىمىز بويىچە خېلى نامرات ھېسابلىنىدىغان بىر ناھىيىگە بېرىپ ئىدارە باشلىقى بولۇشنى تەكلىپ قىلدى ۋە ئويلىنىپ كۆرۈشۈم ئۈچۈن بىرئاز مۆھلەت بەردى. ئىدارىنىڭ ۋەزىپىسى مېنىڭ ئوقۇغان ۋە ئون نەچچە يىلدىن بېرى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىم بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، خەتتە ئىدارە نامىنى يېزىپ ئولتۇرۇشنى لايىق تاپمىدىم. ئويلىنىپ كۆردۈم: بۇ يېڭى خىزمەتنىڭ ماڭا زىيىنىمۇ، پايدىسىمۇ بار ئىكەن. زىيىنى، شۇنچە يىل ئىشلەپ ئۆزلىشىپ قالغان ئىدارەمدىن، خىزمەتداشلىرىمدىن ئايرىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. پايدىسى، ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدىكەنمەن. چۈنكى، بىلىمى بولغىنى بىلەن، يېتەرلىك شارائىت بولمىغانلىقتىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدىغان ئەھۋاللار بىزدە كۆپ ئۇچرايدۇ. مەن بۇنىڭغا ئىگە بولغان ئىكەنمەن،

نامرات ناھمیددکی پۇقرالارنىڭ قەددىنى كۆتۇ-
رۇشكە ياخشى خىزمەت قىلالايمەن.

ئاخىرى مەن تەشكىلگە ماقۇللۇق جاۋابىنى
بەردىم.

يېڭى ئىش ئورنۇمغا كەلدىم. بۇ ئىدارىنىڭ
خادىملىرى ئونغىمۇ يەتمەيددكەن. ئۇلار بىلەن
دەسلەپكى ئۇچرىشىش كۆڭلۈمنى سەل غەش ق-
لىپ قويدى. كىشىلەر بىلەن يېڭى تونۇشقاندا،
قارشى تەرەپنىڭ سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى كۆ-
ڭۈلنى غەش قىلىدۇ. مەنغۇ سوغۇق مۇئامىلىگە
دۇچ كەلگىنىم يوق. مېنىڭ يولۇققىنىم، ھەددى-
دىن زىيادە ئېگىلىپ سالام بېرىشلەر، قولۇمنى
ئاۋايلاپ تۇتۇپ بىر ھازاغىچە يېنىك سىلكىش-
لەر، «سىلىدەك قابىل رەھبەرنىڭ ئىدارىمىزگە
كېلىشى، پۇقرىدىنىڭ بىزگە قىلغان چەكسىز غەم-
خورلۇقى»، «ئاتىدارچىلىقلىرىدا ياخشى ئىشلەپ
كېتىشكە ئىشەنچىمىز كامىل»، «ھەرقاچان خىزمەت-
لىرىگە تەييارمىز» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بول-
دى. بۇ مۇئامىلىلەر ۋە خۇشامەت سۆزلىرى مې-
نى ئىختىيارسىز قورۇندۇرۇپ قويدى، كۆڭلۈم
پەرىشان بولدى. سالام دېگەنمۇ جايىدا بولۇشى،
قول كۆرۈشۈشمۇ ئەركەكلەرچە بولۇشى كېرەكقۇ.

مەن راستىنلا پەرىشان بولدۇم. كەينىدىن ئۆ-
زۈمنى ئەيىبلىدىم: ئەمدىلا كېلىپ، ئېھتىياتچان-
لىق سەزگۈرلۈكۈم ئېشىپ كەتتىمۇ-نېمە؟ بەلكىم
ئۇلارنىڭ يۈز كۆرۈشكەندىكى مۇئامىلە ھەرىكى-
تى ۋە سۆزلىرى، نورمال ئادەت كۈچىدىندۇر.

لېكىن، مەن ياتىقىمنى كۆرگىنىمدە تېخىمۇ
پەرىشان بولدۇم. مېنىڭ يالغۇز كېلىدىغانلىقىم،
ۋاقتىنچە بىرەر ئېغىزلىق ياتاق تەييارلاپ قو-
يۇلسىلا بولىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈلگە-
نىدى. بىراق ماڭا تەييارلانغىنى ئازادە، يېڭىدىن
ئاقارتىلغان ئىككى ئېغىز ئۆي بولۇپ، سىم كا-
رىۋات، دىۋان، يېزىق ئۈستىلى، ئىتاژېركىدىن
تارتىپ، چايدان، قاچا-قۇچىغىچە قويۇلغان،

ھەتتا تېلېۋىزور بىلەن ئۈندىدالغۇمۇ ئورۇنلاشتۇر-
ۇلغانىدى. دەسلەپتە مەن ئىدارىدىكى بىرسى-
نىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالغان ئوخشايمەن دەپ قال-
دىم. لېكىن مېنى «كۆچۈرۈپ» قويغىلى كەل-
گەنلەردىن بىرسى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئېگىلىپ:

— ياجۇيجاڭ، ئالدىراپ قالغانلىقىمىزدىن سى-
لىنىڭ مۇبارەك خانىلىرىنى لايىقىدا تۈزەشتۈرۈش-
كە ئۈلگۈرەلمەي قالدۇق، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا.
كەم-كۈست نەرسىلەرنى مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە
تولۇقلاپ بولىمىز، — دېدى. دېمەك، بۇ مېنىڭ
ياتىقىم ئىكەن. شۇ ئەسنادا غۇژژىدە كەلگەن
ئاچچىقىم چىرايىمغا چىققان بولسا كېرەك، يې-
ڭى خىزمەتداشلىرىم تەمتىرىشىپ بىر-بىرىگە قا-
راشتى. مەن ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم، كەلگىنىمگە
بىر كۈن بولا-بولمايلا خىزمەتداشلىرىمنىڭ كۆڭ-
لىگە ئازار بېرىشنى لايىق تاپمىدىم. بەلكىم ئۇ-
لار مېنى بەزى باشلىقلارغا ئوخشاش دەپ ئوي-
لاپ قالغاندۇ. بۇنى ئەتە-ئۆگۈنگىچە چۈشەندۈ-
رۈۋالارمەن.

مەن چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئۇلارنى
دىۋانغا تەكلىپ قىلدىم. ئۇلار يېنىك تىن ئېلىش-
تى. ئۇلارغا تاماكا تۇتتۇم. تۇۋا، ئۇلار باشلىق
تۇتقان تاماكىنى ئالغىچىمۇ نەچچە ئېگىلىپ كې-
تىدىكەن، چىرايىدىكى غەلىتە بەختىيارلىق جىلۋ-
ۋىسىچۇ تېخى!

ئۇلارنىڭ بەس-بەس بىلەن ئۆيىگە تەكلىپ
قىلىشلىرىنى چارچاپ كەتكەنلىكىمنى باھانە قى-
لىپ رەت قىلدىم. ئۇلار بىردەم زورلاپ بېقىشىپ،
ئاخىرىدا: «بوپتۇ، ياجۇيجاڭ ئارام ئالسۇن، سا-
لامەتلىك دېگەن ئىنقىلابنىڭ دەسمايىسى ئە-
مەسمۇ. رەھبەرلەر سالامەتلىكىنى ئاسرىمىسا بو-
لامدۇ» دېيىشتى ۋە كەينىچە مېڭىشىپ چىقىپ
كېتىشتى.

مەن كارىۋاتقا سوزۇلدىم. بۇ ئىدارىگە

كەلگەنلىكىنىڭ تۇنجى كۈنى كۆڭۈلسىز باشلانغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئۆزۈمنى پەرىشان خىياللاردىن قۇتقۇزۇش كويىدا، تېلېۋىزورنىڭ كۇنۇپكىسىغا قولۇمنى ئۇزاتتىم - يۇ، شۇ ھامان قولۇمنى تارتىۋالدىم. بۇ «ياتاق» قا كىرگەن چېغىمدىكى ئىشلار كۆز ئالدىمغا كېلىپ تۇرۇۋالدى. بىر چاغدا دېرىزەم تۈۋىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بالىلارنىڭ چۇۋۇرلاشلىرى ئاڭلاندى:

— ئاداش، ئەمدى نەگە بېرىپ تېلېۋىزور كۆرىمىز؟

— مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ ئۆيىگە بارمايلىمۇ؟

— قويغىنە، دادىسى تازا سەپرا ئادەم، كۆرگىلى قويامدۇ؟

— يېڭى كەلگەن باشلىقىڭىزغا بىزنىلا تەس ئۆتكە قويىدىغۇ.

— شۇنى دېمەمسەن. نەچچە ۋاقىتتىن ھەممىمىز كۆرۈپ كېلىۋاتقان تېلېۋىزورنى ...

— ھەي، بوش گەپ قىلىڭلار، ئاڭلاپ قالمىسۇن ...

چۇۋۇرلاشلار بارغانسېرى يىراقلىشىپ غايىب بولدى. مەن بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ كېلىش مەنبەئىنى بىلىۋالدىم.

ھەي، تۇنجى كۈنۈم ياخشى باشلانمىدى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان بولسىمۇ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ مىجەز - خۇلقى بىلەن ئالدىن تونۇشۇۋالغان بولاتتىم. ئۇ يېرىم يىلدىن بۇيان ۋىلايەتتە داۋالىنىۋېتىپتۇ.

ئاخشىمى ماتېرىيال كۆرۈشۈمگە تەسىرى بولىدۇ، دېگەن باھانە بىلەن تېلېۋىزور ۋە ئۈنئالغۇنى ياندۇرۇۋەتتىم. دېۋانلارنىمۇ تارچىلىق بولۇپ كەتتى دەپ قايتۇرۇۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن، خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. لېكىن «ياچۇيجاڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خىزمەتكە بېغىشلىغان كادىر ئىكەن، ئاددىي - ساددىلىقىنى دېمەمسىلەر! بۇنداق رەھبەرگە ئېرىشكىنىمىز بىزنىڭ بەخت - تەلىيىمىز» دېگەندەك تېتىقسىز مەدھىيىلەر كەيپىمنى بۇزدى. ئۇلار تۇنۇگۇنلا: «رەھبەر دېگەننىڭ ئۆزىگە لايىق سەۋىيىسى بولمىسا بولامدۇ؟ ياتىقىدا بۇ نەرسىلەر بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ بىز خىجىل بولماي قانداقمۇ يۈرەلەيمىز؟» دېيىشكەنىدى.

مەن بۇ ناھىيىگە كەلگەندە ناھىيە رەھبەرلىرى ئىدارە ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كۆپ بولسىمۇ قىلىنماي كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەن ئىدارە ئىشلىرىنى ئىزدىغا سېلىشنى، ئىشنى ئاۋۋال خىزمەتچىلەر بىلەن سۆزلىشىش، ئۇلارنىڭ ئىدارىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە بولغان كۆز قارىشىنى ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلاش، ئاندىن پىلان تۈزۈشتىن باشلىماقچى بولدۇم.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىدارىگە كىرىپ ئىشخانا ئىشىكىنى ئېچىشىمغا ئارقامدىن:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ياجۇيجاڭ، ئوبدان قوپۇپلىمۇ؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ، تۈنۈگۈن مېنى ياتاققا كۆچۈرۈپ قويغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھە دېسە پۈكۈلۈپ تۇرىدىغان قەددى، تاماكىدا سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ تىنىماي ھىجىيىپ تۇرىدىغان قېلىن كالپۇكلۇق ئاغزى نېمىشقىدۇر تۈنۈگۈنلا مەندە ياخشى تەسىرات قالدۇرمىغانىدى. دوستۇم، خېتىمدە ئىدارەمدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدىم. شۇڭا، گەرچە ئەدەبسىزلىك بولسىمۇ، بۇ كىشىنى ھىجاق دەپ ئاتاپ تۇراي.

— ھە، يامان ئەمەس، ئىشقا كەپسىز؟ — دېدىم.

لېكىن، ئىش مېنىڭ كۈتكىنىمدەك بولمىدى،

ئۇنىڭ پۈكۈلۈپ تۇرۇپ قاتاڭغۇر قوللىرىنى ئۇزىتىشى مېنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدى. مەن قولۇمنى بەردىم. ئۇ قولۇمنى گويا ئاسان سۇنۇپ كېتىدىغان بىر نازۇك سەنئەت بويۇمىنى تۇتقاندەك ئاۋايلاپ تۇتتى - دە، بىر ھازاغىچە يېنىك سىلكىپ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن داۋام قىلىدىغان ئامانلىق سوراش سۆزلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى. مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي تىمگىرقاپ تۇرۇپ قالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىلەموت ئوقىدەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا سۆز قىستۇرۇپ ئۈلگۈرۈشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

خۇداغا شۈكرى، ئاخىرى «پىلەموت ئوقى» ئېتىلىپ بولدى. مەنمۇ جاۋابىنى «تىنچلىق» دېگەن سۆز بىلەنلا تاماملاشنى مۇۋاپىق تاپتىم.

ھېجاق ئارقىمدىنلا سۈگدىشىپ ئىشخانىغا كىردى. مەن ئورۇندۇققا قاراپ مېڭىشىمغا ئۇنىڭ ھودۇققان ھالدا ئېيتىلغان: «توختاپ تۇرسىلا، ياجۇيجاڭ!» دېگەن سۆزى بىلەن، نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك شاپپىدە توختاپ قالدىم. ئەسلىدە، ئۇ ھودۇققىدەك، مەن چۆچۈگىدەك ئىشمۇ يوق ئىكەن. ئۇ ئىشىك يېنىغا قويۇلغان ئىشكاپنىڭ ئۈستىدىن بىر پارچە لاتىنى ئالدى - دە، ئورۇندۇقنى شارتىلدىتىپ سۈرتتى. مەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— ھاي - ھاي، ئۇنداق قىلماڭ، ئۆزۈم تازىلىۋالىمەن، — دېدىم.

— ئۇنداق دېمىسىلە ياجۇيجاڭ، ئۇنداق قىلغىلى بولامدىغان، بىز تۇرساق، — ھېجاق «ھاي - ھوي» دېگۈچە ئۈستەلنىمۇ سۈرتۈپ بولدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئىشخانا تونۇگۈنلا تازىلىنىپ بولۇپتىكەن. بولمىسا، ھېجاق بىلەن سۈپۈرگە، چېلەك تالىشىپ بىرمۇنچە ئاۋارە بولار ئىكەنمەن.

ئۇ، بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك تۇرۇپ قالدى. ئەسلىدە، مەن بۈگۈن تۇنجى يۈز كۆرۈشكەن ئادىمىم شۇ بولغاندىكىن، تۇنجى سۆھبەتنى ئۇنىڭدىن باشلاي دەپ ئويلىغاندىم. لېكىن ھازىر رايىم قايتتى، بۇنداق ئادەم بىلەن، بىردىم كۈن سۆزلەشسەڭمۇ، ئۇنىڭدىن كۆڭۈلگە ياققۇدەك بىرەر تەكلىپنىڭ چىقىشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا ئۈن - تىنسىز بېرىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردۇم.

— ئەمىسە مەن چىقاي ياجۇيجاڭ، بىرەر تاپشۇرۇقلىرى بولسا ھايت دەۋەتسىلە، مەن تەييار، — دېدى ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ،

— چىقامسىز، ماقۇل، — دېدىم مەن ئۈستەل تارتمىسىنى ئېچىۋېتىپ، — بۇندىن كېيىن بۇ ئىشلارغا ئاۋارە بولۇپ يۈرمەڭ، ئۆزۈم قىلىۋالىمەن.

— ئۇنداق بولامدىغان، ئۇنداق بولامدىغان، بىز تۇرساق، بىز تۇرساق ... ، — ئۇ شۇلارنى دېگىنىچە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن يەنە كەينىگە يېنىپ ئۈستەلنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئاغزىنى ئەڭ يۇقىرى كېرىلىش چېكىگىچە كېرىپ ھىجىيىپ سۆزلىدى:

— ئەمدى شۇ، ياجۇيجاڭ، سىلىگە مەلۇم، بىزدە بىر كىشى يېڭىدىن بىر يەرگە بارسا ئۇ يەردىكى تونۇشلارنىڭ ئۆيىگە پەتە قىلىپ قويىدىغان ئادەت بار. كەچتە بىزنىڭ ئۆيىنى پەتە قىلىپ قويغان بولسىلا، بېشىمىز كۆككە تاقىشاتتى.

پەتە قىلىش نورمال بىر ئىش بولغاچقا ئانچە ئويلانمايلا:

— قېنى، ئۇمۇ بولۇپ قالار، — دېدىم مەن.

ھېجاق ھېجايغان پېتى كەينىچىلەپ مېڭىپ دېگۈدەك ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى، مەن بىر ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئۇھ تارتتىم.

كۆپىنچە ھاللاردا ئادەمنىڭ ئەتىگەندىكى كەيپى ياخشى بولسا، شۇ كۈننى كۆڭۈللۈك

ئۆتكۈزدۇ. لېكىن ھىجاق مېنىڭ كەيپىمنى قاق سەھەردىلا ئۇچۇرۇۋەتتى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئالدىمدىكى ئەينەك تاختا ئاستىدىكى كالىندارغا قارىغىنىمچە بىرھازادىچە ئولتۇرۇپ قالدىم. لېكىن مېنىڭ ئىشلىشىم كېرەك ئىدى. ئاخىرى ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم، زېھنىمنى يىغدىم.

ئىدارە خادىملىرى بىلەن قىلغان سۆھبىتىم پۈتۈن بىر كۈن داۋام قىلدى. مەن سۆھبەت داۋامىدا ھەر بىر خادىمنىڭ ئىدارە ئىشلىرىدىكى پالەچلىكتىن ئىچى پۇشۇش ئالامەتلىرىنى كۆرۈشنى، ئۇلاردىن ئۇرغۇپ تۇرغان ئىش غەيرىتىنى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە تەكلىپلەرنى كۈتكەنىدىم. بىراق، نەتىجە ئۇ دەرىجىدە بولمىدى. توۋا، خۇدايىم تاللىغاندەك بىرمۇنچە غىلجىڭلار بۇ ئىدارىگە يىغىلىپ قاپتۇ. ئۇلار ھىجاقتەك «دەرىجىدىن تاشقىرى» ھېچنېمىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسىمۇ، باشقىچە ئۇسۇل، ئۆزگىچە قىياپەتلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ باشلىققا بولغان ھۆرمىتى ۋە ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىكەن. ئۇلاردىن كەسپىي ئىشلار توغرىسىدا سوئال سورىسا ئىنجىقلاپ قالىدىكەنۇ، باشقىلار ئۈستىدە ئېغىز ئېچىلسا تىللىرى راۋانلىشىپ، ئۇلارنى بىر تىيىنغا ئەرزىگۈسىز قىلىۋېتىدىكەن. ھىجاقتىن باشقا يەنە بىرەيلەن دىققىتىمنى تارتتى، ئۇنىڭ سىنچى كۆزلىرى ئادەمنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەرنى بايقاش ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقىنىمدا، ھەر بىر سۆزنى قىلغىنىدا چىرايىمغا قاراپ قوياتتى، چىرايىمدا خۇشياقماسلىق ئالامىتى بولسىلا، گەپنى باشقا تەرەپكە يۆتكەيتتى. مەن ئىچىمدە ئۇنىڭغا تۈيغاق دېگەن نامنى قويۇپ قويدۇم.

مەن بۇ يەرگە شۇنچە ئىرادە، شۇنچە ئۈمىد بىلەن كەلگەن بولساممۇ، مەشىق قىلدۇرۇلمىغان تومتۇۋاق لەشكەر بىلەن جەڭگە كىرمەكچى بولغان سەردارنىڭ ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى قەلبىمنى چۇلغىۋالدى. ھېلىمۇ ياخشى «لۈم - لۈم» بىلەن «ھاكاۋۇر» مېنىڭ روھىمنى كۆتۈرۈپ قويدى.

دوستۇم، بۇ ئىككىيلەننىڭ قۇلاققا ياقمايدىغان لەقەملىرىنى ئېيتىشىم ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. لېكىن، خېتىمدە لەقەم ئىشلەتكەن ئىكەنمەن، بۇنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغىنىم تۈزۈكتەك تۇرىدۇ. ئەمما، شۇنى ئەسكەرتىپ قويايكى، بۇ ئىككى لەقەمنى مەن ئەمەس، ئىدارىدىكى نادانلار قويۇپ قويۇشقانىكەن، كېيىنچە ئۇقتۇم.

45 ياشلارغا كىرىپ قالغان «لۈم - لۈم» گەپنى ئالدىرىماي قىلىدىغان، ئالدىدىكى ئادەمدىن ھېيىقىۋاتقاندەك، كۆزىنى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تىكىپ سۆزلەيدىغان ئادەم، «ھاكاۋۇر» بولسا ئالىي مەلۇماتلىق، يېشى 30 دىن ئاشقان، چاقماقتەك سۆزلەيدىغان يىگىت. ئۇلار ئىشخانىغا كىرگەندە، مېنىڭ بىلەن قىسقىلا سالاملاشتى. سۆھبەتتە ئۇلار ھېچكىم ئۈستىدە قايناپ، ئاغرىنىپ ئولتۇرمىدى، بەلكى ئىدارىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى ئۈستىدە ئويلىغانلىرىنىلا ئېيتىشتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قەلبىمدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى قايتىدىن چاچراشقا باشلىدى. مەن ئۇلارغا ئىدارىنىڭ خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشنى تاپشۇردۇم، ئۇلارمۇ روھى كۆتۈرۈلگەندەك قىياپەتتە چىقىپ كېتىشتى.

چۈشتىن كېيىن ئىشتىن چۈشۈپ ئەمدىلا ئىشىكنى ئېتىشىمگە ھىجاق پەيدا بولدى. بۇ قېتىممۇ ئەتىگەنكى قول ئېلىشىش، ئەتىگەنكى سالام - سائەتلەر تەكرارلاندى. ئاندىن:

— ياجۇيجاڭ، ئەمىسە ئەتىگەن دېگىنىمىز بويىچە پەتىگە ... — ئۇ گەپنىڭ ئاخىرىنى دېمەيلا پوكۇلۇپ تۇرۇپ تەكلىپ ئىشارىسىنى قىلدى.

— بىز تېخى بارغۇ، كېيىنچە بىر گەپ

بولار، — دېدىم مەن چىرايلىقچە رەت قىلىشقا ئۇرۇنۇپ.

— كېيىنمۇ خىزمەتلىرىڭگە بىز تەييار، شۇڭا-نىسى، بالىلارنىڭ ئانىسى ئازراق تەييارلىق قى-لىپ قويۇپتىكەن ...

— پەتىگە تەييارلىق كەتمەيدىغۇ، — دېدىم بىرئاز جەھلىم قاتقان هالدا.

— ئۇغۇ شۇنداق، شۇنداقتىمۇ ... — ئۇ ھە-جايغان پېتى ئېگىلىپ تۇراتتى، — كۆڭلىمىزنى دەپ تەكلىپىمىزنى رەت قىلمىغايلا.

ئۇنىڭ بىچارىلەرچە قىياپىتىگە قاراپ ئوڭاي-سىزلىنىپ قالدىم ۋە ئۇنىڭ رايىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

ھىجاقنىڭ مېھمانخانا ئۆيىدە ئىدارىدىكى ئەر-لەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك («لۈم - لۈم» بى-لەن «هاكاۋۇر»لا يوق ئىدى) تەق ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپ سۈپىدىن تۇ-رۇشۇپ ئالدىمغا يۈگۈرۈشتى ۋە مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىشتى. ئاندىن مېنى كۆتۈرۈپ دې-گۈدەك تۆرگە ئەپچىقىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشتى. ھىجاق پايپېتەك بولۇپ خېلىلا چارچاپ قالغان بولسىمۇ كەيپىياتىدىن بىر خىل مەغرۇرلۇق، مەمنۇنلۇق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.

تاماقتىن كېيىن سەيلەر تارتىلدى ۋە بوتۇلكا، رومكىلارمۇ پەيدا بولۇپ قالدى. مەن بۇ «پە-تە»دىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان بولسامۇ، ئامال قىلالمىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ «شەرىپىم»گە قىلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن ئامالسىز قېلىپ ساھىپخانىنىڭ مېھماندوستلۇقى ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۈچ رومكىنى قۇرۇقداپ، كېيىنكىلىرىنى قەتئىي رەت قىلدىم. بۇ رەت قىلىشىم دەسلەپ-دە ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كىلگەندەك قىلغان بول-سىمۇ، كېيىن ئۇلارنىڭ: «رەھبەر دېگەن ئۆزى-نى تۇتۇشنى بىلمىسە بولامدۇ. بىزنىڭ ياچۇيجاڭزە

بولىدىغان ئادەم ئىكەن جۇمۇڭ» دېگەنلەرنىڭ مەدھىيە سۆزلىرىگە مۇشەررەپ بولدۇم.

چىرايلار قىزىرىشقا، گەپلەر ئاۋۇشقا باشلىدى، بىر - بىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشلەر باشلى-نىپ كەتتى. گويا مەن خېرىدار، ئۇلار بىر - بى-رىنى ماڭا ساتماقچى بولغان بىردىكلەردەك ئىدى. مەن كۈندۈزدىكى سۆھبەتنى ئەسلەپ قالدىم. بىر - بىرلەپ چاقىرىپ قىلىنغان سۆھبەتتە مۇشۇ كىشىلەر بىر - بىرىنى تىللاپ يەرگە ئۇرۇشقانىدى.

ئۇلار ماختاشتىن غەيۋەتكە ئۆتۈپ، ئىلگىرى-كى ئىدارە باشلىقىنى، دوختۇرخانىدا داۋالىنى-ۋاتقان مۇئاۋىن باشلىقنى زاڭلىق قىلىشتى، گەپ ئارىسىدا «لۈم - لۈم» بىلەن «هاكاۋۇر» نى غا-جىلاپمۇ ئېلىشتى.

«مەن مۇشۇ ئادەملەر بىلەن ئىشلەيمەن - ھە!» بۇ سوئال خىيالىمدا پەيدا بولۇۋىدى، كەيپىم تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. خېلى ئىچىۋالغىنىمغا قارىماي يەنىلا تۇيغاق سەگەك چىقتى. ئۇ چى-رايىمدىكى خۇشياقماسلىق ئالامىتىنى سەزدى بول-غاي، دەرھال:

— هاي ئاغىنىلەر، پاراڭ بىلەنلا بولۇپ ياچۇيجاڭنى زېرىكتۈرۈپ قويمايلى. ساز - پاز قىلمايلىمۇ، — دېدى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— توغرا!

— قېنى دۇتار؟

— ياچۇيجاڭدىن كەلمىسۇنمۇ؟

— ما بولىدىغان گەپ.

— قېنى جۇيجاڭ، كۆڭلىمىزنى يەردە قوي-مىغايلا.

مەن رەت قىلدىم، لېكىن ئۇلار، ھېچبولمى-سا قولىدىغا ئېلىپ تىڭشىتىپ قويسىلىمۇ بولى-دۇ دەپ تۇرۇۋېلىشتى. مەن يەنە ئۇلارنىڭ را-يىغا باقتىم،

دوستۇم، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئالىي مەكتەپتە

ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا ئىچ پۇشۇقىدا دۇتارنى ئانچە - مۇنچە تىرىڭلىتىپ يۈرەتتۇق. بۇ «ھۇنەر» دىن قالغىنىمۇ ئۇزۇن زامانلار بولغانىدى. مانا ئەمدى «پەتە» دە دۇتار چېلىش نۆۋىتى ماڭا كەپتۇ.

مەن دۇتارنى سازلىدىم. بىر پەدىگە چېلىپ باقسام قولۇم تازا قولاشمىغاندەك بولدى. مەن پەدىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىۋەتمىسەم ئۇلارنىڭ ئۇنىمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ، مۇدۇرۇلۇپ بولسىمۇ چېلىشقا باشلىدىم. توۋا، بۇ ئادەملەرگە نېمە بولغاندۇ؟ چېلىۋاتقىنىم شوخ كۈي بولسىمۇ، ئۇلار مۇڭلانغاندەك قىياپەتتە ئېڭەكلىرىنى يۆلەپ ئولتۇرۇشىدۇ، ھەتتا بىر - ئىككىسى كۆزلىرىنى زورلاپ چىمچىقلىتىپ يىغى بىلەن سۈرتۈپمۇ ئالدى. بۇ ساختا قىياپەت، ساختا ھەرىكەتلەردىن بەدىنىم تىكەنلەشتى - دە، چېلىشتىن توختىدىم. ئۇلارنىڭ بارىكاللىلىرى ئۆيىنى بىر ئالدى. بەزىلىرى ئۆمرىدە مېنىڭدەك ئۇستا دۇتارچىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىشتى. بەزىلىرى، مەن چالغان ئاھاڭ كىچىك بالىلارغىمۇ تونۇشلۇق بولسىمۇ، ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى ئاھاڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى.

مەن بېشىمنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ پەتىدىن بالدۇر ياندىم. ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي ھىجاق بىلەن تۇيغاق مېنى ياتاققا ئەكىلىپ قويدى ۋە ئورۇنلىرىمنى سېلىپ، كىيىملىرىمنى يېشىپ ياتقۇزۇپ قويۇشماقچى بولدى. مەن تىرىكتىم. مېنىڭ راستىنلا ئاچچىقىم كەلگەنلىكىنى كۆرگەن تۇيغاق ھىجاقنىڭ پېشىنى تارتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا ياخشى چۈش تىلەپ چىقىپ كېتىشتى.

شۇ كېچىسى مەن تۈزۈك ئۇخلىيالمىدىم. مەن بىر ئەر كىشى بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئەركەكلىك غۇرۇرىنى يوقاتقان ئاشۇ كىشىلەرگە ئېچىندىم، باشلىقنىڭ مەرھەمىتىنى جان بېقىشنىڭ كاپالىتى دەپ بىلىش نېمىدېگەن بىچارىلىك - ھە!

قانداقلا بولمىسۇن، مەن ئىدارىدە ئىش بىلىدىغان، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىككى ئادەمنى — «لۆم - لۆم» بىلەن «ھاكاۋۇر» نى تېپىۋالدىم. سۆھبەتتە بەزىلەر «لۆم - لۆم» نى گەپنىمۇ ئوڭلاپ قىلالمايدىغان، سالام - سائەتنى ئۇقمايدىغان بەندە، «ھاكاۋۇر» نى بولسا، ھە دېسە باشلىقلارغا ئاتىكاچىلىق قىلىدىغان نەرسە دەپ يامانلاپ بېرىشكەنىدى. لېكىن، مەن ئىدارىنى يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ تۇرغانلار شۇلار ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى چۈشىنىشكە باشلىدىم. شۇڭا ئۇلار بىلەن مەسىلىلەر ئۈستىدە پات - پات سۆھبەتلىشىدىغان، ئۇلاردىن مەسلىھەت سورايدىغان بولدۇم. باشلىقنىڭ بىر ئادەمگە بولغان مۇئامىلىسى، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسىگە قاتتىق تەسىر قىلىدىغان ئوخشايدۇ. ئاز ئۆتمەي بۇ ئىككەيلەننى يامانشىتىپ يۈرگەنلەر ئۇلارغىمۇ ھىجىيىدىغان، پۇكۇلىدىغان بولۇپ قېلىشىپتۇ. بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىغاندا «لۆم - لۆم» ئۈن - تىنسىز ئاچچىق كۈلۈپ قوياتتى. «ھاكاۋۇر» بولسا، «يۈزسىزلىك» بىلەن: «ئەمدى بىز تەخسىگە سىغمايمىز، پەتنۇس كۆتۈرمەمسىز» دەيتتى. لېكىن غۇرۇرىنى يوقاتقان كىشىلەر بۇنداق ئېغىر گەپنى «چۈمۈلە روھى» نى جارى قىلدۇرۇپ غىڭ قىلماي كۆتۈرۈپ يۈرىدىكەن، بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە نېمىلەر قايناۋاتقانلىقىنى كىم بىلىدۇ دەيسەن؟ ...

مەن كېلىپ بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئىشلار ئازراق يۈرۈشكەندەك بولدى. لېكىن ئۇستەل بىلەن ئورۇندۇقنى ئوغرىغا بەرمەسلىكنى، باشلىققا ۋاقتى - ۋاقتىدا سالام - سائەت قىلىشنى ئۆزىگە مۇقەددەس ۋەزىپە قىلىۋالغانلارنى بۇ «ۋەزىپىسى» دىن ئازاد قىلىشقا قۇربىم يەتمىدى. مەن مىڭ تىپىچەكلىگەن بىلەن، «لۆم - لۆم» بىلەن «ھاكاۋۇر» مىڭ چاپقان بىلەن قالغانلار

ئاياغ ئىچىگە ئۇچى چىقىپ قالغان مەختەك پۇتقا سانجىلىپ ئاقسىتۇۋەرسە، ئىدارە ئىشىدا زور يۈكسىلىش بولۇشى مۇمكىنمۇ؟!

ئۆتكەندە ھىجاق بىلەن تۇيغاقنى بىر يېزىغا خىزمەتكە ئەۋەتكەنىدىم. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا شادلىق ئالامەتلىرى پارلاپ تۇراتتى.

— قانداقراق؟ ئىشلار جايىدىمۇ؟ جاپا چەككەن ئوخشايسىلەر، — دېدىم مەن ئۇلارغا ئۈمىدلىك تىكىلىپ.

— ئىشلار جايىدا، ياجۇيجاڭ، سىلىنىڭ رەھبەرلىكلىرىدە ... — ھىجاق پوكولۇپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — ئىشلار تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولدى.

— ئىش دېگەننى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلىماي ھەددىمىزمۇ، — دېدى تۇيغاق دانا قىياپەتتە.

— بۈگۈن دەم ئېلىۋېلىپ خىزمەتنى ئەتە دوكلات قىلساڭلارمۇ بولىدۇ، — ئۇلارنىڭ چارچىغان قىياپىتىگە قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى. نەچچە چاغدىن بۇلارنىڭ بىر تەرىپىنىلا كۆرۈپ، يېزا خىزمەتلىرىگە پىششىق ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالدىممۇ نېمە دەپ ئۆزۈمگە كايىدىم.

— ياقەي ياجۇيجاڭ، — ھىجاق ئاغزىنى ئاچقىچە، تۇيغاق چاققان چىقتى، — خىزمەت دېگەننى ۋاقتىدا دوكلات قىلىۋەتمەي كۆڭلىمىز ئۇنىمىدۇ!

— قېنى ئۇنداق يېرى بولسا، — مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ مۇھىم جايلىرىنى خاتىرىلىۋېلىش غەرىزىدە تارتمىدىن خاتىرە ۋە قەلەمنى ئالدىم.

ئۇلار بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي دوكلات قىلىشقا كىرىشتى:

— شۇنداق قىلىپ ياجۇيجاڭ يېزىغا چىقتۇق، تەلىيىمىزگە يېزا باشلىقى ئۆيىدە ئىكەن، بىزنى كۆرۈپ قالتىس خۇش بولۇپ كەتتى ...

— سىلىنى سورىدى ...

— يېزا باشلىقى مەرد ئادەم، ئۇ بىر مالنىڭ بېشىنى كەستى.

— تاڭ سۈزۈلگىچە مۇڭداشتۇق ...

— سىلىنىڭ تەرىپلىرىنى كۆپ قىلدۇق، ھەممىسى سىلىنىڭ دىدارلىرىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا بولدى.

— ئەتىسى ئاخشىمى شۇجىنىڭ ئۆيىدە بولدۇق، ئۇمۇ يېزا باشلىقىدىن قېلىشمىدى ...

تايىنى يوق بۇ تېتىقسىز پاراڭلار مېنى قاتتىق زېرىكتۈردى.

— شۇنداق قىلىپ، تاپشۇرغان خىزمەتنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

ھىجاق بىلەن تۇيغاق بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. ھىجاق ھىجايغان ھالدا گەپنى باشلىدى:

— بۈگۈن قايتىشىمىزدا شۇجى بىر سان گۆشنى ...

— يېزا باشلىقىمۇ بىر سان گۆشنى ...

— يەنە بىرەيلەن بىر سېۋەت تۇخۇمنى ...

— ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ قوبۇل قىلىپ تۇرغاي، ئاخىرى ئۈزۈلۈپ قالماسلىققا بىزنىڭگە دېيىشتى.

— سىلىنىڭ تاماكىنى كۆپ چېكىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىۋىدۇق، شورپىسى ئىسسىقنى ئالىدۇ دەپ ئىككى توخۇنىمۇ ئەۋەتتى.

— ئىدارىگە ئەپكېلەيلى دېسەك، بىئەپ دېدۇق ...

— ئۆيىگە قويۇپ قويدۇق، كەچتە سىلىنىڭ خانىلىرىغا ...

ئۇلارنىڭ خىزمىتى ماڭا ئايان بولدى، مەن ئۆزۈمنى بېسىۋالغۇدەك كۈچتىن مەھرۇم بولدۇم.

— ھوي بۇرادەرلەر، سىلەر يېزىغا نېمە قىلغىلى بارغان؟ مەن سىلەرنى گۆش، توخۇ، تۇخۇم ئالغىلى ئەۋەتكەنمىدىم؟ بۇنداق قىلىشىڭلار ئىدارىگىمۇ، ئۆزۈڭلارغىمۇ سەت ئەمەسمۇ؟! ئېمەكچىلەرنى سىلاپ بېقىڭلار، قولۇڭلارغا پەرىك

نەرسىلەر ئورۇنىمىدىكىن ... سىلەر بىر تەركىشىغۇ ئافىنىلەر، ئەركەكتەك ياشاشنى ئۆگىنىۋالساڭلار نېمە بولار! ... — يەنە نېمىلەرنى دېدىم، بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ بىرھازا قايىنىدىم. ئۇلار شۇمشەيگىنىچە قۇلاق سېلىپ تۇرۇشتى. «شۇنداق»، «ھەي، بىز تازا ئەقىلسىزلىق قىلىپتۇق»، «نېمىشقا شۇلارنى ئويلىمىغاندىمىز»، «ھەرقانچە دېگەن بىلەنمۇ رەھبەر دېگەننىڭ ئەقلىمۇ باشقىچە بولىدىكەن» دەپ گەپ قىستۇرۇپ تۇرۇشلىرى تېخىمۇ زەردەمنى قايناتتى.

ئاخىرى سۆزدىن توختاپ تاماكىغا ئېسىلدىم ۋە يەر تېگىدىن ئۇلارغا قارىدىم. ئۇلارنىڭ چىرايىدا يەنە شۇ ئالامەت — ھېجاق ھېجايماقتا، تۇيغاق ساختا كۈلكىسى بىلەن ... توۋا، دۇنىياغا قانداقلارچە تۆرەلىپ قالغان ئادەملەر بۇ؟!

تۇيغاق ئورنىدا بىر نەچچە تولغىنىپ ۋە كالتە - كالتە يۆتىلىپ قويۇپ:

— ئەمدى ياجۇيجاڭ، بىزدىن ئۆتۈپتۇ. مىلىمنىڭ كايىغانلىرى بىزنى ئايىغانلىرى، — دەپ سۆز باشلىۋىدى، ھېجاق گەپنى تارتىۋالدى:

— پۈتۈن ئەس - يادىمىز سىلىدىلا جۇيجاڭ، سىلىنى دەپلا بىزەپ ئىش قىلىپ قويۇپتۇق، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، بىز ناماقۇل.

مەن، ھەرقانچە قايىنساممۇ بولغۇلۇق بولدى، بۇمۇ ئۇلارغا بىر ساۋاق بولۇپ قالار دەپ ئۆزۈمگە ھاي بەردىم ۋە ئۇلارغا ئىجازەت بەردىم.

كەچتە كىتاب كۆرەي دېسەممۇ كۆڭلۈم بارمىدى، شاھمات تاختىسىنى ئالدىم - دە، ئورۇقلارنى تىزىپ ئۆزۈمنى مىلىكە قىلماقچى بولدۇم. بۇ چاغدا تاشقىرىقى ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى ۋە كىملەرنىڭدۇر پىچىرلاشقىنى، نېمىلەرنىڭدۇر تاراقشىغىنى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئىككى گەۋدە ئېگىلگىنىچە كىرىپ كەلدى. بۇلار ھېجاق بىلەن تۇيغاق ئىدى. مەن خۇشياقمىغاندەك قىياپەتتە:

— كېلىڭلار، — دېدىم.

ئۇلار ھېلىقى سالام - سائەتلەرنى بىر قۇر تەكرارلىۋەتكەندىن كېيىن، قورۇنغاندەك قىياپەتتە ئورۇندۇققا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئارىدا بىرھازاغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئىچىمدە مەن ئۇلارنىڭ تېزرەك چىقىپ كېتىپ، مېنى يالغۇز قويۇشىنى تىلەيتتىم. چۈنكى ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشقا زادى رەۋىشىم قالمىغانىدى.

— بەللى، ياجۇيجاڭ شاھماتچىكەن - دە! — جىمجىتلىقنى تۇيغاق بۇزدى، — رەھبەر دېگەن شۇنداق بولسا، ئىش دېسە ئىشتا بار، ساز دېسە سازدا بار، ئويۇن دېسە ئويۇندا ... ھەي، سەنمۇ ئانچە - مۇنچە بىلىدىغاندەك قىلىۋىدىڭغۇ، — ئۇ ھېجاققا قارىدى. ھېجاق ئىككى قولىنى سىلكىپ:

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن، ياجۇيجاڭنىڭ ئالدىدا شاھماتنى بىلىمەن دېگۈچىلىكىم يوق، — دېدى ھېجىيىپ تەمتىرىگەندەك قىياپەتتە.

— ئۇنداق دېمە، يېڭىلسەڭ ئۇستىدىن يېڭىل دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ بىر - ئىككى يۈرۈشنى ئۆگىنىۋالساڭ ئەجەپ ئەمەس. قانداق دېدىم، ياجۇيجاڭ؟

بۇ ناباپ مېھمانلار بىلەن شاھمات ئويناش كۆڭۈللۈك ئىش بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھېچ گەپ بولمىغان تەقدىردىمۇ پۇشۇلداپ ئىككى-ئۈچ سائەت ئولتۇرمىغىچە، خوش دېمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە بېشىمنى لىڭشىتتىم.

ھېجاق شاھماتنى يامان ئەمەس ئوينايدىكەن، ئادەتتىكى چاغلاردا بولسا مېنىڭ يېڭىۋېلىشىم تۇرغان گەپ ئىدى. لېكىن، بۈگۈنكى پەلپەتىش ئىش تۈپەيلىدىن كەيپىم تولىمۇ ئوسال بولغاچقا، دەسلەپىدە بىر نەچچە ئورۇقنى بېرىپ قويۇپ پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدىم. ھېجاق بېرىلىپ ئويناۋاتاتتى، شۇ ئوينىشىدا مېنى مات

قىلىشى ئېنىق ئىدى. لېكىن ئىش بۇنداق بولمىدى، تۇيغاق ئۇنى بىر نوقۇپ قويۇۋېدى، بايەقى ئەستايىدىل قىياپەتى غايىپ بولدى - دە، بىكاردىن - بىكار ئۇرۇقلىرىنى بېرىۋېتىپ، ئاخىرىدا مات بولۇپ قالدى. شاھماتنى ئاتا - بالا ئوينىسىمۇ، قىزىپ كەتكەندە بالا ئاتىسىغا يۈز قارىماي ھۇجۇم قىلىدىغۇ. بىراق بۇ ئىككىسى يېڭىلىپ بېرىشنى باشلىققا بولغان ھۆرمەت دەپ بىلسە كېرەك، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مېنىڭ غۇرۇرۇمنى خورلىغانىدى. ئاچچىق گەپلەر ئاغزىمغا كەلدى-يۇ، يۇتۇۋەتتىم.

ئۇلار نېمىشقىدۇر بۇ قېتىم قايتىشقا ئالدىراشتى. مەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىقىپ تاشقىرىقى ئۆينىڭ چىرىغىنى ياندۇردۇم. پەستە ئىككى سان گۆش، بىر سېۋەت تۇخۇم، يۇڭداپ تازىلانغان ئىككى توخۇ تۇراتتى. مەن ھويلىغا چىقىپ بولغان ھىجاق بىلەن تۇيغاقنى تۇۋلىدىم:

— بۇ نېمە ئىش؟ ئەتىگەنلا سەت بوپتۇ، خاتا قىلىپتۇق دەۋاتاتتىڭلار، بۇ نەرسىلەرنى يەنە كۆتۈرۈپ كەپسىلەرغۇ؟!

— ئەمدى ... ئەمدى ياجۇيجاڭ، بۇندىن كېيىن بۇنداق ئىش بولمايدۇ دېسىلە، ئەمدى شۇ ئەكىلىپ قاپتۇق ...

— بۇ قېتىم مەيلى دەۋەتسىلە، يېزىدىكىلەرنىڭ كۆڭلى ...

— يوقىتىڭلار كۆزۈمدىن! — ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتىم، — ئەتە بىر كۈنلۈك رۇخسەت بېرەي، نەدىن ئەكەلگەن بولساڭلار، شۇ يەرگە ئاپىرىپ بېرىڭلار، ئادەمنى بۇنداقمۇ ئانىسى تاپقان بارمۇ!...

ئازراق ئەقىل - ئىدراك مېنى ئىدارە قىلىپ تۇرمىغان بولسا، بۇ نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ بېشىغا ئېتىشتىن يانمىغان بولاتتىم.

ئۇلار ئەلپازىمدىن قورقتى بولغاي، ئۆزلىرىنى بوقاتقان ھالدا بىردەم داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى، ئارقىدىن بۇ «يېزىدىكىلەرنىڭ كۆڭلى»نى كۆتۈرۈشۈپ قاراڭغۇلۇق قوينىدا غايىپ بولدى.

دوستۇم، بۇ يېزىۋاتقانلىرىم يېقىندا يۈز بەرگەن ھەم كۈلكىلىك، ھەم زەردىنى قايناتتىدىغان ئىشلارنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى. مەن شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، ھەممە ئادەمنىڭ، جۈملىدىن ئۆزىنىڭمۇ ئانا قورسىقىدىن يالىڭاچ چۈشكەنلىكىنى، ھېچكىمنىڭ بىرەر مەرتىۋە بەلگىسى بىلەن دۇنياغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، بەزى كىشىلەر خۇشامەت قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىپ خىسلىتى دەپ بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمىسىمۇ، خۇشامەت بىلەن جان بېقىپ كېتەلىشىگە، ھەتتا قەدىرلىنىشىگە ئىشىنىدۇ. بۇنداق غۇرۇرسىزلىق، ئاللا بەرمىگەن قۇيرۇقىنىڭ ئورنىدا ئۆزىنى قۇيرۇق قىلىپ شىپاڭشىتىش، خۇشامەت تەمە قىلىشتىنمۇ پەسكەشلىك بولمىسا كېرەك، بۇنداق كىشىلەر ئەمەل تۇتقانلارنىڭ ھەممىسىلا باشقىلاردىن خۇشامەت تەمە قىلىدۇ دەپ بىلسە كېرەك. بىراق، باشلىقلار ئىچىدە خۇشامەتنى ھار ئالىدىغان، ياغلىما سۆزلەرنى، غىلجىڭ قىلىقلارنى ئاڭلىغاندا ياكى كۆرگەندە بەدىنى تىكەنلىشىدىغان كىشىلەرمۇ بار. ئۇلار خېلى چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ، لېكىن خۇشامەتنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، ھېچ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالماي تىت - تىت بولىدۇ، تېرىكىدۇ. لېكىن خۇشامەتچىلەر: «تېرىككەنلىرى بىزنى يېقىن كۆرگەنلىكلىرى، كايىغانلىرى بىزنى ئايىغانلىرى» دەپ ھېجىيىپ تۇرۇشىدۇ.

بىلمىسىز، ئادەمنى ئوقۇتۇپ بىلىملىك قىلغىلى بولىدۇ، لېكىن، خۇشامەتكە ئامراق ئادەمنى غۇرۇرلۇق ئادەم قىلغىلى بولامدۇ - يوق؟ مەن بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن. ھەتتا ھازىر،

شۇنداق قىلغىلى بولىدۇ دېگەن سۆزلەرگىمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئېھتىمال بۇ، مەسىلىگە ھەددىدىن زىيادە قاتمال قارىغانلىقىمدىندۇر. ئەگەر بىرەركىم بۇنىڭ ئۇنۇملۇك ئامالىنى تېپىپ بەرسە ئۇ مېنىڭ ئۆمۈرۋايەت ھۆرمەت قىلىدىغان ئادىمىم بولۇپ قالاتتى.

يېقىندا، مەن ئىدارە خادىملىرىنىڭ غۇرۇرىنى تىكلەش مەقسىتىدە بىر يىغىن ئاچتىم، مەن «يۈزسىز» لىك بىلەن خۇشامەتنى سۆكتۈم، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ باراۋەرلىكى، پەقەت خىزمەت تەقسىماتىدا پەرق بولىدىغانلىقى، ئەمما بۇ پەرق خۇشامەت تەلەپ قىلمايدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئۆزىنىڭ بىلىمى، ئەخلاقى ۋە ئىشچانلىقى بىلەن بولىدىغانلىقى ھەققىدە خېلى تەسىرلىك، خېلى ئاچچىق سۆزلەرنى سۆزلىدىم. ئاخىرى نېمە بولدى دېمەمسەن؟ ئۇزاققا سوزۇلغان سۈكۈتتىن كېيىن، ھىجاق، تۈيغاق قاتارلىقلار كەينى - كەينىدىن «پىكىر» بايان قىلىشتى:

— ياجۇيجاڭنىڭ بۈگۈنكى يولىيورۇقى ھەقىقەتەن مۇھىم. دېمىسىمۇ خۇشامەت بىلەنمۇ ياشىغىلى بولامدۇ!؟ ...

— ياجۇيجاڭ بۇ مەسىلىنى ئىنتايىن دانالىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى.

— ئادەم دېگەندە غۇرۇر بولمىسا بولامدۇ؟ مانا ياجۇيجاڭنى ئېيتايلى، مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق غۇرۇرلۇق رەھبەرنى كۆرۈپ باقمىغان.

— ياجۇيجاڭدەك دادىل رەھبەر ئاز تېپىلىدۇ...

.........

كۆردۈڭمۇ، مېنىڭ زور ئۈمىد بىلەن ئاچقان يىغىنىم خۇشامەت بىلەن تۈگىدى، كۈلەيمۇ، يىغلايمۇ؟

دوستۇم، ئىشلىرىم مانا شۇنداق كېتىۋاتىدۇ. ئىچىمدە لىق دەرد. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ئادەملەرنى سەن خۇشامەتچىكەنسەن دەپ بىر ياققا ھەيدىۋەتكىلى بولمىسا، يا جۇڭگودا مەخسۇس خۇشامەتچىلەر ئۈچۈن ئېچىپ قويۇلغان يىغىۋېلىش ئورنى بولمىسا. ئەھۋال شۇنداق بولۇۋەرسە، ئاخىرى ھېلىقى ئىرادە، ئۈمىدلىرىمنى يىراققا تاشلاپ، كۆدە - كۆرپەمنى ئۆشنەمگە ئارتىپ يۇرتقا كېتىشىمگە توغرا كېلەرمۇ؟ سەن بىر مەسلىھەت بەرمەمسەن؟ ...»

دوستۇمنىڭ خېتى شۇ يەردە ئاياغلاشقانىدى. ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشى مېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. مەن نېمە مەسلىھەت بېرەلەيمەن؟ ئۆزۈم شۇغۇللىنىۋاتقان ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاجايىپ رولىغا تايىنىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرەي دېسەم، ھازىر ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بۇرۇندىن ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئاجايىپ مۆجىزىسىگە ئۆزۈممۇ تازا ئىشىنەلمەي قېلىۋاتىمەن. چۈنكى، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە، كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا خىلمۇ خىل ناچار ئىللەتلەر كۈچلۈك تەنقىد قىلىنىۋاتىدۇ، لېكىن بۇنداق ئىللەتلەر بارغانچە ئاۋۇپ كېتىۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدۇ... لېكىن، مەن دوستۇمغا مەسلىھەت بەرمىسەم بولماس، نېمە مەسلىھەت بەرسەم بولار؟ ئويلاپ باقسام، قولۇمدىن كېلىدىغىنى يەنىلا قەلەم ئىشى ئىكەن. ئاخىرى شۇ ھۈنىرىمدىن پايدىلىنىپ دوستۇمنىڭ خېتىنى ئېلان قىلغۇم كەلدى. تاسادىپەن بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، بۇ ئەمگىكىم دوستۇمنىڭ دەردىگە شىپا بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. شۇنداق بولۇشقا نېسىپ بولغاي، ئىلاھىم!

1988 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# كىم مەنچىلىك بولالايدۇ

(ھەجۋى ھېكايە)

بارىچان زەپەر

بىكار گەپ، ھەممىسى بىكار گەپ! ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش سەنئىتىم يوقمىش، قورسىقىم قۇرۇق بولغاچقا مائارىپ تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلىشالمايتىمىشمەن، مەن كىم؟ ... ھەي ... چوڭ گەپ قىلدى دېمەڭلار، ئاشۇ ۋالىي، مۇدىر، دىرېكتور، بۆلۈم باشلىقى ... دەيدىغان كىشىلەرمۇ ئۆز بالىلىرىنى مەكتەپكە ئالدۇرالماي مېنىڭ ئالدىمدا يەتتە تازىم قىلىدىغۇ؟ ...

ئېسىڭلاردا باردۇر، مەن بۇلتۇر كۈزدە بىر ئىشچىنى، يەنە كېلىپ رەسىم سىزالايدىغان بىر ئىشچىنى قوبۇل قىلدىم. ئۇ خېلى ئىشچان نەرسىكەن. بىرەر يىلچە بولدى ئۇ مەكتەپتىمۇ، بىزنىڭ ئائىلىدىمۇ ئىشلەۋاتىدۇ. گەپنىڭ راستىنى ئېيتىۋېتەي، ئۇ كەلگەندىن بېرى، مەن ئايالىمنىڭ تۈگىمەس بۇيرۇقلىرىدىن بىرئاز ئازاد بولدۇم، ئۈچ ۋاخ بازارغا بېرىپ ئوت-ياش ئەكەلمىدىم. ماگىزىنغا ھاراق-شاراب سېتىۋالغىلى يۈگۈرمىدىم. ئىلگىرى مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن دوكلات ياكى خۇلاسە يېزىشقا توغرا كەلسە بېشىمغا تاغ يىقىلاتتى. ئەمدى ئۇنداق ئىشلارنى ئاشۇ ئىشچى بىمالال ئورۇنلىدى، ئورۇنلىماسلىقىمۇ ھەددى ئەمەس-تە! بىرەر يىل بولار-بولماستا، ئىلمىي مۇدىر، كافېدرا باشلىقلىرى دېگەنلەر ئۇنىڭ كېچىلىرىمۇ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، خەتتاتلىق كۆرگەزمىدىكى قۇرۇپ خېلى بىر قىسىم بالىلارغا ھۆسن خەت ئۆگەتكەنلىكىنى، سەنئەت كۆرگەزمىگە دېكوراتسىيە ئىشلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى دوكلات قىلىشتى. قارىسام ئىشخانا ئالدىدىكى قارا تاختاي ۋە ئەينەكلىك رامكىلارمۇ بىر چىرايلىق سۈرەت ۋە ھۆسن خەت بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ، مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ھەم رەسسام، ھەم خەتتات ئىكەنلىكىنى بىلدىم. قارىسام، بىزنىڭ خوتۇنمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. مەيلى، ئوبدان ئىشلىسە كېيىنچە كادىرلىققا ئۆستۈرەرمەن دەپ ئويلىدىم. ئەمما بۇ ئىشنى ئالدىراپ ئورۇنلىماسلىقنىمۇ ئۇنۇتۇپ قالمىدىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلى «قارا ئىشچى» ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ! ... مەن بۇنچىلىكنى ئويلىيالمىسام قانداقمۇ بىر مەكتەپنى ئالقىنىمغا ئېلىپ ئايلاندۇرالايمەن؟ ...

بىلىسىلەر، مەن ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك ئۆيۈمدە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئادەم. بىزنىڭ ئۆيگە نى نى كاتتا باشلىقلار كېلىپ تۇرىدۇ. زىياپەت دېگەندە «ھە، ھۇ» دېيىشكىلى ئادەم بولمىسىمۇ بولمايدۇ. ھېلىقى ئىشچى بۇ جەھەتتە ئۆلچەمگە توشقان ياردەملەشكۈچىلەرنىڭ بىرى. ئېھتىمال ئۇ مېنىڭ ئۇنى كادىرلىققا ئۆستۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، بولمىسا ئۇنچىۋالا پايپېتەك بولۇپ كېتەمدۇ، دېمىسىلەر! ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ پىشىپ كەتكەن قاقباش نېمىدەك قىلىدۇ. توختا، ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ-چىقىپ يۈرۈپ قىزىمغا كۆڭلى

چۈشۈپ قالغان بولمىسۇن يەنە؟ ... ياق، مۇمكىن ئەمەس! قانداقلارچە جۈرئەت قىلالىسۇن؟ ... شۇنچە يوغان مەكتەپنى چىمچىلاق قولىدا چۆرۈپ يۈرگەن مەندەك بىر ئادەمنىڭ كىچىككىنە بىر ئىشلارغا ئەقلى يەتمىگەننى قاراڭلار، مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلگىلى ئىككى يىل بولغان تۇل مۇئەللىمەدىن بىرى بار ئەمەسمۇ، ئاشۇنى ئۇنىڭغا شاقىدىلا چېتىپ قويسام ئىش پۈتمەمدۇ! بۇنداق قىلىشىم ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئىشىغا كۆيۈنگىنىم ئەمەس، بەلكى قىزىمغا ھېلىقى ناكەسنىڭ يامان كۆزى چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تە، ئەلۋەتتە. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئىككىسى مەندىن مىننەتدار بولىدۇ. ئايىغى بوسۇغامدىن ئۈزۈلمەيدىغان بولىدۇ، ھەپتە ئارىلاپ يېيىلىپ تۇرىدىغان زىياپەت داستىخىنىمنىڭ خىزمەت قىلغۇچىلىرىمۇ كۆپەيىدۇ ئەمەسمۇ؟!

ئۆز كېپىمگە كېلەي، ئالدىنقى كۈنى باشقارما دەرىجىلىك بىرنەچچەيلەننى ئۆيگە چاقىرىۋالدىم. نەدىن بىلەي، رەسسام مەست بولۇپ قالغانمۇ نېمە، بىردىنلا ئەلپازىنى يامان قىلىپ، ئېغىزىنى قۇيۇۋەتمەسمۇ! ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— مۇدىر، سىلى تولا ھەددىلىرىدىن ئاشمىسىلا، يۇقىرى بىلەنلا قالماي، تۆۋەننىڭ داد - پەريادىغىمۇ قۇلاق سالسىلا، سىلى قورساقلىرىنى كۆتۈرەلمەي، مۇنداق ....، — ئۇ مېنىڭدىن قىلچە ئەپتارتماي، مېنى دوراپ، قورسىقىنى ئالدىغا چىقىرىپ ئۆردەككە ئوخشاش ئىرغاڭلاپ ماڭغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ماڭغانلىرى بىلەن بىزلەر ئاياغلىرىدا يەنجىلىپ كېتەي دەپ قالدۇق ...

ئۆيۈمدىكى مېھمانلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى. غەزىپىم شۇنداق كەلدىكى، بۇ نانكورنى چايناپ پۈركۈۋەتكىدەك بولدۇم.

ئەتىسى، ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ھېلىقى مۇتتەھەمنى چاقىرتىپ شۇنداق بۇيرۇق قىلدىم:

— سەن ھازىردىن باشلاپ، مەكتەپ ئىشخانىسى ۋە ئىلمىي بۆلۈمدىكى يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىڭنى توختات. بىز سېنى ئىشچىلىق شتاتى بىلەن يۆتكەپ كەلگەنمىز، بۈگۈنلا خوجىلىق بۆلۈم تەركىبىگە ئۆتۈپ، ئادەتتىكى قارا ئىشچىلىقىڭنى قىلىسەن، مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇرۇپ ئىشلەيسەن. ئەگەر پىكرىڭ بولسا، ئەنە دەرۋازا ئوچۇق! نەگە بارساڭ شۇ يەرگە بار! ...

دەل شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوغالتىرىمىز ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئالدىن زاكاز قىلىپ قويۇلغان پىكاپنى ئېلىپ كەلدى. مانا ئەمدى مېنىڭ كەينىمدىن گەپ تاپقان كىشىلەر ماشىنامنىڭ چاڭ - توزىڭى ئارىسىدا ماڭا رەشك نەزەرى بىلەن قارىشىپ قالىدۇ دەڭلار!

بىر كۈنى ۋاقىتچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ناشتا قىلدىم - دە، ئۆي بىلەن ئىشخانا ئارىلىقىدىكى يۈز مېتىر مۇساپىنى پىيادە بېسىشقا كۆڭلۈم ئۇنىماي، پىكاپنى ھەيدىتىپ تەنتەنە ۋە ھەيۋەت بىلەن ئىشخانا بىناسى ئالدىغا كەلدىم. ماشىنىدىن چۈشۈشۈمگىلا بىنا يېنىدا يەر سۈپۈرۈپ، ئەخلەت ئېلىۋاتقان ھېلىقى مۇتتەھەمگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستى - بېشى توپا - چاڭغا مىلەنگەن ھالدا ئېگىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مىيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم. ئۆزىنى بىلمەي شىلتاڭ ئاتقاننىڭ جازاسى شۇ، دەپ ئويلىدىم. ئىشخانامغا چىقسام، ئىش ئۈستىلىمنىڭ ئۈستى ئەرز - داد، ئىلتىماس - تەلەپ خەتلىرىگە تولۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. مەن بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغاندىن بېرى، بۇنداق «داد»لار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغۇ!؟ ... شۇنداق بولسىمۇ، بىكارچىلىقتىن ئىچىم پۇشۇپ بۇ خەت-

چەكلەرنى بىر - بىرلەپ تەتقىق قىلىپ كۆرمەكچى بولدۇم.

بىر خەتتە ئىلمىي بۆلۈمنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى بېسىپ - تارقىتىش ئىشىنىڭ توختاپ قالغانلىقى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب — ھېلىقى ئىشچىنىڭ يۆتكىۋېتىلىپ، يەر سۈپۈرۈش ئىشىغا سېلىنغانلىقى ... ئىكەنلىكى يېزىلىپ، ئۇنى دەرھال ئەسلىدىكى ئىشىغا ئورۇنلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان؛ يەنە بىر خەتتە، مەكتەپتىكى ئوننەچچە نەپەر بويتاق ئوقۇتقۇچىنىڭ ياتاق - ئۆي مەسىلىسى سۆزلەنگەن، ئۇلار ئېغىزدا بىرقانچە گەپ قىلماي، تېخى ماڭا تەھدىت ساپتۇ، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھېچ بولمىغاندا ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچىغا بىردىن ياتاق ھەل قىلىپ بېرەلمىسەك، يۇقىرىغا ئەرز سۇنارمىش، مەكتەپتىن يۆتكىلىپ كېتەرمىش. ۋاي... سويمىلارەي، نېمە بىلجىرلىشىسەن؟ تۆت نوپۇسلۇق مەندەك باشلىقمۇ ئاران سەككىز ئېغىز ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىمەنغۇ، نېمە ئانچە ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىشىسەن؟ داشۆنى پۈتتۈرگەن زىيالىي بولساڭ ئۆزۈڭگە، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم! ياخشى ئىشلەپ مۇشۇ ياخشى شارائىتقا شۈكرى قىلالىساڭ - قىل، بولمىسا، ھەرقايسىڭنى مەن تەلەپمۇ قىلمىغان. چوڭ گەپ قىلىپ ئادەم قورقۇتما، قارا، ئاقىۋىتىڭ ئاۋۇ مۇتتەھەمنىڭكىدەك بولۇپ قالمىسۇن يا نە!؟...

باشقا خەتلەرنىمۇ كۆرۈپ چىقتىم: قارىسام، ھەممىسى تولا گەپ قىلىپ باش ئاغرىتىدىغان، كىشىگە ئەقىل كۆرسىتىدىغان ئالدىپەشلەر ئىكەن؛ ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خەت ھېلىقى مۇتتەھەم ئىشچىنىڭ ئىلتىماسى بولۇپ، ئۇمۇ يۆتكىلىشنى تەلەپ قىپتۇ. غەزىپىم يەنە قوزغىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ھېلىقى ئاخشامدىكى تۇزكورلۇقى كۆز ئالدىمدا قايتا نامايان بولغاندەك بولدى. شۇ ئاچچىقىمدا ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا تەستىق سېلىۋەتمەكچىمۇ بولدۇم. بىراق ئاچچىقىمغا ھاي بەرمەي بولمىدى. ئۆز كەسپىگە قويسا يۇۋاش ئىشلەيدىغان، خەتنى ئالامەت چىرايلىق يازىدىغان يەنە بىرەرىنى تېپىشىمغا كۆزۈم يەتمىدى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە ۋىلايەتنىڭ چوڭ باشلىقلىرى پىكاپلىرىغا ئولتۇرۇپ مەكتەپكە يېتىپ كەلدى. مەن ئۇلارنى راۋۇرۇس كۈتۈۋالماقچى ئىدىم. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇلار تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈندى، ماڭا ھېچ نەزەر سالغۇسىمۇ يوق. ئۆيۈمدىن سىرتقا چىقماي ئۆز ئىشىمنى قىلدىم. ئاڭلىسام ئۇلار ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن — ھەممىسىدىن پىكىر ئالغانمىش. نېمە توغرۇلۇق پىكىر ئالغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئىلمىي مۇدىرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئەتە مەكتەپتە چوڭ يىغىن ئېچىلىدىكەن. يىغىندا ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى ئىسلاھ قىلىپ، قايتا تىكلىگەنلىكى توغرىسىدىكى قارارىنى يەتكۈزەرمىش.

ئەتىسى ئەتىگەندە شوپۇرنى ئىزدەپ تاپالماي، ئىلاجىسىز ئىشخانا بىناسى ئالدىغا پىيادىلا يېتىپ كەلدىم. كۆردۈمكى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى مەندە، بەزىلىرى مىيىقىدا كۈلۈشسە، بەزىلىرى مېنى كۆرسىتىشىپ، ئۆزئارا كۈلكە ئارىلاش پىچىرلىشىدۇ. ئىشقىلىپ، ھەممىسىنىڭ كەيپىياتى ئادەتتىكىدىن باشقىچە، تېخى ئاۋۇ مۇتتەھەم ئىشچىمۇ، ھېلىقى تۇل مۇئەللىمەمۇ كۈلكىسىنى توختىتالمىغاندەكلا بىر ھالەتتە كۆرۈندى.

ھەي ... تولا گۇمانخورلۇق قىلماي. ئۇلار قانداق ئولتۇرۇشسا ئولتۇرۇشۋەرسۇن، بىردەمدىن كېيىن يىغىن باشلىنىدۇ، سۆزلەش نۆۋىتى باشتىلا ماڭا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئەدىبىنى ئەنە شۇ چاغدا بېرىمەن. مەن مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، كىم ئىكەن ئۇ مېنىڭ چىشىمغا تېگىدىغان؟...

(ئاخىرى 71 - بەتتە)

# «مەنمۇ بىرنېمە دەپ باقاي»

(ماقالە)

ياسىن خۇدابەردى

بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا بەزىلەر «تۇتۇق»، بەزىلەر «گۇڭگا» ۋە بەزىلەر «چۈشىنىكسىز» دەپ ئاتاۋاتقان شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق ۋاقىت بولمىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن قاتتىق ۋارقىراپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاققا ئوخشاش ئەدەبىياتچىلارنىڭ، شېئىرىيەت ئەھلىنىڭ ۋە ئوبزورچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ قوللىماقتا. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا بۇ بەگباش بالىنىڭ مۈگدەپ ياتقانلارنى ئويغاتقۇچى كۈچلۈك ئاۋازىدىن غەيرىي بىر ئەھۋالنى ھېس قىلماقتا.

يېڭى شېئىرلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئەدەبىيات ئەھلى ئىچىدە يېڭى بەس-مۇنازىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھازىر بۇ بەس-مۇنازىرە بارغانسېرى كېڭىيىپ، چوڭقۇرلىشىپ بېرىۋاتىدۇ. مېنىڭچە بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال.

مەن شائىر ئەمەسمەن. ئوبزورچىمۇ ئەمەسمەن. پەقەت ئىلھام كەلگەندە ئانچە-مۇنچە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ قويىدىغان ئەدەبىيات ھەۋەسكارىمەن ۋە مۇشۇ ساھەنىڭ بىر پېشقەدەم خادىمىمەن. يېڭى شېئىرلار پەقەت شائىرلارنى، ئوبزورچىلارنى ۋە تەتقىقاتچىلارنىلا ئەمەس، ھەممىمىزنى قىزىقتۇرماقتا. شۇڭا مەنمۇ ئازراق بىرنېمە دەپ باقاي. ھېچبولمىغاندا بۇرۇنقى پەدە بويىچە ئېيتقاندا ئىپادە بىلدۈرۈش بولۇپ قالار.

ھەقىقەت بەس-مۇنازىرە جەريانىدا ئايدىڭلىشىدۇ، ئېنىقلىنىدۇ. شۇڭا مۇنازىرىنىڭ كۆپرەك، كەڭرەك ۋە چوڭقۇرراق بولۇشىنى قۇۋۋەتلەيمەن.

مېنىڭ قارىشىمچە يېڭى شېئىرلار ئەدەبىيات ساھەسىدە، شېئىرىيەت بابىدا مەيدانغا كەلگەن ئىسلاھات. ئەنئەنىلەر قېلىپىقا سىغماي پارتلاپ چىققان .يېڭىلەر ئىسيانى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەر ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا، ئېڭىدا، مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەكتە. شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئوزۇقلىنىش، ئېستېتىك زوقلىنىش تەلىپىنى ئۆستۈرمەكتە. ئەدەبىياتقا جۈملىدىن ئەدەبىياتنىڭ ئالىي شەكلى بولغان شېئىرىيەتكە دەۋرىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان مۇشۇنداق تۈپلۈك ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئەدەبىياتىمىزدا يېڭى شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى — تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دەپ ئېيتماي بولمايدۇ.

مېنىڭ بىلىشىمچە ھازىر بىز كۆپرەك قوللىنىۋاتقان بارماق ۋەزنى ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن شېئىرىيەت شەكلى ئەمەس. ئەدەبىيات ئەھلىگە ناھايىتى ئېنىق مەلۇمكى، ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدا دەسلەپ ئارۇز ۋەزنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. نۇرغۇن كلاسسىك شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەسەرلىرىنى ئاشۇ ئارۇز ۋەزنىدە غەزەل تەرىقىسىدە يازغان. پەقەت 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن باشلاپ ئارۇز ۋەزنىگە يانداش ھالدا بارماق ۋەزنى پەيدا بولغان. ئوقۇشىمىزچە ئارۇز ۋەزنىنى مۇقەددەس بىلگەن كىشىلەر دەسلەپتە بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىرلارنى «شېئىر ئەمەس» دەپ كۆزگە ئىلمىغان ئىكەن. چاچما شېئىر پەيدا بولغاندىمۇ خۇددى شۇنداق ئەھۋال سادىر بولغان.

لېكىن تارىخىي ئەمەلىيەت بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ جۈملىدىن چاچما شېئىرلارنىڭ زور ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، غەزەلدە ئىپادە قىلالمىغان كۆپ نەرسىلەرنىڭ ئۇنىڭدا ئوڭۇشلۇق، ئېنىق ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇنىمۇ يېڭى ھاياتتا يۈز بەرگەن يېڭىلىقلار تەقەززاسى يارىتقان ئەمەسمىدى؟!

بۈگۈنكى كۈندە بىز شېئىرىيىتىمىزدە مەيدانغا كەلگەن يېڭىلىقلارغا ئىسلاھات نۇقتىسىدىن، تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىماي، ئۆتمۈشتىن تاھازىرغىچە قېلىپلىشىپ قالغان شېئىرىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىز ئاساسىدا مۇئامىلە قىلساق توغرا بولارمۇ؟ مېنىڭچە توغرا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇڭا يېڭى شېئىرلارغا «گۇڭگا»، «تۇتۇق» دېگەنگە ئوخشاش نامالارنى قويۇشقا ئالدىراپ كەتسەك بولماس. مېنىڭچە بۇ نامالار يېڭى شېئىرلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىگەنلىكىمىزدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. مەنمۇ دەسلەپ شۇنىڭغا مايىلراق قاراشتا بولغانىدىم. كېيىن مۇشۇ ھەقتە يېزىلغان ماقالىلەرنى، ئوبزورلارنى ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، شۇنىڭدەك يېڭى ئۇسلۇبتا يېزىلغان شېئىرلارنى قايتا - قايتا ئوقۇپ تەتقىق قىلىپ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن، بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش بولدى. مەن ھازىر ئۇنى تولۇق قۇۋۋەتلەش تەرەپكە ئۆتتۈم. مەن شۇنداق قاراشتىمەنكى، ھازىر مەيدانغا كېلىۋاتقان يېڭى شېئىرلار ئەدەبىياتىمىزدا بىخ ئۇرۇپ چىقىۋاتقان يېڭى شەيئى، يەنە كېلىپ ئىستىقباللىق يېڭى شەيئى. شېئىرىيەت بېغىمىزدا ئېچىلىۋاتقان ئۆزگىچە بىر گۈل.

دۇرۇس، يېزىلىۋاتقان يېڭى شېئىرلار ئىچىدە بەزى چۈشىنىكسىز شېئىرلار، بەزى نۇقسانلىرى بار شېئىرلارمۇ يوق ئەمەس. لېكىن بۇلار پۈتۈن يېڭى شېئىرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بۇ يېڭى پەيدا بولۇۋاتقان شەيئى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنىڭدەك بۇنداق شېئىرلارنى يېزىۋاتقانلارنىڭ كۆپچىلىكى يېڭىدىن ئىجادىيەتكە قەدەم قويۇۋاتقان، ئىزدىنىۋاتقان ياشلار بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى يېتەرسىزلىكلەردىن، نۇقسانلاردىن خالىي بولۇش تەس، ئەلۋەتتە. بىز پېشقەدەملەر ئەدەبىيات گۈلزارلىقىمىزنى ھەرخىل گۈللەر بىلەن بېزەشكە، گۈللىتىشكە ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان ياش كۈچلىرىمىزنى قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىمىز، يېتىشمەسلىكلىرىنى ۋە نۇقسانلىرىنى تۈزىتىشكە ئاكتىپ ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

دەرۋەقە، بىز يېڭى شېئىر ۋەكىللىرىنىڭ جۈرئىتىنى، ئىنتىلىشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەندە، ھەرگىزمۇ شېئىرىيىتىمىزدىكى ئەنئەنىلەردىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈشنى، ئۇنى قارىلاشنى توغرا ھادىسە دەپ ھېسابلىمايمىز، ئارۇز ۋە بارماق شەكىللىرى دەۋرلەر سىنىقىدىن ئۆتكەن. شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى كۆپ خىزمەت قىلغان شەكىللەر. ئۆتمۈشتىمۇ شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

مېنىڭچە بۇ يەردە ئەڭ مۇھىم مەسىلە شېئىرنىڭ قانداق شەكىلدە يېزىلىشىدا ئەمەس، بەلكى قانداق يېزىلىشىدا. بۇ خۇددى خۇنۇك بىر قىز ھەرقانچە ئېسىل كىيىم كىيىۋالسىمۇ بەرىبىر گۈزەل بولالمىغانغا ئوخشاش گەپ.

دەريا پەقەت ئويناق، شوخ تاغ سۇلىرىدىن ھاسىل بولۇپ قالماستىن، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە تەرەپ - تەرەپتىن بۇلدۇقلاپ چىققان يەر ئاستى سۇلىرىدىن، يەنى بۇلاق سۇلىرىدىنمۇ ھاسىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنى تەن ئېلىپ، بىرىنى رەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

مېنىڭچە ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت بىلەن يېڭى شېئىرلارمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەدەبىيات دەرياسىغا ئاقۇۋاتقان ئىككى ئېقىم.

1988 - يىلى 20 - نويابىر

# يۇلتۇز قانداق چاقنىدى؟

(ئەدەبىي ئاخبارات)

يالقۇن جۇمە

## مۇقەددىمە

ئىنسان بالىسى ئۆز ھايات يولىدا، كىشىلەر دائىم «سىرلىق ئالەم» دەپ ئىزاھلىشىدىغان بۇ دۇنيادا ياشاش ئۈچۈن، تۇرمۇش تەقدىم قىلغان رەڭگارەڭ ۋە تۈرلۈك - تۈمەن خىل ئىلتىپاتلارغا مۇيەسسەر بولىدۇ، بۇنىڭدا ئاللىكىملەرگە تۇيۇقسىز ئامەت ياغسا، بىراۋلارنىڭ بېشىغا ئويلىمىغان پىشكەللىكلەر كېلىدۇ، لېكىن شۇنداقمۇ ئادەملەر باركى، ئۇلار تۇرمۇش سىناقلىرىدىن ئاجايىپ مائەت بىلەن غالىب كېلىپ باشقىلارنى ھەيرەتتە قويىدۇ، ئەنە شۇنداق ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈنلا، تۇرمۇش ئۆزىنىڭ جەزبىدار سېھرىي كۈچىنى ساقلاپ قالالىغان. بىراق، «ھەي ئەمدى تۈگەشتىم، ھەر نېمە قىلغان بىلەن بىكار» دەپ، تىلەك - مەقسەتلىرىدىن ئاسانلا ۋاز كەچكۈچىلەرنى خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن!

## ئاياللارمۇ ئادەمدەك ياشىشى كېرەك!

1983 - يىلى كۈز ئايلىرى.

دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرىدىكى كىچىككىنە دۇكاندا 30 نەچچە ياشلار ئەتراپىدىكى زىلۋا ئەنە كەلگەن بىر ئايال تېخى ئەمدىلا يېشىغا تولغان بالىسىنى كۆتۈرۈۋالغان پېتى، خېرىدارلار بىلەن بىر نېمىلەر ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭ پات - پات تەرلىرىنى سۈرتۈپ، قورسىقىنى بېسىپ قويۇشلىرىدىن ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— توۋا قىلدىم خۇدايىم، ئايال كىشىمۇ تىجارەت قىلغان بارمۇ؟ ئۇلار ئەرنى كۈتۈشكە يارىتىلغان، ئەرنى!

— ئېرىنىڭ تېپىپ بەرگىنىنى يەپ، ئۆيىدە ئولتۇرسا بولماسمىدى جېنىنى قىيىنغىچە.

— ھەرقانچە قىلغان بىلەن، ئەمدى قىرىق يىلدا ئەسلىگە كېلەلىسە مانا مەن قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرىمەن!

بۇ بىر نەچچە يىلەنىڭ پارىسىگىغا دوغلاقىقىنە كەلگەن باققال ئايال لوقما سالدى:

— ھەي! بولدى قىلىڭلار، خوتۇنۇڭلار قىلىدىغان غەيۋەتنى سىلەر تارتىۋالساڭلار، ئۇلار قىلغىلى ئىش تاپالماي قالمىسۇن يەنە. كۆرمىدىڭلارمۇ، ئۇ بىچارىنىڭ شۇنچە چوڭ زىيانغا ئۇچراپمۇ، يەنە بوي بەرمەي تىجارەت قىلىۋاتقىنىنى؟ ناۋادا ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلگەن بولسا! ھالىڭلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا كۆرگەن بولاتتۇق. «ئۆزىگە كەلمىگۈچە ئۆزگىنى چۈشەنمەيتۇ» دېگەن شۇ - دە!

شۇ چاغدا غەيۋەت ئوبيېكتى بولۇپ قالغان بۇ ئايال — ئاپتونوم رايونلۇق يەككە تىجارەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ تەشۋىقات ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ جەمئىيەتتە خېلى تەسىر پەيدا قىلغان ئىلغار يەككە تىجارەتچى «8 - مارت سودا بازىرى» نىڭ دىرېكتورى رابىيەم قادىر ئىدى.

بۇ ئۇنىڭ 1982 - يىلى بىر قىسىم تىجارەتچىلەر بىلەن بولغان سودا رىقابىتىدە بارلىق مەبلىغىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئەمدىلا ئازراق دەسمايە توپلاپ قايتا تىجارەتكە كىرىشكەن ۋاقتى ئىدى.

ئۆزىنىڭ بىر ئايال — «ئاجىزە» بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ قېتىم مەغلۇب بولغانلىقى ھەم مۇشۇ تۇپەيلى جەمئىيەتتە ئاياللىقى شىپى كەلتۈرۈلۈپ مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ مۇرەككەپچىلىكلەر ئارىسىدىن يول تېپىپ مېڭىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى.

ئۇ، ئىچ ئاغرىتىپ تىجارەتتىن قول ئۈزۈشنى تەۋسىيە قىلغانلارغا:

— ئاياللارمۇ ئەرلەر قىلالىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدۇ، مەن ئۆزىنى «ئاجىز» ھېسابلايدىغانلارغا ئېچىنىمەن، ئاياللارمۇ قەددىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئىگىلىشى كېرەك، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ سودا ئىشلىرىغا قايتىدىن بەل باغلاپ غەيرەت بىلەن كىرىشىشى پاتلا نەتىجىسىنى كۆرسەتتى. رابىيەم تۆت يىلدىلا ئىقتىسادىنى ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ بولدى. بۇ ئىشتىن كېيىن قولىنى ساپالدا كېسىشتە بەسلەشكەنلەرنىڭ كەسكەن-كەسمىگەنلىكى بىزگە نامەلۇم. ئەمما بىر نەچچە يىل ئىلگىرىكى سۆز - چۆچەكلەرنىڭ ئورنىنى ئەمدىلىكتە ۋۇجۇدىنى ئەجەپلىنىش، ئىشەنمەسلىك، ھەيران قېلىش ۋە ھەسەت ئوتلىرى ئۆرتىگەن ئادەملەرنىڭ ھەرقىسما پاراڭلىرى ئىگىلىدى، خالاس.

بۇ جەرياندىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ سىرىنى ئۇ: «ئۈزلۈكسىز تىرىشىش، زور ئۈمىدۋارلىق، سودىدىكى چىنلىق، كۈچلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، تىجارەت ئۇسۇلىنى يېڭىلاش، يوقسۇللارنى يۆلەش ۋە كەسىپداشلار بىلەن ھەمدەمدە بولۇش» دېگەن قىسقا جۈملىلەر بىلەن خۇلاسىلىدى.

## بۈگۈنكى كۈندىكى «ئوتتۇرا»

## ئەسىر ناخشىسى

بىزنىڭ كىشىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قايسى دەۋردە ياشاۋاتقانلىقىنى گېزىتلەرنى كۆرگەندىلا ھېس قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

1987 - يىل ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ بىرى.

— خوش خەۋەر! خوش خەۋەر!

قولىدا گېزىت تۇتۇۋالغان رابىيەم ئىشىكتىن كىرىپلا كىچىك قىزى ئەقىدەمنى قۇچاقلىغانچە سۆيۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق تەپچىپ تۇراتتى. ئۇ قىزىنى يەرگە قويۇپ، ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشقان ئۆيدىكىلەرگە ئالدىراشلىق بىلەن گېزىتنى ئوقۇپ بەردى. گېزىتكە يېقىندىن ياسالغان ئۈچ قەۋەتلىك «خانتەڭرى جامەسى» نىڭ ئون بىر دۇكاندىن تەركىب تاپقان بىرىنچى قەۋىتى ھۆددىگە بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئېلان بېسىلغانىدى. بىرھازا تالاش - تارتىش، مەسلىھەتلەر ئارقىلىق، رابىيەم مەسچىتنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنى ھۆددىگە ئېلىش ئۈچۈن ئەتىسى رەسمىيەت بېجىرگىلى بارىدىغان بولدى.

— نېمە، سىز ھۆددىگە ئالامسىز؟

ئىش بېجىرگۈچى چىرايىدىن غەيرەت - شىجائەت ئۇرغۇپ تۇرغان ئايالغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.

— شۇنداق، مەن ھۆددىگە ئالىمەن!

ئىش بېجىرگۈچى ئۆزىنىڭ بىئەپ ھالىتىنى ئوڭشىۋالدى:

— ناھايىتى ياخشى، قارشى ئالىمىز! سىز بىزنىڭ تۇنجى خېرىدارىمىز سىز، سىزدەك بىر ئايالنىڭ مۇنداق چوڭ ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىغا بارىكاللا! سىز گەرچە بىر ئايال بولسىڭىزمۇ ...

ئۇ گەرچە ئاغزىنىڭ ئۇچىدا ھەدەپ بۇ ئايال-
نىڭ جاسارىتىنى تەرىپلىگەن بولسىمۇ، ياسالما
كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن بىر خىل ئە-
جەپلىنىش ئالامەتلىرى ئۆزىنى ئاشكارىلاپ تۇ-
راتتى.

بۈگۈن ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. چۈنكى
توختام بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا تۈزۈلۈپ رەس-
مىيەتلەر بېجىرىلىپ، پەقەت ئەتە گۇۋاھلىق ئى-
دارىسىگە بېرىپ توختامغا تامغا باستۇرۇش ئىشىلا
قالغانىدى. ئۇنىڭ ئارزۇيى ئەمەلگە ئېشىش ئال-
دىدا تۇرماقتا ئىدى. بۇ كېچىسى ئۇ تاتلىق خى-
يال قۇچىقىدا ئەللەيلىنىپ، كۆزىنى يۇمماستىن
شېرىن چۈشلەرنى كۆرمەكتە...«بۇ يەرنى ئالغاندىن
كېيىن ناھايىتى چوڭ، كەڭ دائىرىلىك بىر مۇ-
سۇلمانلار سودا بازىرى قۇرسام، بۇ بازار كې-
يىنچە شىنجاڭدىكى ئاساسلىق سودا مەركەزلىرى-
نىڭ بىرى بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ...» ئۇ چۈش
كۆرمەكتە ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ چۈشلىرىگە شۇ كې-
چىسى بولغان باشقا بىر توختام مەسلىھەتى
كىرمىگەنىدى.

ئەتىسى جامائەتچىلىك ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا
بولۇشقا باشلىدى:

— مەسچىت دېگەن خۇدانىڭ ئۆيى، بۇ يەر-
دە بىر يالاڭباش ئايال تىجارەت قىلسا گۇناھ
بولىدۇ!

— تىجارەت دېگەن ئاياللارغا دۇرۇس ئە-
مەس!

گۇۋاھلىق ئىدارىسىگە بارغۇچە بولغان ئارىلىق-
تا، يۇقىرىقى سەۋەبلەر باھانە قىلىنىپ توختام
بۇزۇۋېتىلدى. ھەرقانچە كۈچىنىپ تىركىشىشلەر-
مۇ بۇ «قۇدرەتلىك» جامائەت پىكرى ئالدىدا
ئاجىزلىق قىلدى. نەتىجىدە توختام باشقا بىراۋ
بىلەن تۈزۈلدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە ياشلاندى. بۇ ياش تام-
چىلىرى بۇ قېتىمقى توختام ئىشى بىلەن دۇكى-
نىنى ئۈچ ئاي تاقاپ، ماللىرىنى زىيىنىغا سېتىپ
تاپقان ئىقتىسادىي زىيىنىنىڭ ئەلىمى بولماستىن،
بەلكى تۈزۈلۈپ بولغان توختامنىڭ بۇزۇۋېتىلى-
شى، كۆڭلىگە پۈككەن ئۇلۇغ ئارزۇلىرىنىڭ بىر-
دەمدىلا ئېرىتقۇغا ئوخشاش غايىب بولۇپ كېتى-
شى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئەلەم ياشلىرى
ئىدى. ئۇ ياش يۇقى كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىك-
كىنىچە ئويلاشقا باشلىدى: «ئاھ، نادانلىق! جا-
ھالەتنىڭ ساقىندى تۇمانلىرى ئۆزىنىڭ «ئادەم»
لىكىنى تونۇپ رېئاللىققا جەڭ ئېلان قىلغانلار-
نىڭ يولىنى قاچانغىچە توسار؟ مەن پەقەت ئا-
يال بولغانلىقىم ئۈچۈنلا مۇشۇ خورلۇقلارنى تار-
تىشىم كېرەكمۇ؟ ماڭغان يولۇمدىن توختاپ، ھا-
يات رىقابىتىگە باش ئېگىشىم كېرەكمۇ؟...»

## مېڭىشقا تىگىشلىك يولدا چوقۇم مېڭىش كېرەك

— بۇ يەر «تاشلاندۇق ئەخلەتخانا» تۇرسا،
رابىيەم بۇ يەرنى ھۆددىگە ئالسەن دەپ ئېلى-
شىپ قالمىغاندۇ؟

— ھەي، مېنىڭچە بۇ بوش ئايال ئەمەس
جۇمۇ، قاراپ تۇرۇڭلار ...

بۇ، رابىيەم مەسچىت ئىشىدا «مەغلۇب» بول-
غاندىن كېيىن، شەھەرلىك كۆكتات شىركىتىنىڭ
ئىشلىتىلمەي تاشلىنىپ قالغان 12 ئېغىز دۇكان،
43 پەشتاختا ئورۇنلاشقان ئورۇن (ھازىرقى 8-
مارت سودا بازىرى)نى توختام بىلەن ھۆددىگە
ئالغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈر-
گەن سۆزلەر ئىدى.

جەمئىيەتتە ھەر خىل سۆزلەر ئېقىپ يۈرگەچ-
كە، «قېنى كۆرۈپ باقمامدۇق» دېگۈچىلەردىن
باشقىلار بۇ بازاردىن دۇكان ئېلىپ تىجارەت قى-
لىشنى خالىمىدى. شۇنىڭ بىلەن رابىيەم ئىش
كۈتۈپ تۇرغان 30 نەپەر قىزنى ئىشقا ئورۇن-
لاشتۇرۇپ، تىجارەت قىلىشنى خالىغان تىجارەتچى-

لەر بىلەن بازارنى دۇنيا مېھنەتكەش ئاياللىرىنىڭ قەد كۆتۈرگەن «8 - مارت» كۈننى كۈتۈۋېلىشقا ئۈلگۈرتۈپ ئېچىشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى.

1988 - يىلى 28 - فېۋرال كەچتە تەييارلىقلار ئاساسەن پۈتتى. ئەتىكى يېڭى بىر كۈننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چىرايلىق ياسىنىشقان قىزلار بۇ يېڭى دىرېكتورنى چۆرىدىگەن هالدا، بازارغا ئىسىم قويۇش ئۈستىدە قىزغىن پاراڭلاشماقتا ئىدى، بىر قىز رابىيەمدىن سورىدى:

— هەدە، سىز بازارغا نېمە دەپ ئىسىم قويۇشنى ئويلاۋاتىسىز؟

— مېنىڭچە، — ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — بازارنىڭ ئىسمى «8 - مارت سودا بازىرى» بولسا سىلەرچە قانداق؟

هەممەيلەن ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدى، چۈنكى ئۇلار بۇ يېڭى دىرېكتورنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشكە باشلىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ قەلبىدە تەشۋىشلىنىش، هاياجانلىنىش هۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئاخىرى كۈتكەن كۈنمۇ كەلدى. 1 - مارت كۈنى سائەت 1 دە بازار ناغرا - سۇنايىنىڭ ياڭرىغان ئاۋازى بىلەن مەست بولدى، بۇ ۋاقىتتا تىجارەتچىلەر بىلەن پىركازچىك قىزلار تۇنجى خېرىدارلارنىڭ بازارغا قەدەم بېسىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە، يۈرەكلەر تېز-تېز سوقۇپ، هاياجاندىن نەپەسلەر قىسىلماقتا. رابىيەم قانداق هېس - تۇيغۇدا، قانداق روهىي هالەتتە ئىدى؟ ئۇنىڭدا بولۇۋاتقان مۇشۇ دەقىقىلەردىكى ئالامەتلەرنى يېزىش كىتابخانلار ئۈچۈن ئارتۇقچە — ئەلۋەتتە!

بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بازار خېرىدارلار، سودىگەرلەر ۋە كۆرگۈچىلەر بىلەن تولۇپ، چېلىنىۋاتقان سازلارنىڭ ياڭرىشى بىلەن بۇ بازار خۇددى بىر ساما سورۇنىغا ئوخشاپ قالدى. «8 - مارت سودا بازىرى» هايەبىتىن پەيدا بولغانىدەك، بىردىنلا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. «8 - مارت» كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، هۆكۈمەت رەهبەرلىرىدىن قېيۇم باۋۇدۇن، ماهىنۇر قاسىم، بادەي، خۇاڭ باۋجاڭلار كېلىپ بازارنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە قىزغىن قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

شۇ كۈنكى نەق مەيدان مەنزىرىسى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلدى ۋە گېزىتلەردە بۇ هەقتە خەۋەرلەر بېرىلدى. دېمەك، قولىدىن ئىش كېلەمەيدۇ، دەپ قارالغان «ئاجىز» ئايال ئاخىرى غەلىبە قىلدى. پۈتۈن بازاردىكى تىجارەتچىلەر هەم 30 قىز غەلىبە قىلدى! تىرىشچانلىق، جاسارەت غەلىبە قىلدى! شۇ چاغدىلا كىشىلەر نەزەرىدە توساتتىن پەيدا بولغان بۇ ئايال دىرېكتورنىڭ كۆزلىرىدىن بۇرۇنقىدەك سوغ تامچىلار ئەمەس، ئىللىق سېزىملارنى قوچاقلىغان تامچىلار مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى ...

## ئەمدى يول قانداق مېڭىشتا قالدى

«8 - مارت سودا بازىرى» دا ماللار رابىيەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن باهاسى 30 پىرسەنت چۈشۈرۈپ سېتىلدى. بۇ يېڭىلىق ئۈرۈمچىدىكى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانلىكى ئادەمنى ئۆزىگە ماگنىتتەك جەلپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بازار خېرىدارلار ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان، قايناق - تاشقىنلىقتا چۆمگەن سودا بازارلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بازارنى قۇرۇش ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. لېكىن ئەمدىكى گەپ بۇندىن كېيىنكى يولنى قانداق مېڭىشتا قالدى.

بۇ بازاردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ 80 پىرسەنتى ئايال، 90 پىرسەنتى يېڭىدىن تىجارەت باشلىغانلار بولۇپ، ئۇلار تىجارەت ئۇسۇلى جەهەتتىلا خام بولۇپ قالماستىن، سودىدا دائىم دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدىغان رىقابەتلەرگە بەرداشلىق

بېرەلمەيتتى، ئەگەر ئۇلار تىجارەتتە ۋەيران بولۇپ كەتسە، بازارنىڭ كەلگۈسىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. قانداق قىلىش كېرەك؟

بەزى زىيان ۋە ئېغىرچىلىقلارنى يەڭىلا رابىيەم ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كەلدى. چۈنكى زىيان تارتىش — پايدا ئېلىشنىڭ ئاساسى. ئۇ، دۇكان ئىجارىسى تۆلىيەلمەيدىغانلاردىن ئالتە ئايغىچە ئىجارە ھەققى ئالمىدى. يېڭى ئۆگەنچە تىجارەتچىلەرنىڭ دەسلەپتىلا زىيان تارتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزى مەخسۇس توپ مال تارقىتىش ئورنى قۇرۇپ، تىجارەتچىلەرنى ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ماللىرى بىلەن نېسىگە تەمىنلەپ، ساتالىغانلىرىدىن پۇل ئالدى، ساتالمىغانلاردىن ئاشقان مالنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇ يەنە تىجارەتچىلەرگە قارىتا، تىجارەتتە پائالىيەتچان بولۇش، خېرىدارلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىش، ئاز پايدا ئېلىپ تېز مال سېتىپ، شۇ ئارقىلىق خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش توغرىسىدا ئېرىنمەي تەشۋىق ئېلىپ باردى. نەتىجىدە بۇ بازار كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىپ، ئالتە ئاي تارتقان زىيانىنىڭ ئورنى ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا تولدۇرۇلۇپ زىيان پايدىغا يۈزلەندى.

شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى رابىيەمنى قوللاش يۈزىسىدىن بازارنىڭ ئىككىنچى تەرىپىنىمۇ ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن يەنە 47 تۆمۈر دۇكان ئورنىتىلدى. ھېچكىم دۇكان ئېلىشنى خالىمىغان بۇ «چۆلدەرەپ قالغان تاشلاندۇق ئەخلەتخانا» دىن، دۇكان ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغانلارنىڭ سانى ئەمدى 500 دىن ئېشىپ، بۇرۇن 50 يۈەن ئىجارىگىمۇ باش قاشلايدىغان تىجارەتچىلەر ئەمدىلىكتە 250 يۈەنگىمۇ پىسەنت قىلمايدىغان بولدى. «8 - مارت سودا بازىرى» سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيە، تۈركىيە، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق 13 دۆلەتتىن كەلگەن خېرىدارلارنى كۈتۈۋالدىغان، ئادەم ئۈزۈلمەيدىغان قايناق بازارغا ئايلىنىپ، ئىسمى تۈرلۈك گېزىت - ژۇرناللاردىن ئورۇن ئالىدىغان، كىشىلەر قىزىقىدىغان جاي بولۇپ قالدى.

— سىزنىڭچە تىجارەتتە روناق تېپىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

— ھەقىقىي تىجارەتچى روناق تاپىمەن دەيدىكەن، ئۇ كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىش، ئۆزىدىن ئاجىزلارنى ۋەيران قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاقكۆڭۈل بولۇپ، ئاچكۆزلۈكتىن ساقلىنىش، سودىدا ئادىل، ئىنساپلىق بولۇش، ئاجىز كەسىپداشلارنى يۆلەپ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۇرۇش، شۇ ئارقىلىق خېرىدار ۋە كەسىپداشلارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىشى كېرەك.

— ئارزۇيۇڭىز ئەمدى ئەمەلگە ئاشقاندۇ؟

— مەن تېخى ئەمدىلا ئارزۇيۇمنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويدۇم، ئارزۇلىرىم توغرىسىدا ئەمدى ئويلىنىۋاتىمەن. مېڭىشقا تېگىشلىكلا يول بولىدىكەن، بىر دەقىقىمۇ توختىماستىن مېڭىشنى داۋاملاشتۇرىمەن. ئارزۇلىرىم ئۇلۇغ ۋە گۈزەل، يىراق مۇشكۈل ھەم يىراق.

بۇ، رابىيەمنىڭ بىر مۇخبىرنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابلىرى ئىدى.

مەن يېتىملارغا ئانا بولۇشنى خالايمەن

خۇدا بىر قىسىم بەندىلىرىنى بەختسىز قىلىپ يارىتىپ قويغىنى بىلەن، ئۇلار ئۈچۈن ئاقكۆڭۈل مېھرىبان، باغرى يۇمشاق ئىنسانلارنىمۇ ھەمراھ قىلىپ ياراتقانىكەن. بولمىسا شۇ بەختسىز يېتىم - يېسىرلار، بۇ دۇنيانىڭ خورلۇقلىرىنى يەنە قانچىلىك تارتقان بولار ئىدى؟

— كېسەلنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن كىم كەلدى؟

— مەن كەلدىم.

— سىز بۇ كېسەل قىزنىڭ نېمىسى بولىسىز؟

— بۇياق بىزنىڭ دىرېكتورىمىز بولىدۇ.—

رابىيەمنىڭ يېنىدا تۇرغان قىز ئۇلاپلا جاۋاب بەردى. دوختۇر بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بۇ قىزنىڭ كېسەلى خېلىلا ئېغىر، ئوپېراتسىيە قىلىنمىسا بولمايدۇ، بۇ ئادەتتىكى ئوپېراتسىيە ئەمەس، كېسەلنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن بەرىسى بولمىسا بولمايدۇ ...

— ئائىلىسىدىكىلەرگە خەۋەر يەتكۈزگەنىدۇق، لېكىن ھازىرغىچە ھېچكىم كەلمىدى، ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇش مۇھىم. بولدى، ئوپېراتسىيە قىلىش توختامىغا مەن قول قوياي. ئۇ قىزمۇ ئۆزۈمنىڭ قىزى، — دېدى رابىيەم كەسكىنلىك بىلەن.

— بولىدۇ، بىراق داۋالاش راسخوتلىرىنى ...

— داۋالاشقا كېتىدىغان بارلىق چىقىمنى مەن تۆلەيمەن. مانا، ماۋۇ قىز، كېسەل ساقايغىچە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ئەتىسى چۈشتە، ئوپېراتسىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا رابىيەم، گويا يەلكىسىدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىنىپ كەتكەندەك يېنىكلەپ قالىدۇ.

قىش كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى جانىدىن ئۆتىدىغان سوغۇق جۇۋا كىيىۋالغانلارنىمۇ شۈمشەيتىۋەتكەنىدى. ئالدىراپ ئىشقا كېتىپ بارغان رابىيەم، ئىشتانلىرىنىڭ تىزلىرى يىرتىلىپ پاختىسى ساڭگىلاپ قالغان سەككىز ياشلاردىكى ئىككى بالىنىڭ سومكىسىنى مەيدىسىگە بېسىپ قوللىرىنى قوشتۇرغىنىچە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى. ئۇ «شۇنداق قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتسا، بۇ بىچارە بالىلار قانچىلىك توڭلىغاندۇ - ھە!» دېگەن خىياللار بىلەن بالىلارغا ئەگىشىپ مېڭىپ ئۆزىنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەكتەپكە كىرىپ مۇدىر بىلەن كۆرۈشىدۇ.

— سىزنىڭ مائارىپقا ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان مەرىپەتپەرۋەر ئايال ئىكەنلىكىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن. شۇنداقتىمۇ ھە دېسىلا سىزگە يۆلىنىۋالساق بولماس.

— ياق، بۇ يۆلىنىۋېلىش ئەمەس مۇدىر، بۇ بالىلارمۇ ئۆزۈمنىڭ بالىسىغا ئوخشاش. بىز بىلىمسىزلىك، نادانلىقنىڭ دەردىنى ئاز تارتتۇقمۇ؟ پەرزەنتلىرىمىز ئوقۇش ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتسا قۇربىم يېتىپ تۇرۇپمۇ قاراپ تۇرسام مېنىڭ — بىر ئانىنىڭ يۈرىكى چىدامدۇ؟ — كەچۈرۈڭ، ئالدىڭىزدا سۆزلەپلا كېتىپتىمەن.

— ئۇنداق ئەمەس، ئېيتقانلىرىڭىز تامامەن توغرا، — دېدى مۇدىر ئالدىدىكى بۇ ئايالغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ.

— ھازىر يېنىمدا بارى 300 يۈەن ئىكەن، بۇنى ئاز بولسىمۇ ئېلىپ قېلىپ، قىشلىق كىيىمى يېنىك بالىلارغا كىيىم ئېلىپ بېرەرسىلەر، ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن يەنە 500 يۈەن ئەۋەتىپ بېرىمەن.

— رەھمەت سىزگە رابىيەم.

دېمىسىمۇ ئۇ يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق غۇنچە مۇكاپاتى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى، خىجاسەن يېتىملار مەكتىپى، 30 - باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارغا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى. لېكىن ئۇ بۇ قىلغانلىرىنى ئەزەلدىن مىننەت قىلغان ئەمەس. ئۇ ھامان بۇ قىلغانلىرىم ھېچنەرسە ئەمەس، خەلقىمنىڭ مەرىپەت ئىشلىرىغا يەنىمۇ چوڭراق ھەسسە قوشۇش مېنىڭ بۇرچۇم، دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

خاتىمە

— ئۇ ئايال ئىكەنمۇ، تېخى ئۆزى يالغۇز.

— سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ، بىر دەمدىلا نەچچە ئون خېرىدارنى يولغا سېلىپ تۇرغىنىنى، بىر ناتىق ئىكەن!

— چوڭراق مەكتەپلەردە ئوقۇغان بولسا،

كېرەك.

— بۇ ئايال ھەقىقەتەن ئاياللارنىڭ جەسۇرلۇقىنى نامايان قىلدى.

— توغرا، بۇ ئايال دىرېكتور يېتىشكەن ناتىق، قابىل دىپلومات، پىشقان تىجارەتچى. لېكىن ئۇ بىر ئاددىي قول ھۈنەرۋەنىنىڭ 6 - سەنەپنى ئاران تۈگەتكەن قىزى. يېقىندىن بۇيان ئۇ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋە ئامىمىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا 3 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر زېمىنغا سەككىز قەۋەتلىك زامانىۋى سودا سارىيى قۇرۇپ، ئاياللارنىڭ — ئانىلارنىڭ جاسارىتىنى يەنىمۇ نامايان قىلىشقا جىددىي تەييارلىق قىلماقتا، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇ «يېتىم بالىلارنىڭ ئانىسى بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن بىر يېتىملار مەكتىپى سالدۇرىمەن، ئۇلارنى ئۆز باغرىمغا ئالىمەن» دېگەن ئەھدىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. ئۇ بۇ مۇساپىلەر جەريانىدا قانچىلىك مۇشەققەت ۋە توسالغۇلار بار ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭداقتىمۇ ئۇ «توسالغۇغا ئۇچراش — ۋىسالغا يېقىنلاشقانلىقىنىڭ، رىقابەتكە ئۇچراش — غەلىبىگە ئېرىشىشىنىڭ شەپىسى» دەپ بارغانسېرى غەيرەتكە كەلمەكتە.

مەن ئۇنىڭ تۈرلۈك رەقەملەر بىلەن تولغان ھېسابات دەپتىرىنىڭ 1 - بېتىگە: «مېنى خەلقىم، تۇپرىقىم تۇغدى، يۆكسەك پەللىگە كۆتۈردى، خەلقىم ۋە تۇپرىقىمنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىش، مېنىڭ بىردىنبىر ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇيۇم، مەن چوقۇم شۇ ئارزۇيۇمغا يېتىمەن. چۈنكى مەن — ئۇيغۇر ئايالىمەن!» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ، مەنمۇ خاتىرەمگە مۇنۇ بىر جۈملە سۆزنى يېزىپ قويدۇم:

«بىزنىڭ ئاياللىرىمىزمۇ ئۇلۇغلاردىندۇر»

(بېشى 62 - بەتتە)

ياق ... مەن خاتا ئويلىدىممۇ - يە، ئۇلار ماڭا ھومايىمدى، ئەكسىچە كۈلۈشۈپ ئولتۇرغىنىغا قارىغاندا ... مېنىڭ ئورنۇم تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەندەك قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ماڭا خوشامەت نەزەرى بىلەن قاراشقا مەجبۇر بولغاندۇ ...

مېنىڭ بۇ مەكتەپتە ئىشلىگەن خىزمىتىم كۆپ ھەم ئۆلمەستۇر. مەكتەپنىڭ تامغىسى يەنىلا مېنىڭ قولۇمدا. مەن ئاشۇ تامغىدىن ئايرىلىپ قالمىسىلا، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى، نەچچە يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى ھامان ئالدىمدا دوڭغاقلىتالايمەن. قېنى ئېيتىڭلارچۇ، كىم مەنچىلىك بولالايدۇ؟ ...

ئاپلا ... ئالدىراپ ھۆكۈم چىقاردىممۇ نېمە؟ قۇلىقىمغا غەلىتە سۆزلەر ئاڭلانغاندەك قىلىدىغۇ؟ سوغىقىم ئېشىپ قالمىغاندۇ ياكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئاۋۇ كادىرى بۆلەك كىشى ئۈستىدىكى قارارنى خاتا ئوقۇپ قويۇۋاتمىغاندۇر ؟ ...

# شېئىرلار

## ياسىن ئىمىن



ياش شائىر ياسىن ئىمىن، 1949 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاقسۇنىڭ قارىتال يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1966 - يىلىغىچە ئاقسۇ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1970 - يىلىدىن 1972 - يىلىغىچە ئاقسۇ قارىتال ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1972 - يىلىدىن 1976 - يىلى 2 - ئايغىچە شىنجاڭ داشۆ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان ۋە 1981 - يىلى 9 - ئايغىچە شىنجاڭ داشۆ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1981 - يىلى 9 - ئايدىن بېرى شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتقا قىزىقىپ كەلگەن بولۇپ، 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «تاڭ ئىلھاملىرى»، 1988 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «تاڭ شامىلى» شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى

يېقىندا ئۇنىڭ «شادگۈل» ناملىق ئوچېركى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشمەكچى. ھازىر ئاپتور ئۆزىنىڭ ھېكايىلەر توپلىمى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

### خىرە سايىلەر

خىرە سايىلەر كېلەر ئەگىشىپ.
كۆكۈمنىڭ ئالدىدا ماڭا ياندىشىپ ...

I

ئەجەپ قىزىل كەچكى شەپەقلەر،
ياق،
بەزىدە سېرىق چىرايى.
ئارتىمىشمۇ قىزىرىشلىرى،
ئۆكۈنۈشمۇ سارغىيىشلىرى.

كۆيگەندەكلا سەھەردە ئۇپۇق،
بەزى قىزىل ۋە بەزى سېرىق.
خۇشاللىقمۇ قىزىرىشلىرى،
غەم - غۇسسىمۇ سارغىيىشلىرى.

ئىككى ئۇپۇق، ئۇلار چىن ئاشىق،
ئارىسىدا ھېرلا قارا تاغ.
ئېغىر ئۇيقۇدا كېلەر بۇ كېچە،
چۈش كۆرمەيدۇ ئالەم - كائىنات.

بۇ شەپەقلەردىن،
بىرى كەتسە كۆكۈمگە سىڭىپ،
بىرى كۆكۈمنى يۇتقانچە كېلەر.
قارا بوران كۆتۈرۈپ قوپۇن،
يادىغۇر تۆكۈلۈپ ئاقسىمۇ قىيان،
ئەقدىر كۆرسەتسىمۇ خىلمۇ خىل ئويۇن.
لېكىن،
ھېچبىرى توسۇپ قالالماس،
ئارزۇسىنى چىن ئاشىقلارنىڭ،
ئۇلار تاڭنى ۋىسال دەپ بىلەر.

II

كۆرۈنەر قارشى قىرغاق خىرە - شىرە،
كېلىدۇ ساھىل بويىلاپ يىگانە قىز.

باقىدۇ ئالدى تەرەپ ئۇ قىرغاققا،
بەرنا يىگىت كېلەر، تاشلاپ ئارقىغا ئىز.

كۆرۈنەر قارشى قىرغاق خىرە - شىرە،
كېلىدۇ ساھىل تامان ئاپپاق جۇۋان.
كېلىدۇ تەمبەل كىشى بىر تىلەكتە،
كېپايە ئارزۇسىلا قالسا ئامان.

كۆرۈنەر قارشى قىرغاق خىرە - شىرە،
كېلىدۇ ساھىل تامان ئاق چاچ موماي،
كېلىدۇ ساقال سىپاپ ئاقدىل بوۋاي.
كېلەر يېتىلەپ نەۋرىلەرنى شۇ ساھىلغا،
نەۋرىلەر بىر ساھىلغا باقار تىنماي.

III

چىغان - چاتقال، ئالدىمىز جاڭگال،
ئىز چۈشمىگەن مۇخ باسقان جىرا.
نىشانىمىز تاغلاردىن ئېشىش،
يىراقلاردا خىرە، تىك قىيا.

شۇ ئەيىبكار كېچە قوينىدىن،
بىز كېلىمىز يوللارنى ئېلىپ.
خىلۋەت ئارامگاھىدىن ئۆز نىسىۋىمىز،
مۇھەببەت بالىغا شىرنىلەر يىغىپ.

تۇت جانان جىنەستىدەك لىۋىڭنى ماڭا،
دىل ئەلبۇمىغا ئۆچمەس ئىز قوياي.
ئاچ جانان باغرىڭنى،
پاكلىق بابىدىن —
سۆيگۈنىڭ ساداقەت نەقشىن ئويۇي.

بىر چۈشتىن خاتىرە

قۇيۇنغا،
دېگۈدەكمەن چۈشۈمدە شۇنداق:
نېمىگە پىرقىرايسەن توپا توزىتىپ.
ئوخشمايسەن شامال، بورانغا،
كۆتۈرۈلسەن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ.
سوزۇپ قولۇڭنى،
ھەتتا كۆككىچە ئۆزىتىپ، سوزۇپ.
چۆرگىلەيسەن گاھىدا ئوڭغا،
كۆپ ھاللاردا تەتۈر كېلىسەن.
قېنى ئېيتقىن، نېمە خىيالىڭ،
يوللۇرۇڭدا نېمە قىلىسەن.
قۇيۇن دېگۈدەك:
خىيالىم يوق سەن ئويلىغاندەك،
قورقۇتقۇدەك قۇدرىتىممۇ يوق.
ماڭا نە ئىلاج،
مېنى تۇغقان،
تايىنىسىز كەلگەن ئىسسىق ۋە سوغۇق.
لېكىن مەن،
مەن كەبى ئوڭ - تەتۈرگە چۆرگىلەيدىغان.
مەقسەتسىز ھەر يەرگە يورغىلايدىغان،
ئەخلەت - چاۋالارنى كۆتۈرۈپ ئەرشكە،
ئۇرۇپ يەرگە،
قىلماقچىمەن يوق.

كۆيۈك ھەققىدە قىسقا پارچە

دېگۈدەك بىرى كۆيگەنگە شۇنداق:
نېمە پايدا! كۆيۈپ يۈرۈشتىن،
ئاھلار ئۇرۇپ پۇچىلىنىشتىن.
قېنى دېگىن،
نېمە قىلىسەن ئۇنچىلىك كۆيۈپ؟
ئۇ دېگۈدەك جاۋابەن ئاڭا:
راست، مەن كۆيىمەن،
ئۆزۈم سۆيگەن نىگار ئوتىدا.
تومەن ئەلا ئەمەسمۇ بىلسەڭ،
خۇددى سەندەك،
كۆيگەنلەرنى يۈرگەندىن كۆرۈپ.

پۇشمان

ئايرىلىش ئالدىدا بىرلا بېقىشتۇق.
سىر تۆكۈشتى شۇندا ئوت كۆزلەر.
بىر مىنۇتقا تىترىدى يۈرەك،

يالقۇن رەڭگە كىردى شاد يۈزلەر.

كىم ئويلىغان بۇنىڭ ئاداققى
قىممەتلىك پەيت بوپ قېلىشىنى.
ئايرىلىشنىڭ مەڭگۈگە ئۆچمەس،
يۈرەكلەرگە ئوت سېلىشىنى.

ئېسىمدە ئاداققى ئۇنتۇلماس مىنۇت،
ئېسىمدە بىرمۇڭلۇق قاراپ قالغىنىڭ.
يۈرىكىم تۇيغانىدەك بۇ ئايرىلىشنى،
تۆزىمەي - تۆزىمەي قەدەم ئالغىنىم.

ئىست، ئىست!
ا ئاشۇ مىنۇتلار،
ھېچبىر ھۇزۇر بولمايدۇ ئۇنداق.
«كېيىنكى پۇشمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن»،
پۇشمانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق.

# بىر كوبلىتلىق شېئىرلار

### ئابلىكىم تۇردى

## تۇت ئەلگە ئالما

ناكەستىن ئۆتۈپ كەت، ئارقىدا قالما،
ئارقىدا قالساڭ ئۇ، ئاتىمدۇ چالما؛
ئۇ ئازغان تېرىسا ئەلنىڭ بېغىغا،
سەن سەرخىل كۆل تېرىپ، تۇت ئەلگە ئالما.

## قانداق بەسلىشەي؟

چۈشكىنىڭ «جىپ» — كوككا ھەم ئايروپىلان...
مېنىڭچۇ چۈشكىنىم يار - يار ھارۋا؛
ھالىمغا بېقىپراق بەسلەشمىسەمەن
ئاتىلىپ قالارمەن «تاشپاقا»، كالۋا.

## ئويلايتتىم

ئويلايتتىم بۇ «زات» نى ياخشى كۆرەر دەپ —
روھ - ۋىجدان بابىدا ئەڭ ئېگىزلىكنى؛
زەڭ قويسام ئەسلى بۇ ئەلا كۆرەركەن —
پۇل، مەنسەپ، ئۆز خوتۇن ھەم سېمىزلىكنى.

## بەرگىن ئىجازەت

بەزىلەر پۇل تاپسا ھەجگە باراركەن،
ۋە ياكى قىلاركەن چەتنى زىيارەت؛
مەن سېنى تاۋاپ قىپ كەلدىم جان يۇرتۇم،
«چىكەڭ»گە سۆيۈشكە بەرگىن ئىجازەت.

## ھەسەت

بەك يامان ئىكەنغۇ ئىچى يامانلىق،
تالانتلىق - ئەقلىنىڭ دۈشمىنى ھەسەت؛
ھەسەتنى سەن ھەرگىز بوش چاغلىمىغىن،
تىرىكنى ئۆلتۈرۈپ قىلىدۇ جەسەت.

## بولىدۇ تۆھمەت

ئىشلىمەي، زورمۇ زور قازانغان شۆھرەت،
كەلتۈرمەس دانىشقا ھەقىقىي ھۆرمەت؛
كاھىلار ئاغزىدا «ئاپىرىن!» دەيدۇ،
بۇ ماختاش ئەمەلدە بولىدۇ تۆھمەت.

## كۈشەندە

كۈشەندە چۈشتىمۇ سېنىڭ پېيىڭگە،
تور - تۇزاق يايىدۇ ھەرىكەت - سۆزۈڭگە؛
بولمىسا ئويدۇرۇپ «پاكىت» دېگەننى
سۈركەيدۇ قارىنى ئاپئاق يۈزۈڭگە.

## «يامان» نىڭ ئوتلىرى

يوقالدىم كۆزۈڭدىن خۇش بولارسەن، يار،
ۋە ياكى سېغىنىپ چېكەرسەن ئازاب؛
«يامان» نىڭ ئوتلىرى يامان بولىدۇ»
يۈرەكنى كۆيدۈرەر مەڭگۈ لاۋۇلداپ!

### بىر خىيالغا سوئال

ئۇتىيا خىيالىم تويىنى قىپ بولۇپ،
خىيال قويغانىنىڭ پايدىسى نىمە؟
پەدەز كىيرەكمۇ يا چىن گۈزەللىك —
راستىڭنى ئېيتقىن، كايىمدى دىمە.

### تۆلەيمىز تۆلەم

كۆلكەڭ چىغىدا بولسۇن، ئى، تۆرەم،
قوشنا تامدىلا بولماقتا ئۆلەم؛
خۇشاللىق - كۆلكەڭ چىكىدىن ئاشسا،
ئاخىر بىر كۈنى تۆلەيمىز تۆلەم!

### نەرقى تۆۋەن

سەن چىكىپ مەغرۇرلۇق «چىلىمى»دا بەڭ،
ئۆزۈڭنى ھىچكىمگە قىلماي كەلدىڭ تەڭ؛
تەمەننا تەختىدە «شاھ» بولساڭمۇ سەن،
نەزىرىڭ ئۈستۈنكى، نەرقىڭ بەك تۆۋەن.

### ئازما؟

يازماي قوي يازغاندىن — بۇرمىلاپ يازما،
پاكىتنى ئويدۇرۇپ — تاتىلاپ - قازما؛
ئۆتەلمەي تارىخنىڭ سىناقلىرىدىن،
ھەقىقەت ئالدىدا مات بولغان ئازما؟!

## ئاڭلىمىغىن ناخشامنى

### ئوبۇل ئەزىزى (دولانى)

ئاق كېچىدە تار كوچاڭنى ئارىلاپ،
مەجنۇنلارچە ناخشا ئېيتىپ يۈرسەممەن.
دېرىزەڭنى قىيا ئېچىپ مارىلاپ،
نېچۈن ماڭا سەن تەلمۈرۈپ قارايسەن؟

دېرىزەڭنى يېپىپ ئاستا ئەي قىزچاق،
ئاڭلىمىغىن ناخشامنى تىنچ ئۇخلاپ قال.
قاراپ تۇرساڭ خىجىل بولۇپ يېنىمغا،
چىقمايدىكەن قوشناڭ قىزى — ئايجامال.

## دېڭىز سەرگەردانى

### ئەسئەت ئەھەت

ساھىلىڭدىن قوزغاپ قولۋاقنى،
يۈرۈپ كەتتىم ئۇپۇقلار تامان.
دېڭىزدىكى دولقۇنلار مېنى،
كۆتۈۋالدى كۆتۈرۈپ چۇقان.

مەن دېڭىزدا يۈرمەستىن ئۇزاق،
ئەھ يوقاتتىم كىمپەنلىكىمنى.
ئۇچۇپ يۈرگەن سەۋدايى شامال،
ھەم ئېيقاچتى چىچەكلىرىمنى.

لەيلەپ يۈردۈم زۇلمەت كېچىدە،
شاۋقۇن-سۈرەن بولدى ھەمرىيىم.
ئاخىر قارا دولقۇنلىرىڭدا،
پاچاقلىنىپ كەتتى قولۋىقىم.

ئولتۇرىمەن ساھىلدا تەنھا،
يۈرىكىمنى قاپلاپ مۇڭ - پىغان.
ئارىلىڭدا قالدىم تەمتىرەپ،
ئەھ سەرگەردان روبىنزونسىمان.

## ئانا

### خەلچىبۇۋى تۇرداخۇن

قارايمەن باللىق ھېسلىرىم بىلەن
مېھىرلىك چاقنىغان بىر جۈپ كۆزۈڭگە.
خىجىلمەن مەن ئۈچۈن چىكىپ زىيارەت
ئالدىراش ئۆتۈپ كەتكەن شۇ كۈنلىرىڭگە.

جان ئانا، جانىجان مېھرىبان ئانا
دىلىمدىن مۇھەببەت ئۇرغۇيدۇ ساڭا،
قەغىشلىك قىلمايمەن، ئۆمرۈم تەسەددۇق
پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى قىلىشقا ئادا.

# سۆيگۈ ۋە پۇغان

## جېلىل مۇھەممەت



شائىر جېلىل مۇھەممەت 1942 - يىلى قورغاس ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ، باش-لانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يۇرتىدا تۈگەتكەن. 1956 - يىلىدىن 1961 - يىلى-غىچە ئۈرۈمچىدە سابىق شىنجاڭ سەنئەت داشۆ ۋە شىنجاڭ داشۆنىڭ تىل - ئەدەبى-يات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1961 - يىلىدىن 1964 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى-دە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1965 - يىلىدىن 1970 - يىلى-غىچە شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا، 1970 - يىلىدىن 1986 - يىلى 3 - ئاي-غىچە «شىنجاڭ گېزىتى» دە تەھرىر ھەم مۇخبىر بولغان.

جېلىل مۇھەممەتنىڭ ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 500 پارچىغا يېقىن خەۋەر ماقالىسى، 450 پارچە فوتو سۈرىتى ئېلان قىلىنغاندىن تاشقىرى، يەنە «ھارماس تۇلپار بەيگىدە»، «ئەجرى كۆپنىڭ ھۆرمىتى چوڭ»، «غەيرىتى بار كىشىنىڭ، بەرىكىتى بار ئىشىنىڭ»، «ئۇنىڭ ئەجرىدىن ئەزىمەتلەر يېتىشتى» قاتارلىق 50 پارچە ئوچېرك، زىيارەت خاتىرىسى ۋە تونۇشتۇرۇشى؛ «بىر - بىرىگە قاراپ»، «گۈلىستان»، «يېزىلمىدا»، «ئانامدىكى سۆھبەت»، «كىم باشلىق»، «تۆكىننىڭ جەننەت چۈشىسى»، «بۆرە بىلەن تۈلكىنىڭ ئاتىمۇنتى» قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق ھېكايە، مەسەللىرى؛ «ئەلەمجان ۋە ئۇنىڭ كېيىملىرى»، «سولۇمدا»، «چىن گۈزەللىكنى كۆردۈم بىۋ يەردە»، «كۆرۈپ كېتەلىك»، «ئىچىپ كېتەلىك»، «باھار كەلدى»، «قىزىل گۈل»، «ساتىراش تاغام»، «كۆزۈرلۈك سالدىم» قاتارلىق 150 پارچىغا يېقىن شېئىرى ئېلان قىلىندى. يولداش جېلىل مۇھەممەت ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى باش تەھرىر ئىشخانىسىدا ئىشلىمەكتە.

### سۆيگۈ سۆزى

كۆيدۈم ساڭا قەلەمقاش،
ساڭا قۇربان ئەزىز باش.
ھەر سېغىنسام سېنى ئويلاپ،
كېلەر كۆزگە ئىسسىق ياش.

سەندىن ئارتۇق قىز بولماس،
(ھېچكىم سەندىن ئاشالماس.)
بىر سېنىڭدىن باشقىغا،
سۆيگۈ سۆزۈم ئېيتىلماس.

باغ مېھىنەتسىز ئايىنماس،
چۆلدە بۇلبۇل سايرىماس.
سەن ياراتساڭ يېگىلىق،
تۆھپە مەندىن ئايرىلماس.

بىھەر بىزگە كۈچ - قۇۋۋەت —
چىن سۆيگۈ ۋە مۇھەببەت.
كەل ئىشلەيلى قارا كۆز،
مىنۇت - سائەت ئەڭ قىممەت.

### ساڭا ئاشىقمەن

كۆزلىرىم كۆرۈنسەن گۈلدەك بولۇپ،
كېچىگە ھۆسۈن بەرگەن ئايدەك بولۇپ.
مۇھەببەت ئىشقى يانغان كۆزدە باقسام،
كۆرۈنسەن تاڭدا چىققان كۈندەك بولۇپ.

شان قۇچۇپ ئىلىم - پەندە، بەختى كۈلگەن —
ئاشىقمەن خۇشتار بولۇپ ساڭا كۆيگەن.
ئىشقىمنى ئىزھار قىلدىم غەلىبەم بىلەن،
مەنمۇ ھەم ساڭا ئوخشاش ئەلنى سۆيگەن.

ئاشىقمەن سەن ئوت يۈرەك قەلەمقاشقا،
ئۆزگە يار كېرەك ئەمەس، سەندىن باشقا.
بىر ئۆمۈر ھەمدەم بولسام ئىش - چېلىشتا،
بەختىم شۇ سەن تۆھپىكار سۇمبۇل چاچقا.

سۆيگەنىدىم سېنى، بىراق ئۆزۈم.....
كىم مەندەك دىلدىن سېنى سۆيەلىگەن،
قەلبىمدە ئاتەش يېنىپ كۆيەلىگەن؟

# شېئىرلار

## كامىل رەھىم



كامىل رەھىم 1957 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1983 - يىلى قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

كامىل رەھىمنىڭ ئىجادىيىتى 1979 - يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا كۆرۈلۈشكە باشلاپ، ھازىرغىچە 150 كە يېقىن شېئىر، ئەسىر، ئەدەبىي ئوبزورلىرى ئېلان قىلىندى. 1986 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئانانامېرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇ ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق لوگىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇ ھازىر نەچچە يىللىق جاپالىق ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى بولغان «ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى سۆزلۈكلەرگە ئىزاھلىق لۇغەت» نى نەشرگە سۇنىدى.

### خۇداغا ئىلتىجا

بۇ غۇژۇمنى غىدىقلايدۇ بىر سوئال،
ھېچ ئارام بەرمەيدۇ تىلنى سەكرىتىپ.
ئېغىزنى چىڭ يۇمۇپ بولسام زۇۋانسىز،
كۆزۈمدىن ياش بولۇپ ئاقتى سىرغىلىپ.

كەچۈرگىن ئەي خۇدا سوئالنى سوراي،
سەۋر يوق بەندەڭدە ئېغىزنى ئاچاي.
سەن بەرگەن ئېرىقتەك ۋىجدان ئوتىدا،
كۆيگىچە بىر يولى دوزاختا ياتاي.

ئېتىزغا ماڭغاندا مېھنەتكەش دېھقان،
«خۇدا» دەپ نامىڭنى قۇتلۇقلاپ ماڭار.
ئۇرغاندا تۆمۈرچى ھەربىر بولقىنى،
نامىڭنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ئۇرار.

تۈن كېچە ئوغرىمۇ «ئوۋغا» چىققاندا،
«ئەي خۇدا يولۇمنى ئاسان قىل» دەيدۇ.
زىناخور، قاتىلمۇ «خۇدا، خۇدا» دەپ،
ئىشغا سېنىڭدىن مەدەت تىلەيدۇ.

ھەيرانمەن مېھنەتكەش مەدەت تىلىگەنگە،
تەلمۈرۈپ، سارغىيىپ يۈرۈشلىرىگە.
ھەيرانمەن زىناخور، ئوغرى، پارىخور،
راھەتتىن سەمىرىپ كۈلۈشلىرىگە.

سوئالىم شۇ ئىدۇر ساڭا ئەي خۇدا،
كىم مەدەت تىلىسە مەدەت شۇنىڭمۇ؟
دەيدىكەن بۇ ئالەم ئەپكە-ئەپ بەرمەك،
بىلمىدىم بۇ شوئار ئەسلى سېنىڭمۇ؟

### ئابىدە

ئىسمىڭىزنى سورىسام،
ئابىدەگۈل دېدىڭىز.
گۈلدەك ئاتىلىق بىر كۈلۈپ،
جاننى ئوتقا سالدىڭىز.

ئىسمىڭىزگە ھۆسنىڭىز،
كەلگەن ئىكەن خويمۇ ماس.
لاتاپەتتە بۇ ئالەم،
سىزدەك گۈزەل تېپىلماس.

ھۆر دەيدىكەن كىشىلەر،
ھۆر سىزچىلىك كېلەرمۇ؟!
ئىشقىڭىزدا بىر چوغمەن
قۇياش مەندەك كۆيەرمۇ؟!

جامالىڭىز، ئىسمىڭىز،
دىلغا بولدى ئابىدە.
ئابىدە دەپ مەن ئۆلەي،
سىزدە قالدى نېسىۋە.....

## سېغىنىش

باغ ئارا يۈرسەم ھەرتاڭ گۈل پۇراپ،
بۇلبۇلنىڭ ئىشقىدىن ئىشقىمنى تېپىپ؛

لەۋلىرى قىزارغان غۇنچە بويلىرى،
يۈرەكنى ئازابلار يارنى ئەسلىتىپ.

## پەرزەنتىمگىدىن پەخىرلەن

تۇنۇگۇن تۇغۇلغان قۇتلۇق مەرھابا،
ئۈمەللەپ ئاغزىنى سۇنار كۆككە قول.
ئانىسى چۈشەنمەي بۇۋاق دىلىنى،
تويۇنچۇق تەگلىدى قىلماق ئۇچۇن گۈل.

ۋە لېكىن بوۋاق گۈل بولمىدى ئاگا،
ۋارقىراپ ئىتتىردى ئانا قولىنى.
ئېمىزگە بەرسىمۇ يۇلەپ چىقىرىپ،
تىكتىدۇ يەنىلا كۆككە كۆزىنى.

— ئانىسى، — دېدىم مەن چۈشەنمىدىڭ ھېچ،
باغرىڭنىڭ دىلىدىكى ئىستەكلىرىنى.

ئۇ ئاينىڭ بويىنغا ئېسىپ قويماقچى،
سامانىڭ جۇلالىق چېچەكلىرىنى.

ئالدىما سەن ئۇنى ئېمىزگەڭ بىلەن،
قويۇۋەت مەيلىگە، سۇنسۇن كۆككە قول.
پەخىرلەن باغرىڭنىڭ ئىستەكلىرىدىن،
پەخىرلەن تۇغدۇم دەپ شۇنداق بىر ئوغول.

## رازىمەن بالامدىن

دېدىڭ سەن — ھەجەپمۇ قۇۋ ئىكەن بالاڭ،
سۇ بەرسە ئەممەيدۇ، سۈت بەرگىن دەيدۇ.
تۆت كۈنلۈك بالىمۇ سۈت بىلەن سۇنى،
قانداقمۇ ئايرىيدۇ، ئەقىل يەتمەيدۇ.

— ئويلانما، سۈتكە سۇ تەڭ ئەمەس ئەسلا،
رازىمەن بالامنىڭ چېچەنلىكىگە.
خۇرسەنمەن سۈتنى سۇغا يەڭگۈشلەپ،
ئالدىغان ئىشتىنى بىلگەنلىكىگە.

(بېشى 76 - بەتتە)

سۆيگۈدىن قەلبىڭ يېنىپ مۇزلىغاندا،
كىم مەندەك ئوتلۇق لەززەت بېرەلىگەن؟
سۆيگەنتىم ئۆچكەن ئوتۇڭ ياندى پەقەت،
لېكىن مەن پۈتمەس دەردكە قالدىم ئەبەت.

كىرپىكىڭ قىرو بېسىپ گىرەلەشكەن،
لەۋلىرىڭ كاچكۇل ئىدى، رەڭگى ئۆچكەن.
سۆيگەنتىم قەلبىڭدە ئوت ياندى قايتا،
كۆل بولدۇم ئۆزۈم بىراق كۆيۈپ ئۆچكەن.

سۆيگەنتىم ئۆچكەن ئوتۇڭ ياندى پەقەت،
لېكىن مەن پۈتمەس دەردكە قالدىم ئەبەت.

## پۇغان

شادلىق ئەبەدىي بولمىدى ماڭا،
مەندەك غەمكىن بولغانمۇ ھەركىم؟
دىلبىرىمدىن ياخشى ئىكەن مەي،
(ئەقىدەمگە ئۆكۈندۈم بەلكىم.)

بەخت كۈلۈپ باققاندۇ دېسەم،
لېكىن ئۆچتى ئۈمىد چولپىنى.

دىلدا يېنىپ ئەلەملىك ھەسرەت،
ئالدى ئىلكىگە قايغۇ يالقۇنى.

قايغۇ مەڭگۈ بولغانمىكىن يار—
ئەلەم ئوتىدا كۆيمىكىم نېچۈن؟!
ئەلەي - پۇشايمىنىم تەتۈرمىكىن تاڭ—
پەلەك دىلنى رەنجىتەر نېچۈن؟!

يۈرەك تارىم تىترەيدۇ مۇڭلۇق،
ھەر زەخمەكتە ئوت ئالار پۇغان.
جىسمىم خاراب بولدى ئۆرتىنىپ،
قەلبىم جامى غەمگە لىق تولغان.

كېچە ئۆرتەنسەم خىيال ئوتىدا،
سەھەر تۇرۇپ پەرياد ئۇرسەمەن.
چۈشەنمەيدۇ ئۆزگە ھېچ كىشى،
مەجنۇن كەبى بىچارىدۇرمەن.

كىمگە ئېيتاي ھالۇ - مۇڭۇمنى،
سەپەردىشىم چۈشەنمىگەندە.
تەقدىر سالدى قەلبىمگە تۈگۈن،
سۆيگەن يارىم چىراي تۈرگەندە.




## سۆيگۈ

### ئۆمەرجان قوپۇر

ئېسنى بىلىپ سەبى ھاياتلىق،
قۇچىقىدا كۆردى ئۆزىنى.
چۈشلىرىدە تاپىشىپ بىر تاتلىق،
سەۋدا بولغان تەلۋە سۆيۈشتە.
ئادەملەرنىڭ ئاچتى كۆزىنى.

تىنىغ ئالدىدا كۆرگەنمەن، يۈرەك —
شۈنچىكى شاد، شۈنچىكى بىغەم.
شوئارلارغا تۇتۇنغان بىردەك،
تۇپراق سىقىپ سىلكىنگەن بارماق.
ئەۋلادقا نۇر ئاتقان كۈنىنى ھەم.

زەڭگەر ئىس بىر ئالغان كەپىدە،
ئۇچراتقانىدىم بىر ئاجىز يىگىتنى.
ۋىسال پەيتى ئىلاھ تەختىدە،
دوقۇرۇپلا يالاڭ تەنلەركە.
ئاھ دېگەنمەن قىزىدىرىپ بىتىنى.

دۇنيا ئۇنتۇپ كەتكەن قىبرى چال،
يىغان بىلەن چالغاندا قالۇن.
مەندە زىنھار قالمىغان ماجال،
گويا تۈنكى خىيالغا ئوخشاش،
ئىزگۈلۈكتە بولغانمەن جۇنۇن.

خوش دەپ ئاق يول تىلەپ كۆز ياشلاپ،
تىلەك بىلەن يول سالغان ئانام.
بەردەم تەننى ئاجىز باغاشلاپ،
ئارمانغا يېتىپ ئەبەدىي،
قۇچىقىمدا جان ئۈزگەن مومام.

ۋىسال بىلەن قۇچۇلغان زېمىن،
ئۇپۇشتىلا ئۆتكەن تەبىمەت.
ۋە ئۆتمۈشتە ئېچىلغان سىردىن،
ئالقىنىمدا ئاسراپ ھەممىنى —...
قۇت بەرگەنسەن، سۆيگۈ، مۇھەببەت.

## سۆيگۈ

### ئەكبەر ئىبراھىم

قارا تۇتەك باسقان دەھشەت كېچە ئىدى،
چىقتى بوران ئىگىلەر تال نالە قىلىپ.
يارنى ئىزدەپ ماڭغان ئىدىم سەۋدالىقتا،
سادا قەتلىك يۈرىكىمدىن گۈلخان يېقىپ.

بىر ھازادا تاپتىم سېنى غار تۆۋىدىن،
دالدىسىدا ئالدىم سېنى چىڭ قۇچاقلاپ.

شۇل مۇلايىم يۈزلىرىڭنى، قامىتىڭنى،
ئىسسىتاتتىم يۈرىكىمدە ئوتقا قاقلاپ.

ئۇنتۇدۇم مەن قالدى يىراق ئايدىڭ كېچە،
شۇ چاغلاردا مۇشۇنچىلىك سۆيۈشمەپتۇق.
لەرزان شامال، چىمەنزاردا شوخ بېقىشىپ،
بۈگۈنكىدەك دىدارىمىزغا تويۇشماپتۇق.

## سۆيگۈ

**پەرھات ئىلياس**

بۆلەنگىن بۆشۈكىڭگە
بۈيۈك تارىخ،
ئەمگىن ئېمىزگە.
توختات تىنىقىڭنى
بار مەۋجۇدات،
پات سۈكۈتكە!
مۇھەببەتنىڭ تىرەن تەكتىدە،
يايرىم ئىككىمىز سۆيۈشكەندە!

2

بىز مۇھەببەت، توزىماس ئەسلا،
ئەمما
بىلمەيمىز نېمە ئۇ مۇھەببەت دېگەن.
تال تۈۋىدە تۇرساقتۇ بىللە،
بىر - بىرىمىزنى
ئىزلەپ ھامان يۈرىمىز سەرسان.

## سۆيگۈ

**تۇراپ دايىم**

1

ئەسلىدە دۇنيانى ياراتقان سۆيگۈ،
جانلىقلار ئۇنىڭغا ھامان ئىنتىزار.
تەۋرەيدۇ سۆيگۈنىڭ كۈچىدە دۇنيا،
قىلغاچقا چۆلنىمۇ سۆيگۈ ئېكىنزار.

كۆيۈشنى، سۆيۈشنى ياراتقان ئادەم،
بۇمۇ ھەم تەڭداشسىز ئۇلۇغ مۆجىزە.
ھايۋانمۇ، قۇشلارمۇ سۆيگۈ ياراتتى،
ئادەمدىن ئۆگىنىپ، ئېلىپ ئەندىزە.

ھە، ئەنە ئەممەكتە قوينىڭ قوزىسى،
ئانىسى ئالدىدا يەرگە تىزلىنىپ،
سۈت بېرەر قوزىغا ئانىسى شۇ تاپ،
تىنىمسىز يالاپ ھەم خوپ ئەركىلىتىپ.

2

سۆيگۈنى قويغىن ئۆز ئەركىگە ئىنسان،
ھەم قىلما زورلۇقتىن يۈرىكىنى داغ.
باشقىچە يول تۇتساڭ يانار ئۆزۈڭگە،
چۆلدىمۇ ياسايدۇ سۆيگۈ چىمەن باغ.

شۇڭلاشقا سۆيگۈنى قۇل دېمە ھەرگىز،
بازارغا كىرمەيدۇ، ساتمايدۇ ئىنسان.
دىل ياققان كىشىگە تۇتىدۇ ئۇنى،
بۇنىڭغا چەك قويما، بولسىمۇ يەكسان.

3

يوللارنى تاللىدىم، تاللىدىم ئۆزۈم،
تاللاشقا ھەققىم بار، ئادەم مەن مەڭگۈ.
قەلبىمدىن ئۇرغۇيدۇ يېڭى ھاياتقا،
بېسىلماس دولقۇندەك ئۇلغايغان سۆيگۈ!!!

# سۆيگۈ

زۇنۇن رېھىم

سۆيگۈمنى تاغلارغا تەڭلەشتۈرمەن،
تاغلارمۇ ئانا يەر باغرىنى سۆيگەن.
سۆيگۈمدە يالقۇنجار ھارارەت ئېقىم،
تەمسالى يالقۇنجاپ ئوت بولۇپ كۆيگەن.

سۆيگۈمنى چاقماقغا تەڭلەشتۈرمەن،
(چاقماقمۇ چېقىلسا يورىتار جاھان)
سۆيگۈمنىڭ كۆكسىدە چاقنىدۇ چاقماق،
نۇرلىرى قەلبىمنى نۇرلىتار ھەرئان.

سۆيگۈمنى دەرياغا تەڭلەشتۈرمەن،
تاغ - ئېدىر، گۈلىستاننى ئارىلاپ ئاققان.
دەريادەك دولقۇنلاپ سۆيگۈ ھېسلىرىم،
ھاياتلىق ھەققىدە ناخشا ياڭراتقان.

سۆيگۈمنى قۇياشقا تەڭلەشتۈرمەن،
زېمىننى دائىما نۇرغا چۆمكىگەن.
قۇياشتەك بىر سۆيگۈ پارلاپ دىلىمدا،
ھاياتىم باھارى مەڭگۈ كەتمىگەن.

سۆيگۈمگە گۇۋاھتۇر پاك قەلبىم مېنىڭ،
ئانامنىڭ سۈتىدەك غۇبارسىز دىلىم.
شۇ پاكلىق، غۇبارسىز سۈتتەك دىلىمغا،
سۆيگۈلەر ئۇرۇقى تېرىغان خەلقىم.

# كۆلرەڭ مۇھەببەت

روزى سايىت

— ئىقرارنامە —

مۇشۇ ھالغا قويغىنى دېمى
مەن خارلىغان،
مەن قەدرىگە يەتمىگەن سۆيگۈ،
كۆلرەڭ مۇھەببەت...

× ×

بوپتۇ، سىلەر سوراپ قالدىڭلار،
پىنھاندىكى ئېيتاي سىرىمنىڭ.
ئۇنمەس بولدى سۆيگۈ مايسىسى،
شورى ئۆرلەپ ۋىجدان يېرىمنىڭ؛
سۆيۈۋېرىپ،
سۆيدۈرۈۋېرىپ
سېزىمنى يوقاتتى كالپۇك،
گېرىملىرى ئۆچتى لېۋىمنىڭ...
بىلەرمىدىم مەن،
سۆيگۈنى دەپ «سۆيۈش» تۇمتاقلا،
يوقالمىسا ئەقلىم پاكپۈكى؟①
ئۇمۇ،
بۇمۇ —
ھەرئىككىسى بۇزۇلىدىكەن،
ساقلانمىسا پاك،
ئىپپەت - نومۇس،
سۆيگۈ تەكپۈكى...
ئىقرار قىلماي ئامالىممۇ يوق،
(يوشۇرغىدەك ئەھۋالىممۇ يوق)
توۋار بىلىپ سۆيگۈ ئاتلىقنى،
ھەۋەس بازارىدا قىلغاچقا ئوقەت؛
غىدىقلىغاچ كۆلرەڭ مۇھەببەت —
كۆرەڭ مۇھەببەت؛

① پاكپۈك — جىڭ - تارازىنىڭ تەڭشەك چېكىتى.

قىزىللىقى قېچىپ مەڭزىمىنىڭ،
ئىناۋىتى يوقاپ لەۋزىمىنىڭ،
ئارتماقتىمەن پۇشايمانلىق دەرد...

### بىر سوئالغا ئىككى جاۋاب

(1)

— سۆيگۈڭ بارمۇ؟
— قىزىق گەپ بولدى،
بولمايدىكەن نېمىشقا سۆيگۈم؟
شۇنداق سۆيگۈم باركى قەلبىمدە،
(ئۇ مېنىڭكى ۋىجدان ئەقلىمدە)
ئەلنىڭ سۆيىدە ئاقسام!...
ئوتىدا كۆيسەم!...
ئەل سۆيگەننى مەنمۇ تەڭ سۆيسەم!!!

(2)

— سۆيگۈڭ بارمۇ؟
— ئۇلى بىر دېمە،
تاقىتىم - تاق سۆيگۈ تۆپەيلى.
ئاشۇ لېۋەننى،
قارا كۆزلۈك، نازۇك بەدەننى،
بىر قېتىملا سۆيسەم — بىر قېتىم،
بەدىلىگە ئالسىمۇ جاننى—
مەيلىدى — مەيلى!!!...

× ×

سۆيگۈ — خۇدا،
سۆيگۈ — مەبۇدە،
ئۇنى ھەركىم چۈشەنگىنىچە،
(ئىشەنگىنىچە)
ئۇلۇغلايدۇ — قىلىدۇ تاۋاپ.
پاكىتى شۇ:
بىر سوئالغا ئىككى خىل جاۋاب.

## سۆيگۈ...

### تۇرسۇنگۈل توختى

كۆرمىسەممۇ بوپتىكەن سېنى،
كەتسەم ئىكەن يىراق - يىراققا.
توغۇلمىغان بولسام ئەسلىدە،
قالماس ئىدىم دەردۇ - پىراققا.

پەرۋانىدەك كۆيمىگەن بولساڭ،
لەۋلىرىمگە سۆيمىگەن بولساڭ،
ھەرق بولماس ئىدىم، ئاھ ئەمدى—
كىم ئېيپ چىققاي مېنى قىرغاققا؟!

پەقەت سېنى — سېنى دەپ مانا،
قۇرۇق قالدىم ھەممىدىن، بىراق—
چىن سۆيگۈگە باي ئىكەن قەلبىم،
ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەيدۇ پىراق.

يېرىملىشاي دېدى ياشلىقىم،
ۋاقتىم ئىسراپ بولدى سېنى دەپ.
رەت قىلىنغاچ بىرلا «تەلەپ» بىلەن
يۈز ئۆرۈدۈڭ، كەتتىڭ كىمنى دەپ؟!

ھەيرانىمەن، سۆيگۈ كۈچىنىڭ—
شۇنچىۋالا يۈكسەكلىكىگە.
نېمە سىر بار كۆزۈڭدە سېنىڭ؟
يېتەلمىدىم ھېچ بىر تېگىگە.

(ئاخىرى 112 - بەتتە)

# ئوتلۇق چەمبەر

(تارىخىي رومان)

خىزمەت ئابدۇللىن

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

قىرغىز ئېلىنىڭ مەڭگۈلۈك مىسرالىق ئۇلۇغۋار داستانى «ماناس»، مانا شۇ زامانلاردا، بەلكى شۇ تارىخىي چوڭ كۆچ جەريانىدا جەملىنىپ كۈيلىنىشكە باشلىغان بولۇشى كېرەك. «ماناس» داستانىدا بولسا، خەلقنىڭ رېئال ھاياتى، تارىخىي تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىق بىر مۇستەقىل باھادىرنىڭ قەھرىمان قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدا، خەلقى سۆيگەن، ئىشەنگەن ئاجونويان، بۇلغۇن باتۇرلار توغرۇلۇقمۇ مىسرالار بولدى.

«ئاجونويان ھىر ئەردى، — ئامان قالدى ئېلىمىز،
بۇلغۇن باتۇر ئىرىبىستۇر (بولۇۋاس). — پايلىمىدا پاتار بوپ ...
ئاجونويان يوق ئەمدى، — شۇ پايلىمىدىن ئايرىلدۇق،
بۇلغۇن باتۇر ئىرىدكتۇر. — چوڭ سايلاردىن قايرىلدۇق.
ئاجو ئەلگە ئاتا بوپ – — ئۆزگە ئەلگە بارۇرمىز،
بۇلغۇن ياۋلى چاپار بوپ. — ئەگرىمىزگە پالۇۋردۇق.

مەزكۇر مىسرالار قىرغىز ئېلىنىڭ ئەينەن شۇ يىراق ئۆتمۈشىگە، باتۇرلىرىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، مۇنداق مىسرالارنىڭ قانچە مىڭلىرى ئاشۇ ئۇزۇن يوللار، يايلاملار ۋە ئۆتكەن ئەسىرلەر قاتلاملىرىدا قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ ...

پۈتۈن بىر خەلقنىڭ، ياكى ئەلنىڭ بىر تەۋەدىن، يەنە بىر تەۋەگە كۆچۈشى ھېچقاچان ئاسان بولمىغان. مۇنداق كۆچلەردە مال سانى ئۆسۈش ئورنىغا، كېمىيىپ بارىدۇ. پايلىقى ئازىيىدۇ. چۈنكى ھەممىلا يەردە مال بېقىپ، تويدۇرۇپ مېڭىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. بىردە توقلۇق، بىردە ئاچلىق يۈز بېرىدۇ. ئېسىل موي، ئالتۇن – كۈمۈشكە ئوخشاش دەرسىلەر، كۆچ يولى ئۆتمىدىغان ئەل-يۇرتلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سارايلىرىغا يوللىنىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، كۆچ جەريانىدا مال ھەيدەش، بېقىش ۋە ئۇنى سوغۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئەر – يىگىتلەر ھەر خىل خەۋپ – خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قوللىرىغا قورال ئېلىپ، رەسمىي لەشكەر بولۇشقا مەجبۇر.

مانا شۇ شارائىتلارنىڭ بارلىقىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى جۇڭغارىيە ۋە تورپان تەۋەلىرىدىن ئۆتكەن قىرغىزلار كۆچى، قەشقەرىيەنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدىكى ئازدۇر – كۆپ ئۆز باغىرلىرى تۇرۇۋاتقان يايلاملارغا ئۇلاشقان ئىدى. لېكىن ئۇ يايلاملاردىمۇ ئۇزاق تۇرالماي، ئەگرىتاغلىرىنى بويلاپ ئىچكىرىگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭغا مال – ۋارىنى ئۈچۈن يايلاملارنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەب.

بۇلغۇن باتۇر باشلىغان قىرغىزلار كۆچى تورپان ئەتراپىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارنى قارشى ئېلىپ تەيخۇ خېنىم، بوغۇزۇن بەگ ۋە ئوغلى ئارسلان تېگىنلەر نۆكەرلىرى بىلەن چىقتى. كۆچ باشلىقلىرىغا داستىخان يېيىپ ھۆرمەت كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىگە سوۋغا – تۆھپىلەر ۋە ئۇرغۇن مىقداردا مېۋە – چېۋە، يەل – يېمىش بېرىپ مىننەتدار قىلغانىدى.

بولۇپمۇ، ئۆز ۋاقتىدا بۇلغۇن باتۇرنىڭ ئۆزلىرىگە ئەركىنلىك بەرگەنلىكى ئۈچۈن تەيخۇ خېنىم ئېيتقان

تەشەككۈر سۆزلەر تىڭشىغۇچىلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى.

## XVI

ئۆرخۇن - سېلىنگا تەرەپلىرىدىكى مەزكۇر ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋەر تاپقان ئۆگدە خان، ئەتراپىدى-كىلەرنى يىغىپ، خاقان سەنتۇننىڭ كەنجۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز يەرلىرىگە قايتىشىنى تەلەپ قىلغان خېتى توغرۇلۇق كېڭەش ئۆتكۈزدى.

خۇاڭخېنىڭ ياقىلىرىغا كېلىپ، گەنجۇ، لەنجۇ، نەندە قاتارلىق شەھەرلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا قەد كۆتۈرۈشكە باشلىغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆگدە خان باشلىق، ئىشبەر تېگىن ئوخشاش بىرقانچە ئەربابلىرى، بۇ تەۋەدىن ئايرىلماسلىقنى ئىنتىلسە، كەندىك تېگىن، تۆكلىگەن يەرلەرنىلا كىنەيدىغان يەنە بىرقانچىسى، شۇ جۈملىدىن ئىدىگان تېگىننىڭ ئاتا ماكانىغىلا قايتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئىككى خىل كۆز قاراشتىكى بۇ كىشىلەر-نىڭ ھەممىسىلا تۇراقلىق تۇرمۇش شەكىللىرىگە، ھونەر - كەسىپلىك شەھەر ھاياتىغا ئۆگەنگەن خەلقلەرنىڭ قايتىدىن كۆچمەنلىك ھاياتقا يۆتكەلمەيدىغانلىقىنى، بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتى قانۇنىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي خاھىشلىرى ئاساسىدىلا قارىمۇ - قارشى پىكىر قىلاتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، تۈرك ئەللىرىنىڭ ئوردىلىرىدا دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئاقساقاللار كېڭەشلىرى، تالاش - تارتىشلىرىغا ئاساسىي سەۋەب، ئۇلاردىكى دۆلەت تۈزۈمى ئەزەلدىنلا مونارخىيە شەكلىدە ئەمەس، بەلكى رېسپوبلىكىلىق دېموكراتىيىگە يېقىن ئىدى. خان، بەگلەر كۆپىنچە ئاقساقاللار مەجلىسلىرىدە، ئولۇس - ۋىلايەتلەر ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشى بىلەن سايلىنىدىغان. لېكىن خان، بەگلەر سايلىنىپ ئوردىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھەل قىلغۇچى ھۆكۈم شۇلارنىڭ قولىدا بولاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كېڭەشتىكى كۆپ تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن خان ئۆگدە ئۆزىنىڭ شۇ ھوقۇقىدىن تولۇق پايدىلانماق بولدى، ئەتىمالىم، ئىدىگان ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىغا قاراپ:

— تايغاچلار، ... سەنتۇن خاقان ئەمدى نە قىلۇر بىزگە، قارىغىنە، - دېدى، - شۇڭلاشقا ھېلىمۇ يۇرت - ئاۋۇل بولۇپ بۆلۈنۈپ بولساق، بۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟! ھازىر تولا، ئۆرخۇن سايلىرىدىكى ئاقساقال-نىڭ مال - ۋارانى ئاران تويۇنار ئىكەن. قىرغىزلار تاشلاپ كەتكەن سېلىنگامۇ خۇددى شۇنداق ئىمىش. ئۇ تەرەپلەرگە ئېغىپ بېرىش ئەمدى بىزگە نېمە ئۈستۇرا مەگەر، ئۇنىمىسا-لار، ئىنىم ئىدىگان، خوپ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قورغا! ...

ئىدىگان ھەم ئاغا، ھەم ھۆكۈمران خان ئۆگدەنىڭ ئاچچىقىنى ئالماق بولدى - دە:

— بىلگە كۈچلۈك خان ئاغا، - دېدى ئۇ، - ئۆزۈڭ ئويلىغىنىڭلارنى ئېيتىڭلار، دەپ بۇيرۇدۇڭ، بىز ئېيتتۇق. ئەمدى ئۆزۈڭ يېشىم قىلۇرسەن.

— مەن بىلسەم، ئەلتەبىر ئاقساقال ئافرىپ، قورقۇپ ياتۇركەن، ئۇنىڭغا ئىككى-ئۈچ مىڭ لەشكەر يول-كۆزەرمىز. تايغاچلارغا بۇ يەرلەرنى بېرىش ئەمەس، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلۇرمىزا ئەمدى ھېچكىم ئۆرخۇن، سېلىنگا ياقىلىرىدا كۆپلەپ تۇرالماس. تاغلارنىڭ قارى تارتىمادى، سايلارنىڭ سۈيى سوغۇلدى ... خوش، باغىرلار، ئەمدى خاقان سەنتۇننىڭ تەيخې يەڭگىنى چاقىرغىنىغا نېمە دەپ جاۋاپ قىلۇرمىز؟

بۇ سوئالغا ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن، چەنكىيۇن جاۋاب بەردى. ئۇ دالا ھاياتىغا باغلىق مەسىلىگە ئانچە ئارىلىشالمىغان بىلەن، تاڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە ماجرالارنىڭ زىر - زەۋەرىنى بىلەتتى.

— تەيخې سابىق خاقاننىڭ قىزى بولسىمۇ، ئۇيغۇر خېنىمىنىڭ ئايالى، ئۇيغۇر تېگىننىڭ ئانىسىدۇر. دېمەك، ئۇ ئەمدى تاڭ پۇقراسىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر تۇرپان ئىدىقۇتلۇقتا ياشار. خاقانمۇ، بىزمۇ ئۇ-نىڭغا ھۆكۈم ئېيتالمايمىز. نېمە قىلىشنى، پەقەت تەيخې خېنىمنىڭ ئۆزى بىلۇر. مېنىڭچە، شۇ يوسۇندا جا-ۋاب كۆپايىدۇر.

چەنكىيۇننىڭ پىكرىگە ھەممە بىر ئېغىزدىن قوشۇلدى، ھەتتا ئۆگدە خاننىڭ ئۆزىمۇ خۇرسەن بولغان-دەك تەبەسسۇم بىلەن:

— دۇرۇس ئېيتتۇرسەن، چەن دوستۇم! - دەپ قۇۋۋەتلىدى. - دەل شۇنىڭدەك يازىمىش يازغىن سەن خاقانغا. ئاندىن ئۇقۇپ يوللارمىز.

× × ×

ئەزەلدىن خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق، نۇر ۋە كۆلەڭگىلەردەك بىر - بىرى بىلەن ئالمىشىپ، ھەتتا

قاقارلىشىپ كېلىدۇ. ئۇكدە خان ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن، كۆپ ئۆتمەي ئىنىسى ئارسلانخاننىڭ ئاپالى ھەممىدە ئاقچىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقى توغرۇلۇق خۇشخەۋەر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چىن دوستى، ئەسىرلەر بويى بىللە كۈچلۈپ، دۈشمەنلەرگە قارشى بىللە كۈرەشىپ كېلىۋاتقان خاقانلارنىڭ باشچىسى شۇڭقار ئاتىنىڭ دۇڭخۇاڭ ئەتراپىدا دۇنيادىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئەلچى بولسا بۇ ئىككى زور ۋەقەنىڭ ئىككىلىسىگە ئۇكدەنىڭ ئۆزى، ئەڭ بولمىغاندا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇلۇغلاردىن بىر ئەچچىسى ئىشتىراك قىلىشلىرى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، ئۇنداق قىلىشقا كەچ كۈز ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇلىشىپ كېلىۋاتقان قار - بورانلىق قىش سورى يار بەرمىدى.

ئۇكدە خان، ئىنىسىدىن تېگىن ۋە ئۇلاردىن يىراقتىكى ئەلـتەبىر ئاقساقال دۇڭقار ئاتىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن چوڭقۇر قايغۇ چېكىپ ماتەم تۇتتى... ئۇكدە خان دۇڭخۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەر ئەھۋالى توغرىسىدا ئويلاپ، مىجەزى بۇزۇق، ئۆمۈر بويى ئۇرۇشقاق - چېقىشقاق دەۋا - دەستۇرلەرنىلا سوراپ، ئەسەبىيلىك قىلىۋاتقان پان تېگىننىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ھەربىي قوزغىلىش، قوشنا قەبىلە-ئايماقلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق جىددىي ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، دۇڭخۇاڭ ئەتراپىدىكى ئەلگە باشلىق رەتىدە ئىشبەردىنى ئەۋەتمەك بولدى - يۇ، لېكىن يەنە ئاشۇ بىر قېرىنداش ئايماق ئېلىنى ھۆرمەتلىگەچ، ئۆتتۇق تارخانلىقتا شۇلارنىڭ ئۆز سەردارلىرىنىڭ بىرىنى سايلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ خەت يوللىماق قارارىغا كەلدى.

«ئەمدى قاتتىق ئاغرىغان قېرى ئەلتەبىر ئاقساقال ئەھۋالىنى كۆزىتىش كېرەكتۇر» - دەپ ئويلىدى خان، - ئەگەر ئۇنىڭ يېنىغا ئىنىسىدىنى ئۆز ئۆيىدە بىرلە يولىبەرسەم، ئۇ چاغدا بىز يەنە ئۈچلا تۈمەن ياران بىلەن قالىمىز. تىبەت ۋە تۇرپان تۆرەلىرى بىزدىن يىراق. ئىككى - ئۈچ مىڭ ياراغ يارانلار بارغان بىلەن، ئەلنى ھەم يارانلارنى يېتەكلەر كۈچلۈك قولباشچى، بىلگە كىشى كېرەكتۇر. بىر تۈمەن بېشى ئىشبەرنى ھەم قوشۇپ بېرىشكە بولماس. نېمە قىلىش كېرەك؟ قانداقلا بولمىسۇن، ھەممە ئىش كۆكلەم - يازدا يېشىلۇر. شۇ ۋاقىتنى كۈتۈش كېرەك، ئۆزگە ھېچ يول يوقتۇر...

× × ×

بۇ ۋەتتىكى قىش بۇ تەۋەگىمىزگە يەنە ئىنتايىن ئېغىر ۋە قەھرىتان بولۇپ كەلدى. ئەسلىدە بەرگى - خازالى تولىمۇ كەمىيىپ كېلىۋاتقان سوغ قىشنىڭ قايسى ئەل، قايسى يەرلەردە بولمىسۇن، قار - يامغۇرسىز كەلگەن قارا سوغ، قۇرغاق بورانلىق «قىسىر» قىشلاردىن كۆرە، قېلىن قارلىق قىش ئىلىق ۋە كەلگۈسى يەم - چۆپ بايلىقىغا زامىن بولىدۇ. مۇنداق قىشلاردا پەقەت قار چاپچىپ ئوزۇق تېپىپ يەيدىغان يىلقا، قوي قاتارلىق ماللار، ۋە تىكەنئۇ - قامقاق يەپ چاتقاللاردا تويۇپ يۈرىدىغان تۆگىلەردىن «پالەچامىكى» بىلەن پەرق قىلىدىغان سېمىز مال ئۈچۈن، ئازدۇر - كۆپ يەم - چۆپ تويلاش لازىم.

ئەپسۇسكى، بۇ ۋەتتىكى قىش ئىنتايىن شىددەتلىك ۋە قاتـاڭغۇر بولۇپ، ئۈچ ئاي بويى، تا سەرتيۇ - سەلگىچە ئۇششاق يېتىر ئوخشاش لەيزەننى «كۈلتۈك» دەپ ئاتىلىدىغان كۆپ چىقىشىنىڭ دەھشەتلىك شاماللىرى ئۇرۇلۇپ تۇردى. ئۇششاق مال بىلەن چوڭ ماللار ھەتتا تۆگىلەرمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي جۇدەشكە، ئۆپكە ئاغرىقىدىن غۇلاشقا باشلىدى. بۇلاق ۋە كۆلچەكلەرنىڭ سۇلىرى تـا تۈۋىگىچە توڭلاپ كەتكەچكە مۇز يالاشقا مەجبۇر بولغان ماللار ئومۇميۈزلۈك بالا تاشلاشقا باشلىغانىدى.

خۇددى يۇرتۇلەي ئۇرۇش مەيدانىنى شەخسەن ئۆزى كۆزىتىپ، قايسى يېڭىلىش، قايسى قانداقتا ئەھۋال ئېغىر بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ تېگىشلىك ياردەم بەرمەكچى بولغان قوماندانىدەك، ئۇكدە خانمۇ بىر ئاي بويى ئات ئۈستىدە ئەل ئارىلاپ يۈردى. ئاز - كۆپ يەم - چۆپ زاپاسلىرى بىلەن، شەھەر جۇڭگارخانىلىرىدا تويلانغان كۆنجۈرلەرنى، خەزىنە ئاشلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئۈچۈن تويلىغان كۆممە قوناق غوزاقلىرىنى، ھەتتا قىزىل قوناق شاخلىرى بىلەن پاخاللارنى يىغدۇرۇپ، ھارۋا، تۆگىلەر ئارقىلىق يىراق ئاۋۇللارغا ئەۋەتتى. مىڭلىغان قازانلاردا قار بىلەن مۇزلارنى ئېرىتقۇزۇپ، مىڭلىغان ياغاچ چېلەكلەردە سۇ تارتقۇزدى. ئاخىرى شۇنداق شىددەتلىك ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق، قەھرىتان قىشتىن ئومۇم مال بېشىنىڭ يېرىمىنى ئامان ئېلىپ چىقتى. ئەل ئاساسىي ئۆتتۇق، پۈتۈن ئەل بولۇپ، ھەربىي يۈرۈشلەرگە ھاجەت بولغان ئاتلار بىلەن تۆگىلەرنى ساقلاپ قالدى. ئەپسۇسكى، ھەددى - ھېسابسىز ئېغىر ھەرىكەتلەر، سوغ، بوران ۋە ئۇيقۇسىزلىق نەتىجىسىدە ئاغرىشقا باشلىغان يۇرتداشلىرى قاتارىدا، ئۇكدە خاننىڭ ئۆزىمۇ ئاغرىپ قالدى.

جوڭگو تېۋىپلىرىنىڭ «ئىسسىق - سوغۇق» تەشەببۇسىدىن دورا دەرمەكلىرىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆپكىگە سوغ تەككەندە ئىنتايىن پايدىلىق دەپ ئىسسىق تېرىگە ئىلماشلىرىنى، ئۇلۇكدە خاننىڭ كېسىلىگە داۋا بولمىدى. چۈنكى خاننىڭ ئۆپكىسى ساق بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن تېنى، ئۆپكە - ئۈچەيلىرىگىچە قاقشاپ ئاغرىتتى، يۈرىكى شۇرگىنىپ مۇزلاپ - تىترەپلا تۇراتتى.

ئۇلۇكدە خان بىر ئايغا يېقىن ئورنىدىن تۇرالماي ياتتى. ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان [illegible] سۇمبۇل سۇلۇۋ، ئىدىگاننىڭ خوتۇنى كۆلەندە ئاغچاشچەكمۇننىڭ ئايالى دىنماي ۋە سەردار - لەشكەرلىرى بىلىشى چاقىرىپ بېرە ئويۇنتىشىنى ئەيمىنىش بىلەن ئېيتىپ كۆردى.

شۇ ئەسنادا - ھەقىقىي سەركەردىلەرگە خاس ئىرادە بىلەن، تېنىدە قالغان ئاخىرقى كۈچىنى يىغقان ئۇلۇكدە تەبەسسۇم قىلغان ھالدا:

— ئەمىسە مېنى ھامامدا تەرلىتىپ قويۇڭلار! — دېدى.

خان ئەتراپىدىكىلەر ئۇزناپلا كېتىشىپ، ئوردى ساراي ھويلىسىنىڭ چېتىگە ياسالغان ھامامغا ئەكىرىپ تەرلەتمەك بولۇشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قارارى ئىنتايىن توغرا بولۇپ چىقتى. ھەممە نەرسە ھازىر بولغاندىن كېيىن ئالتۇن بېزەكلىك تەكچىسى بىلەنلا ھامام بۆلمىگە ئېلىپ كىرىلگەن ئۇلۇكدە خان، يېشىنەر - يېشىنمەي شۇرقىراپ تەرلەشكە باشلىدى. ھامام ئىچىدە ئېسىلىپ تۇرغان ئەمەن، ئادىراسمانلارنىڭ ھىدىدىن ھوش كۈچلۈك ۋە ئاچچىق تەر، ئىسسىق ھورنىڭ تەسىرى بىلەن تېخىمۇ كۆپلەپ ئېقىپ، ئاغرىقىنىڭ ئۆپكە - ئۈچەيلىرى راھەتلىنىشكە، كۆڭلى خۇش كېيىپ بولغاندەك كۈچلىنىشكە باشلىدى ...

ئۇلۇكدە خان ھامامدىن چىققاندا ئۇيقۇزغا كېتىپ بارغان كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ، بىر پىيالە ئۇسسۇزلۇق ئىچتى - دە، بەئەينى ئانا باغرىنىڭ ئىللىق سۈتىگە تويغان سەبىيدەك ئىللىق پۇشۇلداپ ئۇخلاشقا باشلىدى.

— ئەندى سىلەرنىڭ باخشىلىرىڭلار كېرەك بولماس! — دەپ كىنايە قىلدى ئىدىگان چۆرىسىدىكىلەرگە قاراپ.

دەر ھەقىقەت، تاڭ سەھەر بىلەن تامامەن سەگىپ ئويغانغان ئۇلۇكدە خان، يېنىدا ئۇخلاپ قالغان ئايالىنى ئۆزى چىللاپ ئويغاتتى - دە، قورسىقىنىڭ ئاھايىتى ئېچىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي پايپېتەك بولغان سۇمبۇل سۇلۇۋ:

— ھازىر - ھازىر، سادىغاڭ كېتەي، ھازىر مەن سېنى تاماقلاندۇرىمەن ... — دەپ، يۆلمەردىن چىقىپ، مېھمانخانىدا ياتقان ئىدىگان بىلەن ئايالىنى ئويغاتتى. ئاشخانىچىمۇ بارچە خىزمەتچىلەر تەق بولۇپ يۈگرۈشۈپ كېتىشتى.

سۇمبۇل سۇلۇۋ ئىدىگانلار بىلەن ئېرىنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئۇ ئۆز تەكچىسىدە بەدەشقان قۇرۇپ، يېنىدىكى كىچىك ئۈستەلگە قويۇلغان ئالما - ئانارلارنى ئىشتەھا بىلەن يېمەكتە ئىدى.

— ھوي، ئۇلۇكدە ئاغا، ئۆزۈڭ يالغۇزلا يەمسەن؟ بىزگە ھەم بەرگىن — دە! ...—چاقچاق قىلدى ئىدىگان.

— مە، سەنمۇ تويۇپ ئال! — دەپ ئانارنىڭ بىر دانە ئۇرۇقىنى سۇندى خان.

ھەممە كۆزلىرىدىن ياش ئەگىتىپ كۈلۈشتى ... شۇ مەھەلدە لېرىقى بۆلمىلەرنىڭ بىرىدىن ئالتە ئايلىق ئوغلىنىڭ ئايىسىنى، بەلكى ئانىسىنى كىمەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى

— ئوغلۇمنى، قىزلىرىمنى ئېلىپ كىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى ئۇلۇكدە جۇدەپ، ئىنچىكىلەپ كەتكەن يۈز-لىرىنى يەرگە چۈشۈرۈپ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆمسە لاكاسامشىغا ھەيران بولغان ھالدا. ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدە ئۇ شۇقەدەر ئاجىزلاشقان ئىدىكى، ساقايغاندىن كېيىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئېتىنى يېتىلەپ ئەتىيازنىڭ قۇ-ياشلىق ئاپتىپىغا چىقىشى بىلەن، بېشى قېيىپ يىقىلىشقا تاس قالدى. لېكىن ئېتىنى ھېچكىمنىڭ ياردىمىسىز ئۆزى مىنىپ، خۇددى ئىگەرگە سىغمىغاندەك تىزگىنى سىيرىپ ئالغا ئىنتىلگەن جانىۋارنى چاپقان بويى، ئۆزى ئۆگەنگەن پايانسىز دالانىڭ ساپ ھاۋاسىغا چىقىپ كەتتى.

## XVII

ئۇلۇكدە خان ۋە ئۇنىڭ خانلىقى قۇرغان تارىخىي دەۋردىكى ھەل قىلغۇچى، ئەلا ئېغىر سىناق پەيتى يېقىنلاشماقتا ئىدى.

كەنجۇدىن كەلگەن جاۋاب خەتتىن كېيىن، بولۇپمۇ، ئۆزى تاقەتسىز كۈتكەن تەيخې خېنىمغا قولى يەت-مىگەندىن كېيىن، غەزەپكە كېلىپ، ئۆزىگە خاس جاھىللىق بىلەن ئىش تۇتقان سەلتۇن چاۋشەنلىكلەرنىڭ

ھەممە تەلەيلىرىگە كۆنگەن ھالدا، تەمچاملىق بېتىمىگە كېلىپ، بارلىق كۈچىنى ئۇيغۇر ئېلىگە قاراتماق بولغان. ھەتتا چاۋشەلاملەرنىڭ شاگىتەي، چىڭداۋغا ئوخشاش شەھەرلىرىگە كېلىپ سودا يۈرگۈزۈشكە ئىجازەت بېرىش پەدىلىگە، ئۇلاردىن بىر تۈمەن پىيادە ئەسكەر ئېلىپ، ئۇنىڭغا جالقۇتوي ۋاڭنى شىجاڭ قىلىپ بەلگىلىگەنىدى. جۇڭگو خاقانلىقىنىڭ شۇ خىل چارە - تەدبىرلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ يارلىقىنى يۈلجۈتماي ئورۇنداشقا تەييار تۇرغان كىمدان - شاتۇلار بىلەن خەيلەنزىلەرمۇ ئۇيغۇرلارغا قارشى جەددىي تەرەددۇتلارغا كىرىشكەنىدى.

ۋاقىت داھايىتى ئاز قالغانىدى. نېمىدىن باشلاش كېرەك؟

بۇ ئۇرۇشتا ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىغا چوڭ كۈچ قوشۇشى مۇمكىن بولغان قىرغىزلار، شۇ ئەھۋالنى ئەق ئۆلچىگەچكە، يىراق تەڭرىتاغ باغرىغا بېرىپ ئورلاشتى. بۇلتۇر تۇرپان بىلەن تېمەتتىن كېلىپ قايتقان لەشكەرلەر يېتىپ كەلگەن تەقدىردە، ئاساسىي جەڭلەرگە ئۈلگۈرەلمەي قېلىشى مۇمكىن ... شۇنداق بولسىمۇ، تېز چاپارمەنلەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش كېرەك. مۇنتىزىم ئۈچ تۈمەندىن تاشقىرى، قولغا قورال ئالغىدەك ئۇيغۇر ئاھالىسىدىن يەنە بىر تۈمەن تەشكىل قىلىش مۇمكىن.

ئۇكدە خان مۇشۇنداق ئوي-پىكىرلەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆز كىشىلىرى بىلەن يەنە ھەربىي پىلانلار ھەققىدە مۇھاكىمە ئۆتكۈزدى.

ئەتىجىدە، ئۇ لەشكەرلىرىنى تەڭ ئۈچ بۆلۈنمىشكە بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسىنى كەنجۇ - ئەندە قورغان سېپىللىرىنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىغا قويۇپ، ئۆزى بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىدىن دەريا ئارقىلىق ئۆدۈل ئۇرۇشقا تېگىش جايىدا، بۇلتۇر ياسالغان ساللاردىن ھازىرلاپ تۇرىدىغان بولدى. يېڭىدىن تەشكىل قىلىنىدىغان تۈمەن غەرب تەرەپتىكى ئارقا سەپتە مەشق قىلغاچ، تۇرپان بىلەن تېمەتتىن كېلىدىغان لەشكەرلەرنى كۈتۈشى كېرەك. ئاساسىي جەڭنى بولسا قىرغاقتىكى كەڭلىكتە ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاندىن ئاساسىي دۈشمەنلەرنى دەريا تەرەپكە سۈرۈپ بەربات قىلىش لازىم! ... بۇ تېخى پەقەت پىلانغۇر. ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق ئۇرۇشتا كۈتمىگەن يەردىن، كۈتمىگەن پەيتلەردە يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللارنىڭ بولۇشى ھەم مۇمكىنغۇ؟

باكىلىۋاشتىن جەڭگىۋار روھقا كېلىپ، جاسارەت بىلەن تەۋرىنىشكە باشلىغان ئۇكدە، ئىدىگان، ئىشبەر ۋە باشقا ھەربىي سەردارۇ - يارانلارنىڭ ھەممىسى، ئادەتتىكىدىن باشقىچە قانداقتۇر بىر جانلىق، جۈرئەتلىك ھالەتكە كەلگەنىدى. بۇ ھالەتنى مىڭ - مىڭلىغان لەشكەرلەرمۇ، شەھەر، دالادىكى ئاھالىمۇ ياخشى بايقىغانىدى. خۇسۇسەن سەردارلار ئائىلىسىدىكى چوڭلار، ئۇلارنىڭ سۆيگەن يارلىرى چوڭقۇر تەۋرىنەتتى. ئۇكدە خانىمۇ، ئىدىگان، ئىشبەر تېگىنلەرمۇ كېچىلىرى ئۆز ئۆيلىرىدە خاتىرجەم يېتىپ ئۇخلىماي، كۆپ ۋاقىتلىرى تاماكا چېكىش بىلەن، ئەنسىز ئىچىش بىلەن، ھويلا - ئارامدا مېڭىپ يۈرۈپ، خىلمۇ خىل ئويلار ئىلكىدە بولاتتى.

بىر كۈنى ئىدىگاننىڭ ئايالى گۈلەندە ئاغچا ئۇنىڭ باغرىغا بېشىنى قويۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر يىغلاشقا باشلىدى. ئىدىگان ئۇنى بەزلەپ تەپتىشلىگەندىن كېيىن، ئاران ئۆپكىسىنى بېسىپ:

— ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى... ئەمدىگىنە بالا - قۇلۇن كۆرىدىغان بولدۇق دېگەندە! — دەپ يەنە ئۆپكىدەپ كەتتى گۈلەندە ئاغچا. ئايالى ۋە ئۆزى ئۈچۈن شۇ خۇشاللىق كەپلەرنى ئاڭلىغان ئىدىگان ئۆز يارىنى قۇچاقلاپ:

— ئەمسە نېمىگە يىغلايسەن؟ بۇنىڭغا خۇشال بولۇپ كۈلمەمسەن؟ — دېگەن سۆزلەر بىلەن بەزلىدى. گۈلەندە ئاغچا ئۆزىنىڭ ... يۈرىكىنىڭ ئەندىشىسىنى ئېيتماق بولدى - يۇ، لېكىن ئېرىنىڭ رايىچە بولۇپ، يىغا ئارىلاش كۈلۈشكە تىرىشتى.

— قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئۇرۇشتا ئۆزەڭگە ساق بول، — دېدى ئۇ يەنە ئىدىگانغا چىڭ يېپىشىپ، — قاچان بولمىسۇن، يامان دۈشمەنلەر سېنىلا كۆزىتەر...

— سەۋەب؟ مەن ئۆزۈم يامان دۈشمەنلەرنى كۆزىتەرمەن. يىراق ئەمدى قورقما، ئۇكدە ئاغا «بۇ ئۇرۇشتا ھېچقانداق بىرگە - بىر چىقىشمۇ، تۈمەن باشچىلىرىنىڭ چېپىشقا كىرىشىمۇ بولمىسۇن!» دېدي شۇ سەۋەبتىن بۇ قېتىم بارچە سەردارلار ئامان بولۇر.

— يامان ئىش بولۇپ، چوڭ دۈشمەنلەر بىزلەرنى يېڭىپ ئالسىچۇ؟

— بۇ سۆزنى ئىككىنچى ئېيتما، گۈلەندە! ئۇرۇش ئالدىدا، ئۇرۇش ۋاقتىدا مۇنداق سۆزنى ئېيتۇرغا بولماس!

— خوپ - خوپ، مەن ساڭىلا ئېيتۇرمەن...

— ماڭا ھەم ئۇنداق سۆزلەرنى ئېيتۇرغا بولماس! سەۋەب، مەن ھەم بىر ئۇيغۇر ياراندۇرمەن.

× × ×

يەنە بىر ئايدىن كېيىن بىر - بىرىگە قاقابىل تۇرىدىغان رەقىبلەر ھەممە تەرەپتىن يېقىنلىشىپ تۈمەنلەرنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشلىرى ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە مەلۇم بولدى. ھەتتا تاڭ چېرىكلىرىنىڭ ئازغىنا قىسمى دەريانىڭ ئۇ قېتىدا توپلىنىپ ساللارنى تەييارلىغان بولۇپ، يالغان ھەيۋە قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە شىجاڭ جاڭتۈيۋاڭ باشقۇرغان ئىككى تۈمەن چېرىكنىڭ دەريانى قىسىپ جەنۇبىي تەرىپىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە، كىدان - شاتو چېرىكلىرى غەربتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇيغۇر تۈمەنلىرىنى دەرياغا غەرق قىلىشنى مۆلچەرلەشكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. دۈشمەنلەر ئۇيغۇرلار لەشكىرىنىڭ ئوڭ قول، سول قول قاناتلىرى، كەنجۈنىڭ يۇقىرى - تۆۋىنىدىكى ئىككى قورغان ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى - يۇ، تۇرپان ۋە تىبەت تەرەپتىن كېلىدىغان قوشۇنلارنىڭ غەرب تەرەپتە، بىر كۈنلۈك يول يىراقلىقتا يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇ تۈپەيلى، ئۇلۇغ خان، ئىككى قاناتتىكى لەشكەرلىرىگە چاۋشەن ۋە تاڭ تۈمەنلىرى بىلەن توقۇنۇشقاندا، يېرىم كۈچلىرى بىلەن ئۇرۇشقاندەك بولۇپ، ئاندىن چېكىنىپ ئۇرۇشۇش ئارقىلىق كەينىگە تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشنى، غەربتىكى لەشكەرلەرنى كىدانلار بىلەن شاتولارنى مۇمكىن قەدەر كەينىچە-زىغا قارىتىپ چېكىندۈرۈشنى بۇيرۇپ چاپارمەنلەر ئەۋەتتى.

ھەممە جەريان، تەخمىنەن، ئۇلۇغ خان مۆلچەرلىگەندەك روي بەردى. دۈشمەنلەر تۆت تەرەپتىن دائىرە شەكلىدە يېقىنلىشىپ، جەڭنىڭ ئىككىنچى كۈنى شىمالىي ئويمانلىقتا جۇغۇ - جەم بولۇپ، بوغۇزلىشقا باشلىدى. ئېغىر ئەھۋالنى تېز ۋە تولۇق ئۆلچىگەن شىجاڭ جاڭتۈيۋاڭ چەمبەر ئىچىدە مۇستەھكەم ئۈچ رەت دائىرە قۇرۇپ، ئىككى كۈن شۇ دائىرىنىڭ بىر سېپىنى دەريا ۋە شەھەر تەرەپتىكى ئۇلۇغ خاننىڭ لەشكەرلىرىگە ئەۋەتىپ قىرىلىپ تۇردى. بۇ تەرسالىقتىن ھەزەر ئەيلىگەن خان، ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى ئىككى قاناتتىكى لەشكەرلىرىگە چاپارمەن ئەۋەتىپ، تاڭ سەھەردە، جەڭ باشلىنىشى بىلەن ھەممە لەشكەرلەرنىڭ دەريا تەرەپتىكى مەيدانغا سىلجىشىنى تاپشۇردى.

لېكىن تۈن بويى دەريادىن ئۆتۈپ ئۈلگۈرگەن ياۋنىڭ ئۇ قاتتىكى زاپاس چېرىكلىرى قىرغاقنى تاشلار بىلەن قوغدىغان ئاھالىنى يېمىرىپ، قۇرۇقلۇققا چىقتى - دە، يېرىمى ئاتلىنىپ، قالغىنى پىيادە ئالغا قاراپ ماڭغان پەيتتە، ئۇلۇغ خاننىڭ لەشكەرلىرى داۋالغۇپ كېلىپ، ئارىدا قاڭقىراپ قالغان دۈشمەننى چاپماي، قىرماي قورالسىزلاندۇردى ۋە كېيىن چېكىندۈرۈپ دەريا لېۋىگە ئاپاردى - دە، تاياق يەپ تەمالغان تەلۋە ئاھالىسىنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەردى. قورالسىز ئاھالە قوللىرىغا تاش، تاياق - توقماقلار تۇتۇپ، دۈشمەنلەردىن شۇنداق ئۆچ ئالدىكى، ئۇلار بىرسىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

يېقىن كىشىلىرىنىڭ سەممىيەت بىلەن، ئۇزاق ئاغرىقتىن كېيىن قايتا ئۇزۇلۇپ قالماسلىق ھەققىدە ئېيتقان سۆزىنى ئېسىگە ئالغان ئۇلۇغ خان، جەڭگىۋار ئارغىماقنى سىلىق يورغىسى بىلەن ئالماشتۇرۇپ، يورغىلاتقان بويى جەڭ بولۇپ ئۆتكەن مەيدانغا بارغاندا، جاڭتۈيۋاڭ چېرىكلىرىنىڭ چارىكىلا قالغانىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆلۈپ، بىر قىسمى قانغا مىلىنىپ يارىدار ياتسا، يەنە بىر قىسمى ئۆلگەن چېرىكلەر ئارىسىدا ئۆمىلەپ، قېچىپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى.

بىر چاغدا تۇرپاندىن كەلگەن لەشكەرلەرگە نەزەر تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئارسلان تېگىننى ئىزدىگەن ئۇلۇغ خان بىر قانچە ئايغاقچىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسىگە ئارسلاننى چاقىرىشقا، يەنە بىر قانچىسىنى يارىدارلارغا ياردەم كۆرسىتىشنى يولغا قويۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئاندىن چاۋشەن گېنېرالىنى ئۆلتۈرمەي، زەنجىرلەپ سەسكەنگەندەك تۇرغان ئورنىدىن نېرى كەتتى.

× × ×

«تۇرپاندا قالغان ئارسلان» خاننىڭ جەڭ مەيدانىدىن ئىزدەتكىنىگە ھەيران بولغان بوغۇزۇن بەگ ئۇلۇغ خاننىڭ ئالدىغا ئۆزى كەلدى. ئۇنىڭ بىر قولىغا تىغ تەگكەن بولۇپ، بوينىغا ئېسىۋالغانىدى. بەگنىڭ ئاتتىن چۈشۈشىگە، ئۇلۇغ خانمۇ ئېتىدىن چۈشۈپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى - دە؛

— دەل ۋاقتىدا كېلىپ، كۈچ قوشقىنىڭلار ئۈچۈن رەھمەت! — دېدى.

ئۇلار بىر - بىرىنى قالىيەت بىلەن تەبرىكلەپ يەنە قول ئېلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈگدە خان، بوغۇزۇن بەگنى بىۋاسىتە جەڭ مەيدانىغا كىرگىنى ئۈچۈن كايىغان بولدى - دە:

— ئارسلان ئېگىمنىڭ سىزگە ئوخشاش، قارا - قويۇقتا قىلىچلىشىپ يۈرەمدۇ؟ سىلەرسىز ھەلق بېشى يۇز باشلىرى تىغ ئۇرۇپ، قىلىچ چاپسالماس بولدىمۇ؟ مەن قولباشچى - سەردارلارنىڭ جەڭگە كىرىشىنى توختاتقانىدىم ...

— بىلگە كۈچلۈك ... ئىنىم ئۈگدە، — ھودۇقۇپ چېچىلىپ جاۋاب قىلدى بوغۇزۇن بەگ، — مېنىڭ بۇيرۇقىڭنى مەن ئاڭلىماپتىمەن؛ ئارسلان ئېگىمن بولسا تۇرپاندىدۇر. مەن ئۇنىڭ بۇ ياققا يۈرۈشىنى توختىتىپ قويغان...

— بەللى!... ھازىرلا ئىدىكۇت «ئارسلانىنى قايناقدا كۆرۈپ قالدىم... بىراق، يېنىغا يېتەلمىدىم» دەپ قايتا ئات چاپتۇرۇپ كەتتىمۇ؟ بۇ قانداق بولغىنى - ھە؟ ئۈگدە خان ئېتىنىڭ مىنىپ، كاللەكلىشىپ كېلىشۋاتقان قارا - قويۇق ئىككى قات چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاق بوز ئاتلىق چاۋشىيەن شىجاڭ جاڭتۇيۋاڭ تەرەپنى ئىشارە قىلدى - دە:

— ئەنە ئاشۇ ئېيىنگەن قولباشچىغا ئىنتىلىپ، ئىككى قىلىچنى ئىككى تەرەپكە بىردەك چېپىپ يۈرگەن سىزنىڭ كۆيۈغلىڭىز ئارسلان ئېگىمن ئەمەسمۇ؟ ... ئەگەر مېنىڭ كۆزلىرىم ئالەس بولۇپ قالمىغان بولسا، شۇدۇر. ھەي، قىزىق قان ئەلۋىلەر! ئىدىكۇتنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا قىلىچلىشىپ يۈرۈپتۇ! — دېدى ۋە ئۇ سەردارلارنىڭ بىۋاسىتە جەڭگە كىرىشىنى مەنئى قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ، قولىنى قىلىچ دەستىسىگە سۇنغان ھالدا، ئېتىنى چاپتۇرۇپ جەڭگە كىرمەك بولدى - دە، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. دەل شۇ پەيتتە ئارسلانغا يانداشىپ ئۈلگۈرگەن ئىدىكۇت، تاسما ئارغامچا سالمىسىنى بېشى ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ ئاتتى. بېشىدىن كىيىلىپ، بېلىغا چۈشكەن «ئارغامچىغا» ھەيران بولغان جاڭ شىجاڭ سىرتماق بېلىنى بوغۇپ، ئۆزىنى ئۆرۈشكە باشلىغاندا، «ئارغامچا» نىڭ سىرىنى بىلىپ قىلىچ ئۇرماق بولدى - يۇ، بىراق ئۈلگۈرەلمىدى. چۈنكى، ھەمىنى ھېسابلاپ تۇرغان ئىدىكۇت، سالمىسىنى چىڭ ۋە تېز تارتىپ جاڭ شىجاڭنى يەرگە غۇلاتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ كۈلۈۋەتكەن ئۈگدە خان، يېنىدىكى ئۆكەرلىرىگە بۇيرۇدى:

— قېنى ئەمدى تېز بېرىپ، ئىدىكۇت بىلەن ئارسلانغا يول ئېچىڭلار. ئەمدى ئۇلار تىجمەلنى سۆرەپ قايتسۇن... شىجاڭ ئۇنىڭ سالمىسىنى قىيمۇۋەتسە، ئىدىكۇت ئۇلاش ئۈچۈن يەرگە چۈشۈشى مۇمكىن!

دەل ئۈگدە ئېيتقاندەك بولدى. ئىدىكۇت بىلەن ئارسلان گېنېرالنى توپ ئىچىدىن بىمالال سۆرەپ چىقتى - دە، خان تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. سالما ئارغامچىسىغا دۈشمەن تەرەپتىن ھېچكىم قىلىچ ئۇرغىنىمۇ يوق، ئەكسىچە ھەممىسى قوراللىرىنى يەرگە تاشلىدى. ئۇلار ئاخىرغىچە قوغداشقا تېگىش بولغان قوماندانىنى دەھشەتلىك سىرتماقتىن قۇتۇلدۇرغاندىمۇ، قايتا ئاتقا مىنەلمەيتتى.

كۆڭلى يۇمشاق بوغۇزۇن بەگ ئارسلاننىڭ باش - كوزىنى سىلاپ، كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلىماقتا ئىدى. بىر - بىرىگە كۈلۈمسىرەپ قارىشىپ قالغان ئاغا - ئىنى، بىر پەستىن كېيىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— قانداق، ئاناڭ رۇخسىتى بىلەن كەلدىڭمۇ ياكى تويدۇرماي قاچتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۈگدە جىيەن ئىنىسىدىن ۋە تېز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەرگەندەك، — مەڭلىغان لەشكەر بىلەن تويدۇرماي كېتىشمۇ مۈشكۈلدۇر، — دېدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق ئاغا، ئانامنىڭ ئۆزى «ئاغاڭنى ئورۇش قىلغاندا، ئىنىسى ئۆيدە ياتماس، بار ئوغلۇم!» دەپ دۇئا بەردى. دەل جەڭ باشلانغاندا، يېتىپ كەلگىنىممۇ دەل شۇ دۇئادىن بولسا كېرەك...

— شۇنداق ئۇلۇغ ئانىسى، بىلگە كۈچلۈك ھەددىسى بار ئىككىمىزدە نېمە ئارمان بار دېسەڭچۇ، ئىنىم!

— يەنە «دانىشمەن قۇدا — ئەقىلدار!» — دەپ قوشقۇدە ئۇلۇغ خان، — دېدى بوغۇزۇن بەگ مەغرۇرلۇق بىلەن. ئۈگدە ئۇنىڭ ئىلتىماس سۆزىنى تېخىمۇ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن تەكرارلىدى.

شۇ ئەسنادا ئەترايتىكىلەرنىڭ «ئاپلا» دېگەن ئۈكۈنۈشلۈك ئاۋازى ئاڭلاندى. چۈنكى سالما سىرتمىدىن بوشىتىلغاندىن كېيىن، تاش ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، ئۆزۈن قاڭزىسىنى چېكىۋاتقان گېنېرال جاڭتۇيۋاڭ ھەربىيلەرچە تىك تۇرۇپ، كىيىملىرىنى سەر - سەپ بىلەن تۈزەتكەندىن كېيىن، ئۆڭ يانچۇقىدىن خەنجەرنى ئېلىپ ئۆزىگە ئۇرغانىدى! دەررۇ يېتىپ ئۆز ئۇلجىسىنىڭ تومۇرىنى تۇتقان ئىدىكۇت، ئۈگدە خانغا ئەيىبلىك كىشىلەرچە قاراپ مۈرىسىنى چىقاردى - دە:

— مۆلۈپ قاپتۇ، — دېدى.

— ھە، سەن نېمە دەپ ئويلىمىزدىڭ؟ — دەپ چۈشەندۈردى خان، — يىچاقنى دەل يۈرىكىگە دەللەپ ئۇ-رۇپتۇ. «ئۆزىنى بىلگەن خار ئەمەس» دېگەن مۇشۇدۇر. مېنىڭ يامان ئويىمنى بىلگەن بولسا كېرەك. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ قان مەيدانىدا، ئىككى ياقتىن بىكارغا قىرىلغان مىڭلىغان ئەرلەر ئارىسىدا مومىا يالغاچقا تې-گمەي، — مانا «ئۆز ئىشىڭنى كۆر» دەپ كەتمەك ئىدىم.

١ ئۇكدە خان يۈرىكىدىكى سۆزلەرنى شۇ تەرىقىدە ئېيتقاندىن كېيىن، تىرىك قالغان دۈشمەنلەرگە ئوزۇق - تۈلۈك، دەريادىن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن سالالارنى بېرىشنى بۇيرۇدى...

× × ×

ھەرقايسىسىغا ھەرخىل ياردەم كۆرسىتىلىۋاتقان ياريدار - مېيىپلار ئارىسىدا، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا ئۆز لايىقىدا سۆز ئېيتىۋاتقان ئۇكدە خان بىردىنلا جەڭ مەيدانىنىڭ ھەر تەرىپىدىن ئاتلىق، پىيادە ۋە تۆكىلەر مىنگەن خەلقنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بايقىدى؛ بۇلار تىرىك، ياريدار ۋە تابۇت بولغان لەشكەرلەرنىڭ تۇغقانلىرى ئىكەن. ئۇكدە خان يەنە پەرىشانلىنىپ قالدى. بىرلىرى ئېرىدىن، يەنە بىرلىرى ئاتىسىدىن، ئاغىسىدىن ئايرىلغان خەلققە نېمە ئېيتىشى، ئۇلارنىڭ لەختە بولغان يۈرەك - باغرىنى قانداق سۆز-لەر بىلەن پەيلەش مۇمكىن؟! خانىنىڭ شۇ ھالىتىنى بىلگەندەك جەڭ مەيدانىغا كەلگەن خالايىق ھەرياققا يېتىراپ، يىغلاپ - قاقشىماي سەۋرى - تاقەت بىلەن خانىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، ئۇنىڭ تارىخىي غالىبىيىتى بىلەن تەبرىكلىگەندەك باش ئېگىشىپ جىم تۇرۇشتى. ئۇكدە خانىنىڭ يېشىغا خىلمۇ خىل ئويلار، سۆزلەر كېلىپ - كېتىپ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، يۈرۈتلىرىنىڭ ئۈچى، مەڭزىلىرى ئۆزىچىلا تىترەپ كەتكەندەك بولدى. يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ئاڭلىنىپ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىشكە باشلىدى. بىر چاغدا بۇ ئا-خىرقى كۈچ - ئىرادىسىنى يىغىپ، كۆزلىرىدىن چىقىپ كېتەي دەپ تۇرغان ياش تامچىسىدە توختاپتى - دە، بوغۇق ئاۋاز بىلەن گەپ باشلىدى:

— ئى ئۇلۇغ ئەل...يۇرت! سىلەرگە رەھمەت! شۇنداق ئوبرانىماس، قايتىماس شىر - قوران ئەرلەرنى يارىتقىنىڭىغا مىڭلارچە رەھمەت! كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىز كۈچلۈك ياۋنى يەڭدۇق...بۇ ئۇرۇشتىمۇ بىزگە سىلەرنىڭ ئار - نومۇس، تىلەك - ئارمانلىرىڭلار مەدەت بولدى...ئۇلۇغ ئاتىلىرىمىز گۈلى پەيلو، بىلگە كۈچ-لۈك مويۇن-چورلارنىڭ روھى يار بولدى! بىراق، قانچە مىڭلىغان باغرىلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق؟ ...قانچە مىڭلىغان بالا - چاقا يېتىم، قانچە مىڭ خوتۇن - كېلىنلەر يېسىر قالدى؟ لېكىن بۇ قىرغىننى باشلىغان بىز-لەر ئەمەس، سىلەرسىلەر. بۇنى باشلىغان تابغاچلاردۇر. ئاقىۋەت، ھەر نۇن مىڭلىغان ئەرلەر ۋاقىتسىز تابۇت دېبولدى...بىراق ئۇلار ئىزگۈ قۇت قۇربانلاردۇر، سەۋەب، ئۇلار ئەۋزىمىز ئۈچۈن ئۆز ئېلىمىز ئۈچۈن قان-لىرىنى بەردى! ئاھ، ئىزگۈقۇت ئېلىم! ئەمدى مەن سىلەرگە پەقەت بىرلا نەرسە بىلەن سەۋر - چىدام، كېلىچەككە ئىشەنچ بېرۇرمەن. ئەمدى بۇنىڭدەك قىرغىنلار بولماس. يۈز يىللارغىچە تىنچ - يۇۋاش ئۆمۈر كۆرۈرمىز. «ئۆلۈمدىن تىرىك ئۇلۇغ» دېگەن بىزنىڭ ئاتىلار! ئىزگۈقۇت بول، ئۇلۇغ ئەل...يۇرت!

## XVIII

تۇرپاندا، كېلىنى ھەمىدەم ۋە ئالتە ئايلىق نەۋرىسى ئۇدزەر (سەبىنى بوۋىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاش-قان) بىلەن قالغان تەيخې، ئۆزىنىڭ ئىچكى تەشۋىش - ئەندىشىلىرىنى قانچە يوشۇرسىمۇ بەربىر، كېلىنى ھەمىدە ئاغچا بىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارسلان بىلەن ئاتىسىنىڭ قايغۇسىنى قىلاتتى. تەجرىبىلىك تەيخې ئىسۆز يېقىنلىرىنىڭ تەقدىرىنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەلنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ ھەسرەت چې-كەتتى. ئەگەر ئۇيغۇرلار بۇ قېتىم غالىبىيەت قازانسا پۈتۈن تۈركىي تايپىلار ئۈچۈن بەخت - سائادەتلىك دەۋرنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھەربىي كۈچلەرنىڭ نىسبەتلىرىنى، جەڭچى ۋە سەردار-لارنىڭ قابىلىيەتلىرىنى تەخمىنەن بىر - بىرىگە تاقاشلاتتى.

ئۇ بوغۇزۇن بەگنىڭ كەينىدىن ئارسلان مېڭىپ، بىر ھەپتە ئۆتكىچە ئەتراپتىكىلەرگە ھەمىدىن ئاۋ-ۋال كېلىنى ھەمىدەمگە مەدەت بېرىشكە تىرىشىپ يۈردى. كېيىن بولسا، ئەل تەقدىرى قالىلىق تاۋكاغا قويۇلغان خۇاڭخې تەرەپكە مېڭىش ارىغا كەلدى. لېكىن، ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى قىقىپ، بوتا كۆزلىرىنى

مۇلدۇرلىتىپ تۇرىدىغان ھەمىدەنى قانداق يالغۇز تاشلاپ كېتەلەيدۇ؟ ئۇلىڭغا ئۆزىنىڭ قارارىنى قانداق ئېيتالايدۇ؟ ئەگەر ئۇ خۇاگخېغا بارغاندا، ئەلىنىڭ مەڭپەئەتى ئۈچۈن قانداق پايدا يەتكۈزىدۇ؟ تەيخې ئەنە شۇنداق سوئال مۇلاھىزىلەر بىلەن ئويلىنىپ يۈرگىنىدە ھەمىدە ئاغچا خۇددى ئۇنىڭ ئىچكى ھالىتىنى بىلىپ تۇرغاندەك:

— ئانا، — دېگەن بىرىنچە مۇراجىئەت قىلدى، — يىراقتا تۇرۇپ، غەم - قايغۇ چەككەندىن كۆرە، ئۇلارنىڭ يېنىدا بولغان ياخشىمۇ دەيمەن؟

— بۇنى ئېمىگە سوراپ قالدىڭ، قىزىم؟

ھەمىدەنىڭ شەپقەتلىك مەگزىلىرى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى.

— ئۆزلۈمچە، شۇنداق بىر خىياللارنى كەچۈرگىنىم، ئانا، مەگەر خاتا بولسا خاپا بولما.

— ئېمىشقا خاپا بولىمەن، قىزىم، — ئۇ ھەمىدەنىڭ بېشىنى سىلاپ، مەدەت بەرگەندەك بولدى، — بىربىرىمىزنى ئاياپ، قايغۇمىزنى يوشۇرغاندىن كۆرە، ئوچۇق مۇڭداشقىنىمىز ئەۋزەل. ئويۇڭنى ئېيتقۇر، قىزىم، مېنىڭ يۈرىكىم قاتقان، قورقما.

— دېمەكچى بولغىنىم، سىزنىڭمۇ شۇ ياقتا، ھەممە بىلەن بىللە بولغىنىڭىز ياخشىمىكىن. دۆتىنىڭ سىرتىدا كۆيگەندىن كۆرە، ئىچىدە كۆيگەن ئەلا دېگەن بىر ماقالنى ئاڭلىغانمەن.

— ئىنتايىن ياخشى ھېكمەت ئىكەن! راست دەيسەن قىزىم. قولۇمدىن ئەل بولمىغاندا، يارىدارلار جاراھەتلىرىنى تېڭىپ داۋالاش كىلەر ئىدى... بىراق قىزىم، سېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە بولماس!

— مەن ئېمىگە يالغۇز ئانا؟ راست، سىز بىلەن بىللە. ۋازىش، ئەل زور بەخت ھەم مەدەتتۇر. بىراق، ئۇلارغىمۇ، مەدەت - ياردەم كېرەكقۇ. بىز دېگەن تىنچ تەۋەدە تۇرۇۋاتىمىزغۇ؟ مېنىڭچە سىزنىڭ خۇاگخېدا بولغىنىڭىز ياخشى.

— توغرا ئېيتۇرسەن، قىزىم. يەنە بىرئاز كۈتەيلى، بەلكى ئۇلاردىن خەۋەرمۇ كېلىپ قالار...

كېيىنكى ھەپتىدىمۇ، خۇاگخې - كەنجۈ تەرەپتىن ھېچبىر خەۋەر بولمىدى. چۈنكى ئۇ ياقلاردىكى ۋەقەلەر يولغا چىققان كارۋان ۋە يولۇچىلارنىڭ قىسقا يوللىرىنى ئۈزارتىۋەتكەن ئىدى. شۇ تۈپەيلى، تەيخې ھېچكىمنى كۈتمەي، كېلىۋاتقان خەۋەر بولسا يولدا ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلىپ، ئۆزۈن ۋە خەتەرلىك سەپەرگە ئاتلاندى.

تەيخې خېنىم يېشىنىڭ ئەللىككە يېتىپ قالغىنىغا ۋە ئۆزىنىڭ بەكمۇ نازۇك، رەڭگىنىڭ قارىماي، خۇددى چاپارمەنلەرگە ئوخشاش ئىلدام ۋە تىنىمسىز مېڭىپ، بىر ھەپتىدىلا ئۈكدە خانغا ئوخشاش قومۇل شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. قومۇلدىن قوشۇلغان قومۇل خانى، يولۇچىلارنىڭ ئاتلىرىنى تىك يورغىلار بىلەن ئالماشتۇرغاچ، قالغان يېرىم يولنىمۇ شۇنداق سۈرئەت بىلەن بېسىپ ئۆتتى.

ئۇلار خۇاگخېغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، كەنجۈدىن قايتقان تىبەت قوشۇنلىرىنى ئۇچرۇشقا ئېلىپ كەلگەن خان بېبى بىلەن ئۇچرىشىپ، تارىخىي غالىبىيەتتىن خەۋەر تاپتى. كۆڭلى خاتىرجەم بولغان تەيخې، خۇشاللىقتىدىن يىغلىۋەتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ھېرىپ ھالسىراپ قالغانلىقىنى سەزدى.

ئۇلار يول ئۈستىدە يېنىك ئۈيلەر تىككۈزۈپ، بىر كۈن ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن يولنى يەنە داۋام قىلدى. بۇ كۈنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرپان قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشتى. بولغۇزۇن بەگ بىلەن ئارسلان يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن يولغا چىقماقچى ئىكەن. «دېمەك چوڭ غالىبىيەتكە باغلىق توي - سالتەنەتلەر ئەۋج ئېلىنمىغاندا كېرەك...» دەپ ئويلىدى تەيخې. ئۇنىڭ مەركىزى تەخمىنى بىر تەرەپتىن توغرا بولسىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى ئەھۋالغا توغرا كەلمەيتتى. چۈنكى تارىخىي غالىبىيەت تەنتەنىسى ئەۋج ئالغان دەسلەپكى ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۈكدە خان قايتىدىن يىقىلىپ بىر ھالدا ياتاتتى. ئۇنىڭ ئەترابىدىكىلەر بىلەن پۈتۈن ئەل - يۇرتنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ساداقەتلىك پاسىبانىنىڭ غېمىدە سۈرلۈك سۈكۈنات ساقلاپ، تەشۋىشلىك تىنچاش ئىلكىدە ئىدى.

خان شان بېبى پەقەت ئارسلاننىڭ جەڭ مەيدانىغا تويۇقسىز ئۇلگۈرۈپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن خان ئاغىسىنىڭ، قېيىن ئاتىسىنىڭ نەقەدەر ھەيران ۋە خۇرسەن بولغانلىقىنى قايتا - قايتا ئېيتىپ، ئانا يۈرىكىنى خۇش قىلغان بولسىمۇ، تەيخېنىڭ كۆڭلى بىلمىدىغان، كۆڭلى ئويلايدىغان زېرەك ئايال ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۈكدە خاننىڭ تىبەت ئېلى ۋە ئۆزى توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرىنى قانائەتلىنىش بىلەن سۆزلەپ

بەردى. ئۇلگدە خان ئۇنىڭ بىلەن خەيىرلىشمىش ئالدىدا، ئەمدى بۇ دىنىي ۋە دۆلەت ئەرباپى بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، دەماللا ئاخىرقى ئەھۋال قانداق بولدى، خان، — دېگەنىدى. — مەن ئۆزۈم تابغاچلارنى قورغاپ، سىلەرنىڭ شان كۈنچۇ بىلەن ئۇرۇشتۇم. ئاخىرقى ئىككىمىز قوشۇلۇپ ئۇلى ۋەيران قىلىپ، تابغاچلار ئېلى بىلەن ئۇنىڭ خاقانىنى ساقلاپ قالغان ئىدۇق. ھازىر ئېيىشقا شۇنداق قىلدۇق؟ دەپ ئويلايمەن. ئەكسىچە تەبەت، باغىرلار بىلەن بىرلىشىپ، شۇ چوڭ يىللارنىڭ ئۆزىنى ئۇرۇشىمىز كېرەك ئىكەن. بۇنىڭغا ئۆزنارا تىل تاپالمىغان ۋە تابغاچلارنىڭ قۇزۇلىقى بىلەن بۆلۈنۈپ - بۆلۈنۈپ، بىر - بىرىگە بۆرە بولغان بىزنىڭ خانلار-بايخان، ئاچو نويان، شان كۈنچۇ ئەيىبلىك. ئەمدى شان ھېبى‌خان، بىزنىڭ ئەۋلادىمىز شۇ ئاچچىق ساۋاقلارنى ھېچقاچان ئۇنتۇمىسۇن!...»

× × ×

شۇنىڭدەك ئۇلگدە خان ئەتراپىدا ئولتۇرغان بوغۇزۇن بەگ بىلەن ئارسلانغىمۇ مۇراجىئەت قىلىپ:

— يەنە بىر نەچچە كۈن تەخىر قىلىڭلار. تۇرپانغا يېتەر - يەتمەي يېنىپ بۇ ياققا ئات چېپىپ يۈرمەڭلار —... دەپ ئۆزىنىڭ ساقايمايدىغانلىقىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئىمادە قىلغانىدى.

دېمىسىمۇ ئىچىدىن كۆيۈپ تۈگىگەن ئېگىز قارىغايدەك قاتتىق يىقىلغان ئۇلگدە ئۆزىنىڭ يېنىپ يەر دەسسەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى سېزەتتى. شۇڭا ئايالىنى غەيرەتكە دەۋەت قىلغان ھالدا، كېچىدە مۇڭلۇق بىر ۋەقەنى ئەسكە ئېلىپ، ئاستا سۆزلەپ بەردى:

— بىزدە پەلەدەك يىغان، يۇۋاش بىر ئۆي بولىدىغان؛ قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ ئىزسىزلا يوقاپ كەتتى، ئاتام ئىككىلىيەن ئىزدەپ، ئۈچ كۈن ئەتراپنى كەزگەندىن كېيىن، تۆتىنچى كۈنى چوشلەردە لەپ سولىنىڭ بويىغا يېقىنلاشقانىدۇق... ماندا شۇ چاغدىلا يىراقتىكى چوپ دۆۋىسى تۈۋىدە ئېلەڭ - سىپەلەڭ بىر نەرسىلەر كۆزگە چېلىقتى. بىز ئات چاپتۇرۇپ باردۇق. كۆك ئۆي كەينىنى چوپ دۆۋىسىگە يۆلەپ تۇرۇپتۇ. ئالدىدا ئۆزىياق بۇياقتا دەڭلىپ بىر بۆرە تۇراتتى. ئۆيمۇ ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى توغرىلايتتى. ئۇلۇڭ يېقىدا ئىككى بۆرىنىڭ ئۆلۈكى ياتۇر...ئاتام بىزنى بايقىماي ئۆز ئولجىسى بىلەنلا ئېلىشقان يىرتقۇچنى سادىق بىلەن ئېتىپ تاشلىدى. ئاندىن ئۆينى ئارغامچا بىلەن باغلاپ يېتەكلىمدۇق. بىراقتا، جانىۋار بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا يەرگە يىقىلدى.

— ئەڭ بولمىسا، بوغۇزلاۋالمامسەن؟ — دېدىم مەن ئاتامغا. ئاتام مېنىڭ ئۇچامغا يۆگەن قولىنى قويۇپ:

— ئەمدى ھېچ ئامال يوق، ئوغلۇم، — دەپ چۈشەندۈردى، — كۆپ قان ئېلىشقاچ، بۇ جانىۋارنىڭ جېنى تۈگەپ، تىنى تېنى قاپتۇ. قارىمامسەن! دەل شۇنداق، پەلەدەك ئۆينىڭ زور سۆڭەكلىرى ئۇستىدە قارا پاتقاقتا مىلەنگەن پالازدەك سالىڭىپ تۇرغان تېرىسىدىن سىرىق، سېرىق سۇ - تەر ئاقار ئىدى...

يىگىرمە يىل ئىچىدە يۈزگە يېقىن جەڭگە بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلغان، شۇ جەڭلەرنىڭ قانلىق ئوقۇبەتلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، جەسۇر، سەرباز ئۇلگدە خان ئايالىغا ئۆزىنىڭ خۇددى شۇنداق ئىچىدىن يېنىپ تۈگىگەنلىكىنى ئېيتمىدى - يۇ، لېكىن ئېيتقاندىنمۇ ئارتۇق چۈشەندۈردى.

بىرنەچچە كۈندىن بېرى گاھ ھوشىنى يوقىتىپ، گاھ ھوشىغا كېلىپ، ئۆي - تەپەككۇرى بىرئاز روشەنلىشىپ ياتقان خان ئۆز ھەدىسىدەك ھەتتا ئۆز ئانىسىدەك كۆرىدىغان تەيخېنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە شۇ قەدەر خۇرسەن بولۇپ تەۋرەندىكى، ئورنىدىن تۇرالمىسىمۇ، ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشقا تەمشەلدى. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ زور خۇرسەنلىكى ئىدى. تەيخې تىزلانغان پېتىچە خان ئىنىسىغا يۈزىنى يېقىپ ئۇزاق ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىدىكى دەردىنى بۆلۈپ ئالالماقچى بولغاندەك ياخشى سۆز ۋە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈردى. ئۇلگدەمۇ يەڭگىسىنىڭ بېشىغا ئالقىنىنى يېقىپ، ۋىدالاشقان ھالدا بىر پەس جىم - جىت ياتتى - دە:

— ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ دەيمەن، سۆيۈملۈك يەڭگەم! - دېدى ئۇزۇك - ئۇزۇك نەپەس ئېلىپ. — يېتىپ كەلگىنىڭ قانداق قۇت بولدى! تەڭرى بىلەن ئۆزۈڭگە شۈكرى، ئانا!! نەۋرىنىڭ ئىسمى، ئۇلدزەر... قۇت ياخشى! قانداق چوڭ بولدىمۇ؟

— مۇشۇنداق يوغان — ئۆزۈڭلەركەلا ئوخشايدۇ، ئىنىم! — دېدى.

— شۈكرى، ئانا! ئەمدى، قۇرۇق قول، ئىزسىز ئەمەسمىز.

ئاغرىق يەنە ھالسىراپ، قۇرۇپ، كەز باغلاپ تۇرغان كالپۇكلىرىنى يالىغاندەك بولدى. بۇنى دەرھال بايقىغان تەيجى، تۇرپادىن ئېلىپ كەلگەن چىلگە، تاۋۇزلاردىن بىرىنى تىلىپ، ئۇكدەكە يېگۈزمەك بولىۋىدى، ئۇ سەل ھايال قىلىشنى ئىشارە بىلەن ئۇقتۇرۇپ، بوغۇزۇن بەككە قارىدى - دە:

— مانا ئەمدى، مېنىڭ ئامالسىزلىقىمنى ئىگىشاڭلار، بوغۇزۇن ئاغا، — دەپ سۆز باشلىدى.— كۆزۈم يۇمۇلغاچ، مېنى ھەم شۇ يەردە قالدۇرۇپ، كۆلۈمنى شۇ يەردىكى سەردارۇ - يارانلىرىم كۆلىگە قوشۇپ چېچىڭلار! بۇ دالانى ئۇدۇزەر ئاغامنىڭ قەبرى بىلەن بىزنىڭ روھىمىز بىرگە كۆزىتىپ ياتسۇن. مەن ئاشۇ كۆيدۈرۈلگەن سەرداۇ - يارانلىرىمدىن ئارتۇق ئەمەس، خو - نوش، نۇرىنۇمغا خان قىلىپ، ئارسلاننى كۆرسەتەر ئىدىم...

بوغۇزۇن بەگ، خاننىڭ ئالدىغا يېرىپ تىزلاندى - دە، ئۇنىڭ قوللىرىنى باغرىغا بېسىپ سۆيدى ۋە:

— ئۇلۇغ بىلگە كۆچلۈك ئۇكدە، ئىنىم! — دەپ نالە قىلدى، — ئارسلاننى ئەمدى ئىدىقۇتقا خان، دەپ ئېلان قىلماق ئىدىم، ئۆزۈڭ بىلۇرسەن، مەن سېنىڭدىن ئون ياش چوڭ. ئۇنى بىزگە ھەم خان قىلىپ، ئاخىرقى ئۇلۇغلۇقۇڭنى كۆرسەت، ئىنىم!

ئۇكدە سۆز لاشقان قۇۋا كۆزلىرى بىلەن ھەممىنىڭ يۈزلىرىنى سەممىي سىيغاندەك تەكشى قاراپ چىقتى - دە:

— چەنگمىۋن، ئىدىكان، ئىشبەر — سىلەردە نېمە نوي بار؟ — دەپ سورىدى. ئۇلارمۇ ئومۇم سۈكۈناتقا رىئايە قىلىپ، بىرئاز جىم تۇردى - دە، ئاندىن ئۈچىلىسى بىردەك:

— سەن، بىرىدىنبىر ئەل ئاغىسى، ئۇلۇغ خانىمىز سەن. يەنە ئۆزۈڭ قانداق ئېيتۇرسەن، ھەممە شۇنداق بولۇر! — دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلىدى.

— ئۇ چاغدا مېنىڭ ئورنۇمدا ئىدىكان قالۇر. بوغۇزۇن بەگ سەن، مېنىڭ بىلگە، سۆيۈملۈك يەڭگەم — سىلەر ئارسلانغا ئەقىلدار - مەسلەھەتچى بولۇڭلار! - دەپ ۋەسىيەت سۆزىنى يەكۈنلىدى ئۇكدە. — ئەڭ قۇت، ئەڭ كېرەك نەرسە، ئەزىز باغرىلىرىم، ئۇ، مەڭگۈ بىرلىكتۇر. شۇ چاغدا قولغا كەلتۈرگەن بۇ ياخشى تىنچ زامانە كۆپكە سوزۇلۇر... مەن شۇنى تىلەيمەن ئاخىرى. ئەمدى، سۆيۈملۈك سىڭلىۋۇ بالىلىرىمنى يېنىمغا ئەكىر...

ئۇ بالىلىرى بىلەن ئىنتايىن تەسەللىكتە قىينىلىپ تۇرۇپ، لېكىن شۇنداقمۇ نارەسىدىلەرنى قورقۇتماسلىققا تىرىشقان ھالدا ۋىدالاشتى. شۇندىن كېيىن يەڭگىسى تەيجىگە قاراپ، خۇش كۆلۈمسىرىگەندەك بولدى - دە، بايىقى چىلگە تاۋۇزنى ئىشارە قىلدى.

كىچىك - كىچىك پارچىلاپ ئاغزىغا سېلىنغان شەربەت تاۋۇز سۈيى تامىقىدىن ئۆتكەنسېرى «ئۇھ - ئۇھ!» دەپ راھەتلەنگەنلىكىنى ئىپادىلىدى. بىر چاغدا چىشنى چىرىق چىشلىگەندەك لەۋلىرىنى چىڭىدى ۋە كۆزىنى يۇمغان بويى جان تىنىقى - سەكراتقا چۈشۈپ قالدى.

XIX

دەشتى دالادىكى ئوتلۇق چەمبەر بولغان بۇ چارەك ئەسىر ئىچىدە ئۇكدەنىڭ ۋاپاتى — تۆتىنچى خاننىڭ مۇسىبىتى بولدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا بىۋاسىتە، ئۇرۇش - ماجىرالار ئاقىۋىتىدە دۇنيادىن ئۆتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالساق، مەزكۇر دەۋرنىڭ نەقەدەر ئوتلۇق، قانلىق بولغانلىقى بايقىلىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھەر قانداق ئۇرۇشنىڭ سەلبىي ساللىرىقى، خەلقلەرنىڭ روي بېرىدىغان قىيىن ئاقىۋەتلىرى قانچە دېيىشكىمىزچۇ؟!

ئۇكدە خاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، كەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىگە خان بولۇپ، تەختكە ئولتۇرغان ئىدىكان تېگىن، ئەمدى ئۆزىنىڭ ئاتا ماكانى ئورخۇنغا كۆچۈپ كېتىش ئۈمىدىدىن تامام قايتقانىدى. ھەتتا قەبرى ۋە ئاغرىق ئەلتەبىر ئاقساقاللىرى ئۇ ياقلاردا يېتىمسىراپ، ئەل - يۇرتى تەلتۆكۈس بولمىغان ھەرقانداق دىيارنىڭ چۆلدەرىگەن يات يەرگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ياخشى سەزگەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنىڭ بىناپىلىقىغا قارىماي، ئۇكدەنىڭ قىرقىغا ئۇلگۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇ ئۇدۇزەرخان ئاغىسى يېنىغا زور كۆمبەز قوپۇلمىغانلىقىغا ئۆكۈنىدى ۋە:

— ئاخىرقى دەملەردە ئۇنى قايىل قىلىشقا بولار ئىدى، - دەپ ئۆلگەنلەرنىڭ كۆللىرى كۆمۈلگەن يەردە قەد كۆتۈرگەن ئېگىز ئوبا يېنىدا سېغىنىپ يىغلىدى - دە، ئاخىرى ئەلگە قايتار ۋاقتىدا ئىدىكان بىلەن سۆزلىشىپ، ۋەقە نەرسە ئۈستىدە جىددىي ئارازلىشىپ قالدى. ئاغرىق، قېرىلىق تەسىرى بولسا كېرەك،

ئەتمالىم، ئەلتەبىر ئاقساقال ئىدىكۇتقا شەرت قويغاندەك، ئۆزىنى دۇنيادىن ئۆتكەندە، ئۇدزەرخان مازارىغا دەپنە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا ئىدىكۇت كۆنمىدى. ئۇ ئۇلۇغ خاننىڭ مۇنداق تەلەپ قويماي جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى جەڭدە قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ كۈلىگە قوشۇشنى ۋەسىيەت قىلغانلىقىنى، ئەلتەبىر ئاقساقالنىڭ بولۇپ ئۆتكەن ئېغىر ئۇرۇشتا ئۆز لەشكەرلىرىنى ئەۋەتمىگەنلىكىنى تەكىتلىدى. بۇ گەپكە ئاچچىقى كەلگەن قېرى ئەلتەبىر، ئىدىكۇتنىڭ خان تەختىگە قانۇنسىز چىققانلىقىنى، ئەگەر ئۇ سۆزگە كىرمىسە، ئاقساقاللار مەجلىسىدە مەسىلە قوزغايدىغانلىقىنى ئېيتىپ پوپوزا قىلدى.

ئاچچىقى چاپ ئىدىكۇت كۆڭۈلسىز سۆھبەتنى يەكۈنلەپ:

— ئەلتەبىر ئاقساقال، مەن ئەلگە قايتار ئىكەنمەن، قوت لەيەت بىلەن قايت، — دېدى، — بولمىسا، مېنى بۇيىراقتا يولاتمىشىم مۇمكىن. ئەگەر كۆنمەي، ئاران تىنچلىق ئورنىغا كىرگەن ئەل - يۇرتنى قول - قولا قىلاركەنمەن، ئۇ چاغدا مەن سېنى «ئالجىغان، ئازغان ئادەم» دەپ، چوڭ سايىنىڭ سۈيىگە قويۇپ بېرۈرمەن... سېنىڭمۇ ئۇمۇسى تارىخاندەك ياۋۇزلۇقىڭنى كۆپتىن سېزىپ يۈرەر ئىدىم، مانا ئەمدى ئېنىقمۇ ئايدىڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇپسەن...

— مەن، ئىدىكۇت، ئۆزۈڭنىڭ ئەلچىمۇ بالىسى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇما...— دەپ ھەيۋە يەنە قىلدى قېرى.

— سەنمۇ ھېلىقى بىر چاغدا ئۇلۇغ ئاغىنى، مېنى... تاكى ئۇدزەرخاننىڭ ياش ئوغلى ئارسلاننى ئالداپ، قىزىقتۇرۇپ، يىرت-قۇچ بولۇۋاسلارغا يولۇقتۇرغىنىڭنى ئۇنتۇما؛ شۇ چاغدا مەن، خاندىنمۇ، بىزدىنمۇ قۇتۇلماق بولغان، بۇنى پۈتۈن ئەل ياخشى بىلىدۇ.

مەزكۇر كۆڭۈلسىز سۆھبەتتىن خەۋەرسىز بولغان مۆتىۋەرلەرنىڭ ھەممىسى، بولۇپمۇ، ئۇلۇغ خاننىڭ قىرقى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، تۇرپانغا قايتىشتا ھازىرلانغان تەيخې بىلەن ئارسلان ئىدىكۇتنىڭ ئىچكى خاپىلىقىنى بايقىغاندەك بولسىمۇ، لېكىن ھېچ-نىمىنى ئېنىق قىياس قىلالمايتتى. ئىدىكۇت بولسا، ئەلتەبىرنىڭ پەيلىنى ھەزەر ئەيلەپ، ئەل - يۇرت ئىچىدە نومۇساۋۇق تالاش - تارتىشلار باشلىنىپ كېتەرمۇ؟... دېگەن ئويلارغا بېرىلەتتى. بىراق ھازىرچە ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئەندىشىسىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، سۆيۈملۈك ھەدىسى تەيخې بىلەن ئارسلاننى ياخشى كۈتۈپ، ياخشى ئۇزىتىپ قويۇشنىڭلا كويىدا بولدى.

يېقىن تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئەڭ ئېغىر سائەتلەر مانا شۇ چاغدا باشلانغان. شۇ كەمگىچە قەيرەت قىلىپ چىداپ كېلىۋاتقان سۆمبۈل سۇلۇۋنىڭ كۆڭلىدە تۇنجۇقۇپ تۇرغان ئاھۇ - زارى، غۇلىغان تاغ توسمىسىغا ئوخشاش تاشقىنلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ چوڭ ئانىسى تەيخې، ئاغىسى ئارسلاندىن ئايرىلىشنى خالىماي يىغلاپ قاقشىماقتا. بۇنىڭ بارلىقىدىن جانلىرى سىرقىرىغان ئانا - بالا، ئىنتايىن خىجىل بولۇپ ئۆيرانىدى - دە، ئۆزئارا مەسلىھەت قىلدى.

— خوش، ئوغلۇم، قانداق قارارغا كېلىمىز؟ — دەپ ئارسلانغا ياردەم قىلىش خاھىشىدا گەپ باشلىدى تەيخې، — ھازىر بىچارە سۆمبۈل سۇلۇۋ بىلەن بالىلارغا بىزدەك يېقىن كىشىلەر بەك ھاجەت. قانداق قىلىمىز، يەنە مەن قېلىپ، سەن ھەممە ئاغچا يېنىغا ئاتلىنامسەن؟

— ياق، ئانا، مەن سىزنى تاشلاپ قايتمايمەن. سەۋەب، ئەڭ ئاۋۋال ئاغا ئۆيىدە ئىككىمىز بىرلە بولساق ياخشىدۇر ئاندىن ... ئانىدىن — قېيىن ئاتام مېنى ئۆز ئورنىغا خانلىققا سۇنغاچ، سىڭگىمىز ئۆزى يېنىمغا كەپتۇ، دەپ ئويلاپ قالۇر.

— ئىنتايىن دۇرۇس، ھەقىقىي سەردارلارچە ئويلىغانسەن، ئوغلۇم، — قىزغىن قۇۋۋەتلىدى ئانا، — ئەمدى سېنىڭدىن خانلىق قېچىپ قۇتۇلماس. پەقەت ئالدىرىماسلىق، ھودۇقماسلىق كېرەك. تارىختا كۆپلىگەن ھۆكۈمەرانلارنىڭ ئومۇم نۇقسان ئىشلارنىڭ سەۋرسىزلىكى، ئالدىراقسانلىقىدىدۇر. خو - ئوش، ئەمدى سەن ماڭا شۇنى ئېيت، ئاڭچە تۇرۇنىسىز پۇرسەت بولسىمۇ، سېنىڭدىن سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، تۇرپانمۇ، قۇمۇلمۇ تېخى تولۇق خانلىق ئەمەس، ئەمدى ئۇ تەۋەلەردە ھەقىقىي خانلىق تەرتىپلىرىنى ئورنىتىپ، ھەقىقىي خان بولۇش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟

كۈندىن - كۈنگە خان - تېگىنلەرچە ئىرادىلىك، ھۆكۈم ئىگىلىرىگە خاس سالماق، سالاپەتكە چۆمۈلۈۋاتقان ئارسلان سەل ئويلايسىزلىنىپ، ئويىاق، - بۇيياقتا بىر قارىۋالدى - دە:

— بۇنى ئەيىمىز بىر ۋاقىتتا سوراپ قالدىڭ، سۆيۈملۈك ئانا، — دېدى، — مەن ئەسلا ئېيتاي، ئۆزۈم خان بولۇشقا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ياغىلار بىلەن بىرلە قوت ئۆمۈر سۈرۈشكە خانلىق قۇرۇش ئۈچۈن

تۇرپان ئىمدىنۇتلىقى ئەتراپىدا پارچە چوڭ - كىچىك شەھەرلەرنى بىرلەشتۈرۈرمەن... باشقا ئىشلارنى كېيىن سۆزلىشىپ يېشەرمىز.

تەيخې تورىدىن تۇرۇپ، توغلىنىڭ يۈز - كۆزىگە سۆيدى. ئۇنىڭ ئەپىس ھېسسىيات، زور تەپەككۇرىسىگە پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇرۇلمىردىنى سىلاشتۇرغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ بۆلىمىسىدىن چىقىپ زال تەرەپكە ماڭدى.

× × ×

ئارسلان بىلەن تەيخې تويىنى ئىدىكان، چەكمىيۈن ۋە ئىشبەر تېگىنلەر ھەمدە ئاتلىق سەردارۇ - لەشكەرلەر بىلەن ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭلارنىڭ ئاياللىرىمۇ بولغاچقا، بىسىرىر يۈزگە يېقىن قىز - كېنىزەك ئاياللارمۇ بىللە بولۇپ، بارلىقى ئۇدزەرخان مازارىغا بېرىپ، زىيارەت قىلدى - دە، ئاندىن يېڭى قەبرىستانلىقتىكى ئوبىغا يېقىنلىشىپ، يەنە ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى.

— ئەنە، ئاۋۇ يوغان تاش ئۈستىدە ئۆزىنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئېيتىۋاتىدى ئاغام، — دەپ ئانىسىغا ئويمانلىقنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى ئىشارە قىلدى ئارسلان.

ئاكىسىچە تېخى تويىسى تىنا - تىنماي ئۈستىگە كىيالار ئۇنۇپ چىققان، ئەتراپىغا تىكىلگەن گۈل - كۆچەتلەرنىڭ ئايىشقا باشلىغان ئوبا ئېتىكىدىن بىرئاز كۆتۈرۈلگەن ئىدىكان كۆپكە مۇراجىئەت قىلىپ:

— ئىزگۈ قۇت باغىرلار، بارلىقىڭلار بىلەرسىلەر، بۇ يەردە بىزنىڭ ئۇلۇغ خانىمىز ئاغا ئۆزىنىڭ باتۇر لەشكەرلىرى بىلەن ياتۇر، — دېدى ۋە بىردىنلا ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ، سەل بوغۇق ۋە مۇڭلۇق ئۈن بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ دۇنياغا كەتكەن ئىزگۈ قۇت يۇرتداشلار، بىلگە كۈچلۈك ئۆكدە ئاغا، سۆيۈملۈك ھەدەڭلار، ئىنىڭلار ئارسلان سىلەر بىلەن خوشلىشارغا كېلىپ تۇرۇر. بىلگە قۇت ئۆكدە ئاغا، بىز سېنىڭ باغىر - يارانلىرىڭ، ئىزگۈ سۆزلىرىڭنى ھەرقاچان قۇلاقلاردا تۇتارمىز. سىلەر كۆپ ھاردىڭلار، ئەمدى غەم - قايغۇسىز ياخشى ئارام ئېلىڭلار...

ئىدىكاننىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن، چەكمىيۈن سۇ ئېلىپ كەلگەن ھارۋىلارغا ئىشارە قىلىپ، ئۇلارنى ئوبا يېنىغا كەلتۈردى - دە، تەيخې، ئارسلان ۋە باشقا سەردارلارغا چېلەكلەرنى تۇتقۇزدى. ئۇلار چېلەكلەرگە سۇ توشقۇزۇپ ئوبا ئەتراپىدىكى دەرەخ كۆچەتلىرى ۋە گۈللەر تۈۋىگە قويۇشتى. ئاندىن تەيخې قول ياغلىقىنى يەرگە يېيىپ، ئۇنىڭغا مۇقەددەس ئوبانىڭ توپىسىدىن بىر ئوچۇم تۈگۈۋالدى.

ئوبا تۈۋىدىن ئايلىنىپ، ئالغا سىلجىغان توپنىڭ نەزەرى بىر چاغدا، ئۆزلىرىدىن قىيداپ، شىمال تەرەپكە كېتىپ بارغان، يەنە بىر توپقا چۈشتى. ئىدىكان ئۇ توپنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى كىنايە سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈردى:

— ئۇ، ئەلتەبىر توپى. مېنىڭدىن يامانلاپ، ئاشۇنداق چەتنەپ بارۇر.

— ئۇ سېنىڭدىن نېمىگە يامانلايدۇ؟ — ھاياجان بىلەن سوراپ قالدى ئارسلان. ئىدىكان سەل ئىككىلەندى - دە، قىرى ئەلتەبىر بىلەن بولغان كۆڭۈلسىز گەپنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى:

— ئۇ ئاقساقاللار ئالدىغا خانلىق دەۋاسىنى قويۇرمەن دەيدۇ. ئۆلگەن چېغىمدا ئۇدزەرخاننىڭ كۆمىسىگە قويارسەن دەپ تەلەپ قىلۇر.

— خوش، سەن قانداق جاۋاب بەردىڭ؟ — دەپ سورىدى تەيخې.

— ھەر ئىككى نىيىتىڭ ياخشى ئەمەستۇر، — دېدىم.

ئۇنىڭ خۇلاسىسىگە ھەممىسى قايىل قانائەتلەنگەندەك بولدى - يۇ، لېكىن ھەركىم ئۆز كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىك بولۇشىدىن ۋەھىمە قىلىشتى.

يولۇچىلار ۋە ئۇلارنى ئۇزاتقۇچىلار چىڭقى چۈش مەزگىلىدە يېرىم كۆللۈك يەرگە بېرىپ، ئازدۇر - كۆپ غىزالىنىش ۋە خوشلىشىش ئۈچۈن چوڭ بۇلاقنىڭ يېنىدا توختاشتى. خىزمەتچىلەر تورسۇق بىلەن چاناشلاردىكى قىمىز، شۇباتلارنى مۇزدەك سۇغا چىلاپ، تۆگىلەرگە ئارتىلغان گىلەم - پالازلارنى، كۆك مايسا ئۈستىگە يايدى. بىر نەچچە يەرلەرگە كولاخانىلار يېقىپ، تۆمۈر پۇتلۇق ئېلىگەكلەرگە چېلەكلەر ئېسىلدى. سوغ گۆشلەر ئوتقا قاقلىنىپ، پىياز، سامساقلار توغرالدى. داستىخان سېلىنىپ تاماقلار ئۇشتۇلدى:

— خان تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، سالتەنەت كۆلىنى بىر ئاي بۇرۇن خەۋەرلە، ئارسلان ئىنىم، — دەپ ھاراق قۇيۇلغان پىيالىنى قولىغا ئالدى ئىدىكان. سېنى تەبرىكلەپ مىڭ ئاتلىق سەردارۇ-

ياراقلىرىم بىلەن يېتىپ بارۇرمەن.

— بىزچۇ؟... بىز خاتۇنلار ئۇ تويدىن ايرىلىپ قالامدىمۇ؟ — دېگەن بولۇپ گەپكە ئارىلاشتى ئىدىگاننىڭ ئايالى گۈلەندەم ئاغچا.

— بەللى، سىلەرسىز خان تويى بولارمۇ؟

— ئەمسە، يەنە توپتوغرا بىر ئايدىن كېيىن ئاتلانسىلار بولىدۇ، ئىنىم ئىدىگان، — دەپ كېسىپ ئېيتتى تەيخې. چۈنكى بوغۇزۇن بەگ قايتاردا ئۆلمىگىنى ئالايىتەن جېكىپ، ئارسلان خان تەختىگە ئولتۇرىدىغان مەرىسكە ۋاقتىنى ئۆزى بەلگىلەپ، خەۋەرلەر كېتىشنى ئۆتۈنگەن.

— ئۇ چاغدا ئۆزۈڭلەر يەنە بىر ئاي تۇرۇپ، يولغا بىللە چىقساق بولۇركەن، ھەدە، — دېدى ئىشبەر تېگىن قىزىرىپ. خىجالەت بولۇپ ئولتۇرغان ئارسلان شۇندا:

— زادى ئالدىراشنىڭ كېرىكى بارمۇ؟ — دېۋىدى.

— ئالدىراشنىڭ ھەم، كېچىكىشنىڭ ھەم كېرىكى يوق، ئىنىم ئارسلان. ھەممە ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بولغىنى قۇت ياخشىدۇر، — دەپ يەكۈنلىگەندەك بولدى ئىدىگان

١ تەيخېنىڭ كۆز ئالدىدىن قارا قورۇم شەھىرى، ئورخۇن، تولا دەريالىرى، قۇردۇم ئەتراپىدىكى ۋە قەلەي ۋە شۇلارنىڭ ھەممىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇشۇ ئىدىگاننىڭ باللىق چېغى بىلەن ئۆزىنىڭ ياشلىقى نامايان بولدى. شۇ چاغلاردا تەسەۋۋۇر قىلغان ئويلىرى، ئىدىگاننىڭ كېلىچىكى ھەققىدە كەلگەن خۇلاسىلىرى ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولدى ۋە: «شىددەتلىك تەبىئەت، قىيىنچىلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تۇرمۇش، دەھشەتلىك ئۇرۇش - قىرغىنلار بۇ باتۇر ۋە قابىلىيەتلىك خەلقنىڭ پەرزەنتلىرىنى چېنىقتۇرۇپ، ياخشى يېتىلدۈرىدىكەن» دېگەن ئوي - پىكىرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

— قۇمۇل، تۇرپان تەۋەلىرىدە بولمىغان باغىرلار، ھەربىر ئۇيغۇر پەرزەنتىنى ئۇ ياقلارنى بىر كۆرۈپ كېلىشى كېرەك، — دەپ شائىرانە يۈكسەكلىك بىلەن خىتاپ قىلدى تەيخې، — ئۇ ياقتىكى باغىرلىرىمىزلارنىڭ باغۋەنچىلىكىنىڭ ئۆزى ھەرقانداق كىشىنى خۇرسەن قىلىدۇ. شەھەر ۋە يېزىلىرى بولسا، چىن ۋە ئەرەب، پارس دۆلەتلىرىدىكى يۇرتلاردىن ھېچ قېلىشماس. كۆرۈپ ئۆگىنەر نەرسە كۆپ يۇرتلاردا. ئۇدىزەر خانمۇ، ئەگدە خانمۇ، ئۇلۇغ ئۇستازىم تۇردالىم ئۆلىمادۇ ۋەسىيەت قىلغان ئىزگۇ قۇتلۇق مەسىلە ھەم دائىم ئارىلىشىپ، بىرلىشىپ ياشاش ئىدى. ئويلايمەنكى ئەمدى بۇندىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ۋە باشقا قېرىنداش ئەل — قەبىلىلەر ھاياتى شۇنداق مەقسەتنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن رونەق تاپار.

تەيخې خېنىمنىڭ تەلتەلىمەك سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سەممىي خۇرسەنلىك بىلەن قارشى ئالدى. شۇندىن كېيىن يولۇچىلار ئاتلىنىپ كەتتى - دە، ئۇزاتقۇچىلار ئېگىز دۆڭ - ئېدىرلار ئۈستىگە چىقىشىپ، ئۇلارنىڭ قارىسى يوقىغۇچە قارىشىپ تۇرۇشتى.

## XX

بىر ھاتالىقتىن يەنە بىر ھاتالىق تۇغۇلىدىكەن. ئەلتەبىر ئاقساقال ئىدىگان بىلەن ئاۋازلىشىپ كەلگەنلىكىنى پۈتۈن ئەلگە تارقىتىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەتراپتىكى دوست - دۈشمەنگە، چوڭ - كىچىك ئەل - يۇرتلارغا يېتىپ، بۇنىڭدىن بىرىنچى نۆۋەتتە، كىدانلار پايدىلانماق بولدى - دە، قايتىدىن ئورخۇنغا يۈرۈش قىلىش تەرەددۇتىغا كىرىشتى. ئۇشتۇمتۇت بولۇپ تۇرىدىغان يۈرۈش، ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە، كىدانلار ئېلىنىڭ يېرىمى قالغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنە ئون مىڭ ئۆيلۈك ئەلتەبىر ئېلىدىن خېلى كۆپ ئىدى، ياشلاردىن قىرىلارغىچە ھەرلىقى سەردارۇ - چېرىك بولۇپ، جەڭگىۋار روھقا ئىگە بولىدىغان. ئۇلار ئەزەلدىنلا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشتىن بېيىپ كېلىۋاتقانىدى.

ئارىدىن توغرا بىر ئاي ئۆتۈپ، ئىدىگان خان ئۆز كىشىلىرى بىلەن ئوردىغا ماڭاي دەپ تۇرغاندا، ئورخۇندىكى قىرى ئەلتەبىردىن ئايغاقچىلار كېلىپ، خەۋپلىك ئەھۋالدىن خەۋەر يەتكۈزدى. ئەپسۇسكى، ۋالا ئىدىگان خان شەخسىي ئاچچىق كاساپىتىگە بېرىلىدىمۇ ياكى ئۇنداق خەۋپنىڭ راستلىقىغا، جىددىيلىكىگە كۆزى يەتمىدىمۇ، ھەر ھالدا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەي، ئوردىغا قاراپ كېتىۋەرگەنىدى.

كىدانلار ئەلتەبىرنىڭ ئۆزى ئاران يىغقان مىڭ لەشكىرى بىلەن ئىككى ئوغلى باشلىغان ئىككى مىڭ لەشكىرىگە بىر تۈمەن قوراللىق چېرىكلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلغانىدى. ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى كۈنىلا، ھەتتا سەھەردىن چۈش - پېشىنلارغىچىلا كىدان چېرىكلىرى ئەلتەبىرنىڭ ئوغۇللىرىنى ھالاك قىلىپ، ئۇنىڭ

ئۆزىنى قورشىۋالغانىدى. كىدانلار تولا دەرياسى بويىدىكى يىراقچەچە ئېلىق ئولتۇنىمىڭ مال - ۋاران، مۈلكىنى تالان - تاراج قىلىپ، ئاندىن ئورخۇن ۋە قۇردۇم بويىلىرىدىكى ئۇلۇس - ئايماقلاردا قاراپ يەت ئالدى. ئەلتەبىر بولسا، كىدانلار قولباشچىسىغا «ئۇلۇق ئىزرۇپ» ئۆزىنى قالغان ئىسىلى بىلەن قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

«ئامانا ئېيتە ئىلىگىمۇ، ئۆزۈڭمۇ كېرەك ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى كىدانلار قولباشچىسى — ماڭا يېراق بىلەن ئېلىنى كېرەك. ئۆزۈڭ قالغان ئىلىنى بىلەن ئەگە بارىساڭ شۇ ياقتا بار.»

شۇنداق قىلىپ، «بۆلۈنگەنى - بۆرە يەر» بولدى. ئەلتەبىر يېرىدىن - ئېلىدىن، سەردارۇ - ياراندىن ئايرىلدى. قارا قىزىلدەك كەلگەن بۇ پاجىئەگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئۆزى سەۋەبچى بولغانىدى، ئۇ قېرىغىنىدا، سەۋر - تاقەت، ۋاپادارلىق بىلەن قېرىيدىغان، ھەتتا ئۆلۈمىمۇ قانۇنىي شەرت، دەپ خاتىرجەم قارشى ئالىدىغان كۆپچىلىك دالا ئاقساقاللىرىغا ئوخشىماي، شەھەر ۋە ئوردا ئەتراپىدىكى مۇخەممەر ئەمەلدارلاردەك تەۋاز، تەرسا ۋە دەۋاگەر بولۇپ قېرىغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ھېرىپ - ئېچىپ، قايغۇ - ھەسرەتكە مۇپتىلا بولۇپ، خۇاڭخې ئەتراپىغا ئۆلىشىش بىلەنلا، ئۆزىگە ئوخشاش ئەمەلدىن قالغان، ئاداۋەتچى ئاقساقاللار بىلەن بىرلىشىپ، ئورخۇندا بولغان پاجىئە ئۈچۈن ئەيىبلەپ ۋاڭ - چوڭ كۆتۈردى. خان ئورنىدا قالغان ئىشبەر تېگىن قېرى ئەلتەبىرنىڭ بۇ ۋاڭ - چۇڭىغا ئانچە ئېتىبار بەرمىگەن. شۇنداق چەككۈن بولسا، دالا ئەمەلدارلىرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە خاس ئارىسىدا ئاقساقاللارنىڭ چوڭ تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئانچە ياخشى بىلمەيتتى. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان قېرى ئەلتەبىر، ئاقساقاللار يىغىنىنى ئۆزىۋېتىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شۇ پاجىئە ئالدىنى ئالالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىدىكان تەلۋە بولمىسا، ئېمە ئۈچۈن تېز چاپارمەنلەر ئارقىلىق كىدانلارغا يارلىق ئەۋەتمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ۋاقتىدا ئولگۇرەلمىگە؟ لەشكەر ئەۋەتىپ ياۋنىڭ كەينىگە ۋلاق - تالاڭلىرىنى توختاتمىدى؟ زادى نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ قانۇنلۇق يېرىمىزگە پەرۋاسىز قارايدۇ؟ دېگەن گەپلەر ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئىدىكاننى تۇرپاندىن كېلىشى بىلەن سوتلاش، باشقا خان سايلاش كېرەك دېگەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ غۇلغۇلا پۈتۈن ئەل، ئۇلۇس - ئايماق، ئاۋۇللارغىچە تاراپ، ئەل ئىچىدە ئەنسىزلىك، قايمۇقۇش پەيدا قىلدى. شۇ چاغدىلا ئۆزلىرىنىڭ سەۋەرزالىق قىلغىنىغا پۇشايمان يېگەن ئىشبەر تېگىن بىلەن چەككۈن ئەمەلدارلىرىدىكى بوز يىگىت، مەلىك بېشلارنى يىغىۋېلىپ، قورالىق يارانلارنىڭ ئىدىكان خانغا ساداقەتلىكىنى ساقلاپ قالالىدى. شۇنىڭدەك، ئۆزىنى كېلىشىۋالغان ئاقساقاللار، ئايرىم قوشۇنلار ئارىسىدىكى ئۆز كىشىلىرى ئارقىلىق، خەتەرلىك ئىغۋالار يۈرگۈزۈشنى داۋام قىلدى.

× × ×

ئىدىكاننى بۈگۈن - ئەتە كېلىپ قالار دەپ تۇرغان كۈتۈلمىگەن بىر پەيتتە، يەتتە خاقان سەنتۇن ساربېمدىن كەنجۇ خانلىقىغا خەت كەلدى. ئۇنىڭدا ئاساسەن، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن ھاجەت بولغان مالنى، سالانەت بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرۇشنى قايتا تىكلەش ھەققىدە ئېيتىلغانىدى: ئۇلار شۇنچە ماجرالاردىن كېيىن، ھەربىي يۈرۈشلەر ئۈچۈن ھاجەتلىك ئون مىڭلىغان ئات، توغرىلۇق يېزىشقا ئۈلگۈرگەن بولۇشى كېرەك. قىممەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك ئېغىر تېشىنى، تارىمدىن ئېلىنىدىغان «يورۇڭقاش» بىلەن خوتەننىڭ قاشتېشىنى، مىراپتۇ. بۇلاردىن تاشقىرى، پايتەخت ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنىڭ نازىنىن تەتەي ۋە كېنىزەكلىرى ئۈچۈن كىيىملىك كەندىسكىگە يىغماي، يىپەك چۈشىدىغان خۇشبۇي ھىدلىق ۋە سەپاكار ماددا ئۇسكۇس - مۈشك ۋە تۇرپاننىڭ ئۈزۈك مېغىزى، قۇرۇتۇلغان ئۈزۈملىرىنى كۆپلەپ سوراپتۇ. بۇ شۇنىڭغا ئوخشاش كۆپلىگەن تەكلىپلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كەنجۇ رەھبەرلىرى تۆت كۆز بىلەن خان ئىدىكاننى كۈتمەكتە ئىدى.

خۇاڭخې ئەتراپىدا قىلىن يامغۇرلۇق ئۆتىدىغان كۈنلەر كېلىپ، دەريا تېشىشقا، يوللار بۇزۇلۇشقا باشلىغانىدى. ئەنە شۇنداق يامغۇرلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىشبەر تېگىننىڭ خانىسىغا بەدەستۇر يوقان بىر يىگىت كىرىپ كەلدى — بۇ ئاشۇ بىرۇقىتتا ئۇلۇغ خان ۋە ئىدىكانلار بىلەن چېلىشقان ئەلدەلىك پالۋان ئىدى. ئىشبەر تېگىن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— خوش، ئېمىگە شۇنچە ئات چاپتۇرۇپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆز يۇرتىمىز ئاقساقاللىرى ئۈستىدە سۆز توشۇش ئوڭۇشتۇر، بىلگە كۈچلۈك تېگىن، — دەپ خىجالەت بىلەن بايان قىلدى بۆكە يىگىت، — شۇڭا دەرھال تېز ئۇقتۇرماسلىقنى بولماس، دېدۇق. تۈنۈگۈن كەچتە ئەلتەبىر ۋە يەنە بىرلەنچە ئاقساقاللار يوشۇرۇن يىغىلىپ تابغاچ ئىچكىلىرى بىلەن كېڭىشىش ئۆتكۈزەركەن. ئۇلار ئىدىگان خاننى ئۆلتۈرمەككە قارار قىلغان. بۇنى ماڭا شۇ كېڭىشىشتە بولغان بىر ئاقساقال ئېيتتى. قارا سەھەردە ئاتلىنىپ، بۇ ياققا ماڭغىنىمدا مىڭلارچە يارالىلارنىڭ لەيزە - سادالار ئېلىپ، كۈن پېتىشتا ئات قويغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم...

ئىشبەر تېگىن ئورنىدىن دەس تۇردى - دە:

— يارايسەن باتۇر يىگىت، — دەپ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى. ئالدىن ئىدارە كۆزىتىدە تۇرغان يارالىلارنىڭ بىرىنى چەكمىگۈننى چاقىرىشقا، يەنە بىرىنى — شەھەر سىپىلى ئەتراپىدىكى لەشكەرلەرنى چوڭ دەرۋازا ئالدىغا ئاتلاندۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

ئىشبەر تېگىن كېچە بولغىنىغا، يامغۇرنىڭ توختىماي يېغىۋاتقىنىغا قارىماي يولغا چىقتى.

بۇ خىل جىددىي ۋە ئالدىراش ھەرىكەتلەرگە ئادەتلەنگەن لەشكەرلەرنىڭ بىر قىسمى يەنە بىر قىسمىنىڭ ئاتلىرىنى يېتەكلىگەن بويى، سۇ، پاتقاق يولدا كەلكۈن سۈيىدەك داۋالغۇپ ئىلگىرىلەپ كەتتى.

سۈبھى ئالدىدا يامغۇر توختاپ، قارا سوغ كۈچەيگەچكە، يول ئۈستى غىلغا ئايلىنىپ تاقىسىز ئاتلار تېيىلىپ - سۈرۈلۈپ يىقىلىشقا باشلىدى. ئىشبەر تېگىن لەشكەرلىرىنى توختىتىپ، يېتەكتىكى تىلى ئاتلارنى ئالماشتۇرۇپ مىنىشكە بۇيرۇق بەردى - دە:

— يول چېتىدە چۆپ باستۇرۇپ چېپىڭلار! دېدى. — ئەمدى ئۇ يازۇزلار ئايغاق يولدا بىزدىن ئانچە كۆپ ئۇزاپ كېتەلمەس.

ئەپۇسكى ئەلتەبىر ئاقساقالنىڭ پىتنىسى بىلەن ئاتلاندۇرۇلغان لەشكەرلەر، يول چېتىدە بىر نەچچە چېدىرلارنى تىكىپ، ئاز - تولا جىگدە ياغاچلىرىنىڭ ئوتىدا ئايال - قىزلارنى ئىسسىندۇرۇپ، ھاردۇق ئالدۇرۇپ، يېقىندىن ئاتلىنىشقا باشلىغان ئىدىگاللارنى قورشاپ ئالدى.

ئۆزلىرىنى تۇيۇقسىز كېلىپ قورشىۋالغان لەشكەرلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى بايقىغان ئىدىگان، دەسلەپتە بۇ ۋەقەنى كېلىشمىگەن ئويۇن ھەزىل بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا قىرى ئەلتەبىرنىڭ جىيەن ئىنىسى «باشقىلار، ئايال - قىزلار ۋەيران بولمىسۇن دېسەڭ، ئۆزۈڭ قورالىڭنى تاشلاپ بۇ ياققا ئۆت. بولمىسا، بارچەڭنى قاتار چاپۇرىمىز» دەپ ۋاقىرىغاندىن كېيىنلا، ئەھۋالنى چۈشىنىپ، دەرھال غەزەپ ئۆرلىدى - دە:

— سەن ئېيىتقىنى يىغىپ سۆزلە، قىرى ئالۋاستىنىڭ كۈچۈكى، — دەپ قەھرى بىلەن ئالغا چىقتى. ئەلتەبىرنىڭ جىيەنى شۇ ھامان ئىدىگان خانغا قارىتىپ ئوقيا ئاتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەقسىتىمۇ ئىدىگاننى ئۆلتۈرۈشلا ئىدى. ئىدىگاننىڭ ئۆزى تىزگىنىنى تارتىشىمۇ ياكى ئۆزى شۇنداق قىلدىمۇ، خاننىڭ مىنگەن ئېتى ئۈركىگەن قۇشتەك ئالدى ئاياغلىرىنى تىك كۆتۈردى - دە، پىرقىراپ كەتتى... ئوقيا ئوقى ئاتنىڭ كۆكسىگە سانچىلىپ، بەدىنى تامغا قېقىلغان سىم تۈۋرۈكتەك تىترىمەكتە ئىدى. ئەلتەبىرنىڭ جىيەنى يەنە ساداق تارتىشقا ئوق ئۇلاپ ئېتىشقا تەمشەلگەندە، ھەددى - ھېسابسىز غەزەپكە كەلگەن ئىدىگان، پولات قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، ئېتىنى دېۋىتىپ، ئالغا ئىنتىلدى ۋە بىردەمسىنىڭ ئىچىدىلا قىرغىن - چېپىش باشلىنىپ كەتتى.

شۇ چاغدا ئىشبەر تېگىننىڭ قۇلىقىغا، ئاياللارنىڭ يىغا - زارى بىلەن ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئارىلىشىپ كەلگەن بىر شاۋقۇن ئاڭلانغاندەك بولدى - دە، ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇپ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، جەڭ مەيدانىغا كەلگەندە، ئىككى ياقنىڭ ئىككىلىسىدىن تەڭ يېرىم ئادىمى يەر بېغىرلاپ ياتقانىدى. ئۇنىڭدىن ئىككى باراۋەر ئارتۇق كۈچكە قارشى جەڭگە كىرگەن ئىدىگاننىڭ يىگىتلىرى چېتىدىنلا چەبدەس ۋە پالۋان سەردارلار ئىدى.

سەلدەك كۆركىرەپ كېلىپ، ئىدىگان قىلىچىدىن خاراب بولغان ئەلتەبىر جىيەنىنىڭ لەشكىرىدىن قالغانلىرىنى ئۆلۈم گىردابىدا تۇنجۇقتۇرغان ئىشبەر تېگىن، كۈلۈمسىرەپ يېقىنلاشقاندا:

— بۇ نېمە ئىشتۇر؟ — دەپ قەھرلىك ھالدا سورىدى ئىدىگان.

— بۇ ھېلىقى بىر چاغدا ئۇزىتىلغان ئاللاي، قويۇپ بەرگەن ئەلتەبىر چالىناق ئىشىدۇر. — دېدى ئىشبەر تېگىن ۋە ئىنتائەتمەنلىك بىلەن چۈشەندۈردى. — ئۇ قاقباش، ئېلىمنى كۆپلىگەن يارانلىرىنى ۋەيران قىلىپ قالغىنى بىلەن بىزنى قورۇتماق بولۇپ كەپتۇ.

— سىلەر نېمىگە قاراپ يۈردۈڭلار؟

— سېنى كۈتتۇق.

— ئالچىغان ياۋۇزلىق ئۆزى قايەردىدۇر ھازىر؟

— ئەلدەدە.

— دەريالىق ئۇ ياقىچۇ؟ ئۇ ياقتىن ھېچ خەۋەر يوقمۇ؟

— ئۇ ياق تىنچ. سەلتۈن خاقان يەنە خەت ئەۋەتىپتۇ.

— خېتى قورۇسۇن ئارمىز ئېيلىسىنىڭ. ئۇلار تېز يۈكلۈپ تۇرۇپ تىغ ئۇرار.

— دېمىسەڭمۇ شۇنداق بولماقتا ئاغا، بۇ ياۋۇزلۇقنى ھەم ئەلتەبىرمۇ تايغاچلارنىڭ تىگچىلىرى بىلەن بىرلىكتە قىلغاندۇر.

— ئۇ چاغدا، سەن ھازىر ئەلدەگە بارۇرسەن، — دەپ ئەمىر قىلدى ئىدىكان. — ئەلتەبىر بىلەن تايغاچلارنىڭ تىگچىلىرىنى ئارقانلاپ كەنجۇغا ئېلىپ كېلۇر بول.

— ئەلتەبىرگە قوشۇق ئۆزگە ئاقساقاللار ھەم بولسا كېرەك.

— ئۆزگىلەرنى ھەم ئارقانلا. قوزغىغان بۆرە توپىنىڭ بىرىنى قالدۇرماي جازالاش كېرەكتۇر.

خانىنىڭ غەزىپىدىن ھەزەر ئەيلىگەن ئىشبەر تېگىن ئارتۇق سۆز قىلماي ھەتتا ياردارلارغا ياردەم بېرىپ، جەسەتلىرىنى كۆيدۈرۈپ كېتىشكىمۇ ئىجازەت سورىماي، كەينىگە قاراپ ئات سالدى. خان ئۆزىگە شۇنداق زورۇر بۇيرۇق بەردىمۇ، دېمەك، قالغان ئىشنى ئۇنىڭ كىشىلىرى بېجىرىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئىدىكانىڭ ئويى شۇنداق ئىدى. ئىشبەر تېگىن ئىدىكانغا مەردانە بۆكە يىگىتنى كۆرسىتىپ،ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم رەھمىتىنى ئېيتتى.

ياردارلارنىڭ جاراھەتلىرىنى تېڭىپ، ماغدۇرى بارلارنى بوش ئاتلارغا مىنگۈزۈپ، ھالسىزلارنى تۆگىلەر ئۈستىدىكى كەجىۋىلەردە چوملار ئارىسىدا ياتقۇزۇشقانىدى. جەسەتلەرنى بولسا بىر چەتكە يىغىپ كۆلگەن يالقىن. پەقەت شۇنىڭدىن كېيىن، ئېرىنىڭ يېنىغا يانداشىپ بارغان كۈلەندە ئاغچا، قورقۇش ھالىتىدىن بىر ئاز قۇتۇلۇپ، ئىدىكانغا سۆز قاتتى:

— شۇ چاغدا بۇ ئاقساقاللارنىڭ ساڭا قارشى قوزغالغىنى بولدىمۇ؟

— ياق... ھەممە ئاقساقاللار ئەمەس، ئاشۇ ياۋۇز ئەلتەبىرنى ئەگەشكەن بىر نەچچىسى بولۇشى كېرەك، — دېدى ئۆزىمۇ نەچچە تورلۇك ئويدا تۇرغان خان، — ئالچىغان ئەخمەقلەر... زادى ھەممە ئاقساقاللار شۇنداق ئېزىقسىمۇ، بىزدە تۆت تۈمەن لەشكەر تۇرسا، قولىمىزدىن نېمە كېلۇر.

— قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ياخشى ئەمەس ئىدىكان...

— ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەس. ياۋلارغا كۈلكە دوست - باغىرلارغا غەم - قايغۇدۇر.

— خوش، ئەمدى نېمە قىلۇرسەن؟

— خوش، سەن ئۆزۈڭ نېمە؟... سوراق سورار تۇرىمۇ؟

— ياق، سېنىڭدىن قايغۇ قىلۇرمەن.

— مېنىڭدىن قايغۇرما. خانىنىڭ ئىشى — خوتۇنىنىڭ ئىشى ئەمەستۇر. تايغاچلاردا خانلارنى خوتۇنلىرى باشقۇراركەن. بىزدە يوقتۇر. نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلۇرمەن...

كۈلەندە ئاغچا ئۆز ئېرىنى بىرىنچى قېتىم ئەنە شۇنداق قاتاڭغۇر، غەزەپلىك ھالەتتە كۆرگەچكە، قەلبىدىكى قايغۇ - ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. بىر تەرەپتىن، ئىدىكانىڭ قاتتىق كېتىپ، ئەل ئىچىدە يامان كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ۋەھىم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بالا تۇغمىغىنىم ئۈچۈن مۇشۇنداق قاتاڭغۇرلۇق قىلىۋاتامدىكىن دەپ ھەسرەت چېكەتتى.

بىراق كۈلەندەمۇ دالا قىزلىرىغا خاس ئىرادە بىلەن سەۋرىلىك ئويلاپ، ئۆزلىرىنىڭ بالا - قۇلۇقسىزلىقىغا ئۆزىنىلا ئەيىبلىك كۆرمەي، ئۇ دەردنى تەڭ بۆلۈرمىز، تەڭ تارتىمىز دەپمۇ ئويلايتتى. شۇنىڭ

ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئىدىگانغا يەنە مۇراجىئەت قىلىپ:

— خىرتۇللار ھېچ نېمە بىلمەس بولغىنىمۇ؟ — دېدى.

— ساڭا نېمە بولغان - ھە؟ — ئەجەبلىنىپ قارىدى گۈلەندە ئاغۇچقا ئۇ باشتا ئۆي - خىياللارغا بېرىلىپ تۇرغاچقا، تېخىمۇ قاتتىقراق جاۋاب بىلەن ئايالىنىڭ تەرسالىقىنى باسماق بولدى - دە، — ئۇ دېگەن بىلگە قۇت خاقان قىزى تەيخى... ھە سەن كىم ئۇنىڭ ئالدىدا؟

— مەنمۇ بىر ئەل ئاقساقالىنىڭ قىزى، خاننىڭ خاتۇنى ... — دەپ ئۇنىڭ ۋە ئوچۇقلا تالىشىشقا باشلىدى زەردە بىلەن قاينىغان گۈلەندە.

ئىدىگان مېيىغىدا كىنايىلىك كۈلدى - دە، ئىنتايىن سوغۇق ئىچكى ھالىتىنى ئەكس ئەتكەن ھالدا:

— دۇرۇس... دۇرۇس ئېيتىسەن، — دەپ يەكۈنلىمەك بولدى، — سەن خاننىڭ خوتۇنىدۇرسەن. بىراق خان ئەمەس، ئەمدى ئاقساقال ئاتىلار بولسا، ئۇلا ئۆز ئورنى بىلەن. خان كىم؟ ئۇلار كىم؟

— بىراق ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسىگە بىردەك قارىماي، ھەرقايسىسىنىڭ كىملىكىنى كۆرسەتكەن بىلگە كۈچلۈك بولساق.

ئىدىگان ئايالىغا: «نېمە؟ سەن مېنىڭ بىلگە كۈچلۈك ئىكەنلىكىمدىن گۇمانلىنامسەن؟» دەپ ئادالماق بولدى، — يۇ، نېمە ئۈچۈندۇر، بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقارمىدى. بولۇپمۇ گۈلەندەنىڭ تېخىچە قورساق كۆتۈرمەي يۈرگىنى ئۈچۈن ئۆزىنى «كۈچلۈك» دەپ ئېيتىشقا جۈرئىتى يەتمەي تىنجىراپ قالدى. «بۇ قىسىر قانجۇق ئۇ باشتا ئازغاندەك، يەنە ئېيتىشقا باشلىسا كېرەك... ياكى... ياكى، ئارلىق ئەيىب ئۆزۈمدىمۇ؟ — دېگەن ئوي كەلدى ئۇنىڭ بېشىغا، — باشتا بىر ئازغان خوتۇن — ئاخىرى يەنە ئازارمۇ؟» بۇ ئىچكى تەڭپۇڭسىزلىق ئۇنىڭغا پايدا كەلتۈرمەيتتى، ئەلۋەتتە ئەكسىچە، بۇنداق ئەسەبىلىك ئىدىگاننىڭ خانلىق سىياسىتىنى كەسكىن ئۆزگەرتىش ۋە ئەھۋاللارغا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى...

دەرۋەقە، كېيىنكى ئەھۋاللار شۇنداق روي بېرىپ، گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىدە، ھەتتا ئىدىگاننىڭ ئۆزى ئىشەنگەن ھەربىي قىسىملار ئارىسىدىكى ئۆملۈك بۇزۇلۇشقا، چەتئەللەر بىلەن ئىدىتلىق سودا - ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ئېرۇنلاتماي، تالاش - تارتىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى ۋە سىياسىي - ئىقتىسادىي بوھرانلار خەتەرلىكى پەيدا بولدى.

ئىدىگاننىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى بىلەن كۆپلىگەن يۇرتلارنىڭ ئاقساقاللىرى زىندانغا تاشلىنىپ، ئەل بىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىناۋەتلىك بىرنەچچە مويسىپىتلەر دارلارغا ئېسىلغاندىن كېيىن، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن، ھەتتا خان ئوردىسىغا ئەڭ يېقىن ياغما، چىگىل ۋە بايىرقول قەبىلىلىرىدىن كۆپلىگەن ئۇلۇس - ئايماقلار قومۇل، دۇنخۇاڭ ۋە تارپان تەۋەلىرىگە كۆچۈپ كەتتى. شۇ يۇرتلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان ھەربىي تۈمەنلەرمۇ يېرىملاپ، ئومۇم قوراللىق كۈچ چۈشكۈنلۈك ھالىتىگە كەلدى، ئەل ئارىسىدا، پايتەخت گەنجۇنىڭ ئۆزىدە تۇراقلىق، خاتىرجەم ھايات، ئەندىشە بىلەن ئالماشتى.

يامغۇر - يېشىنلىق بولغان كەچكۈز، بوران - شىۋىرغانلارسىز ئىللىق ئۆتكەن قىش داۋامىدا بىرئاز سېلىكىپ، كۆكلەم كېلىشى بىلەن يەنە كۈچىيىشكە باشلىغان ئەلگە، ھەربىي قوراللىرىنى تاشلاپ مۇلازىم ئارمىيىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا باشلىغان جەڭچىلەرگە بىر ئۈنچە يېڭىچىلىك، ئەۋزەللىكلەر يارىتىپ، خان يارلىقلىرىنى ئېلان قىلغۇزغان چەكلىمىلەر بىلەن ئىشەر تېگىن، ئەمدى ئىدىگاننىڭ ئۆزىگە قارشى شەخسلەرنى تەقىپ قىلىشنى توختاتقۇزماق ئىدى. ئۇلار ئۈچۈنلا ئالىسىدىن، يەنە سەلتۇن خاقان خەۋپى ھەققىدە يازغان خېتىگە بولا، ئارسلان خان تۇرپاندىن كەلسە مۇشۇ يازنىڭ ئۆزىدە ئەلنىڭ غەربكە ئېغىشىنى توختىتىپ، يېڭى خان سايلاش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەرگە كىرىشكەن. ئۇلار ئۇلۇغ ئوتلاق - يايلاقلىرى ئاز ھەربىي تەۋەلىرگە كۆپ مال بىلەن كۆچۈپ بارغان ئاھالىنىڭ ھېچكىمگە پايدىسى يوق، ھەربىي سەپلىرىمىز ئاجىزلىشىدۇ. ۋە ھەممىمىز ئۈچۈن خەۋپلىك دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنىدى.

## XXI

گەنجۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن ۋاقىپ بولغان ئارسلان خان، ئىنتايىن چوڭقۇر تەۋرەندى. ئۇ، ئومۇمەن ئوردا - سارايلاردىكى ئىچكى رىقابەت، ئىغۋا ۋە قانلىق پاجىئەلەر توغرۇلۇق ئاڭلىغان، ئوقۇغان بولسىمۇ، ئۇنداق ئەھۋاللارنىڭ شاھىدى ۋە قاتناشچىسى بولمىغان. ئەمدى بولسا، گەنجۇدىكى ماجىرالارنى ئۆزى بېرىپ يېشىشى، بىرئاز ئىزغا سېلىشى كېرەك.

بىرىنچىلىكتىن ۋاقىت جەريانىدا بۇ دەرەختەكى ئوكۇشلارلىق ئەھۋاللار، ئۆزىنىڭ خاتىلىق تەرىپى بىلەن ئەڭ ئاشقان، ئېشىۋاتقان بىر چاغدا، ئۆزۈن سەپەرگە ئاتلىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئېغىر ۋە كۆڭۈلسىز، ئۆتكەن كۈزدە كۆچۈپ، يەركەنت ۋىلايەتلىرىدە بولۇپ، ئۇ يەرلەرنىڭمۇ چېگىل، كەنجەك، توخسى قەبىلىلىرىدىن بىر ئەچچە مىڭنى ئۇرالىق نورۇۋلاشتۇرۇپ، ئىشەنچلىك ئادەملەردىن بەگ - ھاكىملار بەلگىلەپ قايتقان ئىدى. ئۇچتۇرپان، قارا شەھەر قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرپان ئىدىقۇتلىرىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھاجەتلىك يولىيورۇقلار ئېلىپ كېتىشكەن. ئەمدى بولسا، ياغما ئېلىنىڭ بىر قانچە سەردارۇ - ئاقساقاللىرى بىلەن قەشقەر - ئاقسۇ ياقتا مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى. ئەپسۇسكى، خۇاڭخې بويىدىكى بەزۇقلاندە ئەھۋاللار بۇ سەپەرگە كاشىلا بولدى.

قىيىن ئاتىسى بوغۇزۇن بەگ، ئاپىسى تەيخې ۋە يەنە بىر قانچە يېقىن كىشىلەر بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن، ئارسلان خان ئۆزى ئويلىغاندەك، بىر تۈمەن ئەسكەر بىلەن ئەمەس، پەقەت بىر يۈزگە يېقىن ئۆگەي - يارانلىرى ئېلىپ ئاتلانماقچى بولدى. چۈنكى ئۇلار مىڭلىغان ئەسكەردىن كۆرە، كەنجۇلۇقلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دادىسى ئۇدۇزەر، كىچىك دادىسى ئۇكىدە خانلارنىڭ روھى ۋە ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى تەسىرلىك دەپ ئويلاشتى. مەسلىھەت جەريانىدا كەنجۇلىقمۇ تۇرپان ئىدىقۇتلىقىغا بېقىنىشىنى قولىغا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

— باتۇر سەردار، بىزگە ساداقەتلىك ئىدىكانىي خان تەختىگە ساقلاپ قېلىش كېرەك، ئوغلۇم، — دېدى تەيخې، — شۇڭا ئۈچۈن لەشكەرلەر بىلەن ئەل ئىچىدە ئاقساقاللارنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلماي، قايتىدىن كەتكەلمىكىنى ئېيتىپ، يالغۇز قالغاندا ئىدىكانىنىڭ ئۆزىگە قايتىدىن كەتكەنلىكىنى، خان ئۈچۈن سەۋرى - تاقەتنىڭ ھاجەتلىكىنى مەسلىھەت قىلغىن.

— ئەگەر، ئۇ جاھانپىلىرى ئارسلاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، بىزنىڭ شەرتىمىزگە كۆنمىسە، شۇ ۋاقىتتا نېمە قىلىش كېرەك؟ — تەشۋىش بىلەن سورىدى بوغۇزۇن بەگ.

— كۆڭۈلشكە ئېگىشلىك... كۆندۈرۈش كېرەكتۇر، — دەپ جىددىي تۇستە جاۋاب بەردى ئارسلان، ئاندىن مۇڭلۇق سۆزلەرنى قوشتى، — چەنگىسيۇن بىلەن ئىشەر ئېگىن بار، ئاندىن كۆپچىلىك ئاقساقاللار ئاتامنىڭ روھىنى ھۆرمەت قىلۇر، دېمەك، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلار.

تەيخې ئوغلىغا يەنە جېكىدى:

— ھەر ھالدا، ھەممە ئىشنى تىنچلىق، سەۋرچانلىق يولى بىلەن بېجىرىشكە تىرىش.

خان، سەردارلارنىڭ رەپىقىسى بولۇش چوڭ شەرەپ، ئابروي ئىدى - يۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئاساسىي بۇرچى — ئەلدىشە - ۋەھىمە، ئۆزىتىش ۋە كۈتۈشلەردىن ئىبارەت.

ئارسلانلار ئاتلىنىشقا ئېگىشلىك بولغان تاڭنى كۆز يۇمماي قارشى ئالغان ھەمىدە، ئوغلى بىلەن قاتار يېتىپ ئۇخلاۋاتقان ئېرىگە كېچىچە دىم سالغاندەك قاراپ ئولتۇردى. ئاپىسى رەھمىتىدىن كۆرۈپ ئۆتكەن بەزى ئىرىم - بىرىملەرنىمۇ بېجىرىپ ئۈلگۈردى.

ئېرىنىڭ چاپىنىنىڭ ياقىسىغا دولانا ياغىچىدىن پارچە تىكىپ يوشۇردى. قىلىچىنىڭ دەستىسىنى ئۆپا - ئەڭلىكلەر بىلەن سۈرتۈپ، ئۆتۈك كەمەرلىرىگە چىراغ يېغىدىن تەككۈزۈپ، ياغلىقى بىلەن سۈرتتى... ئەپتەۋۇر، سۆيۈملۈك ئېرىنىڭ ھەر سەپىرىدە ئادا قىلىدىغان رەسمىي - قائىدىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرۈپ ئاخىرى ئەتىگەنلىك غىزاغا ئويغاتتى.

قىيىن ئاتىسى، ئاپىسى ۋە سەپەرگە بىللە ئاتلانغۇچى سەردارلار بىلەن ئەتىگەنلىك غىزانى ئىچكەندىن كېيىن، ئارسلان قايتا ئۆز خانىسىغا كىردى - دە، ئوغلى بىلەن ئايالىنى سۆيۈپ سىرتقا چىقتى. ئۆينى بىر ئەچچە تۈگمىلەرگە يەل - يېمىش ۋە باشقا تەۋرۈك نەرسىلەر ئارتقان كىشىلەر، ھەيۋەتلىك يوپۇقلار يېپىلغان ئاتلار يېنىدا سەردارلار كۈتمەكتە ئىدى.

× × ×

ئىدىكان ئۈچۈن ئارسلان خاننىڭ كېلىشى كۈتمىگەن ۋەقە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئارسلاننىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەر تېپىپ، ئەڭ كېرەكلىك ۋاقىتتا كەلگەنلىكى ئۈچۈن چىن قەلبىدىن شادلاندى. چۈنكى، يازانىڭ كېلىشى بىلەن ئەلدىكى ئارازلىقلار يەنە كۈچىيىپ، كۆچۈش - قېچىشلار ئەۋج

ئېلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇتقۇندا ئېلىنغان ئۇلۇس - ئاۋۇللار ئاقساقاللىرىنىڭ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغانىدى. بولۇپمۇ ئۆزىگە قارشى تەرەپتە، جەڭلەردىن قارشى تۇرغان ئاقساقاللارنىڭ بىرى — خوتۇنى كۆلەندە ئاغچىنىڭ ئاتىسىنى بوشاتسا، ئۇلار ئەلنى تېخىمۇ غۇلغۇلىغا سېلىپ، ھەتتا لەشكەرلىرىنى قايمۇقتۇرۇشى ئېنىق، بىرەر جازا قوللىناي دېسە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قارشى... مۇشۇنداق تەڭقىستا قېلىپ بېشى قاتقان ئىدىگان ھەتتا ئۆزىنىڭ خانلىق ئورنىدىن كېچىشكىمۇ تەييار ئىدى. بىراق ئۆز ئورنىغا كىمنى قاندىق قويۇشى مۇمكىن؟ ئۇنىڭغا قاندىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ؟... مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆپلىگەن چىگىش مەسىلىلەر ھەقىقەتەنمۇ قىزىق قان قولباشچى ئىدىگاننىڭ بېشىنى قاتتىق قايدۇرماقتا...

ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىردا بېرىلگەن ئەڭ ئېغىر زەربىلەرنىڭ بىرى — كۆلەندە ئاغچىنىڭ سارايدىن بىر يولىلا كېتىپ قالغانلىقى بولدى. كۆپچىلىك كۆلەندەنىڭ خان ئېرىدىن ئايرىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ئاتا تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ بىلەتتى - يۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سوغۇقچىلىقنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنىمۇ ھېسابقا ئالاتتى. شۇ تۈپەيلى، كۆلەندە ئاغچىنىڭ ئاتىسى تۇتقۇندىن بوشىتىلىپ چىققاندىمۇ ئۇلارنىڭ ياخشى، خوپ بولۇشىدىن گۇمانلىناتتى.

بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ بۇرۇن سۇمبۇل سۇلۇۋ ھەدىسىدىن ئاڭلىغان ئارسلانخان، ئىدىگاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىدىن مەسلىھەت سوراپ، ئەل - يۇرتنى، لەشكەر قىسىملىرىنى ئارىلاپ، بىللە يۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى. لېكىن، مەغرۇر سەردار ئىدىگان ئارسلانغا يالۋۇرغاندەك مۇراجىئەت قىلىشقا ئۇنىڭغا كۆنمىدى.

— قايسىلا يەردە بولمىسۇن، مېنىڭ توغرامدا ھەرخىل گەپ - سۆزلەر ئېيتىشار، — دەپ دەلىللىدى ئۇ. — سەنمۇ ئۇلارنىڭ بىرلىرىگە قوشۇلۇپ، يەنە بىرلىرىنىڭ سۆزلىرىنى قايتۇرارسەن. شۇڭلاشقا ئەل - يۇرتنى، سەردارۇ - لەشكەرلەرنى مېنىڭسىز ئارىلىساڭ دۇرۇس بولۇر.

ئارسلان ئىدىگاننىڭ دەلىلگە قايىل بولدى: «ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى بىللە ئېلىپ يۈرۈپ خىجالەت قىلىشنىڭ، خىجالەت بولۇشنىڭ نېمە كېرىكى باردۇر. ئاخىرى چوڭلار بىلەن باش قوشقاندا، ھەممىنى بىللە يېشۇرمىز» دېگەن تۈگۈنگە كەلگەنىدى ئۇ.

ئەل ئاغىلىرىنىڭ — ئاقساقاللىرىنىڭ كۆپچىلىكى پەقەت ئىدىگاننىڭ ئەلتەبىر ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ ئېلىگە بولا ئۆتكۈزگەن خاتالىقى ئۈچۈنلا دەرغەزەپكە كەلگەن. ئىدىگانخان شۇ مەسىلە ئۈستىدە ماقۇل - ناماقۇل بولۇشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە، بىسنى - بىسىغا ئۇرغاندەك، ئۆزىگە نارازى بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى تەقىپ قىلىشقا باشلىغان. دېمەك، ئۇ ئۆز ئېلىنىڭ ئەزەلدىنلا خان بەگلەرگە ئىتائەتمەنلىكىنى ساقلاش بىلەن بىر قاتاردا، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى دائىم كۆزىتىپ، ھەتتا تۈزىتىپ كەلگەنلىكىنى ياخشى ئۆلچەلىمىگەن. بۇ مەيدانى، بولۇپمۇ ھازىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىككى مۇستەقىل خانلىقى قەد كۆتۈرۈپ، كىمنىڭ قايسى خانلىقتا ياشاشنى تاللاپ ئېلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلۇشى بىلەن تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى سەزمەي ھەرىكەتلەنگەن. بۇنىڭ بارلىقىنى ياش، ئەمما زېرەك ئارسلان خان ئىدىگاننىڭ ئۆزىگە ئېيتىپ چۈشەندۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئارىلىغان ئەل - يۇرت، سۆھبەتلەشكەن مۆتىۋەرلەرگە بولسا، ئىدىگاننىڭ جەڭگىۋار جاسارەتلىرىنى، ئۆز ئېلى، ئۆز يېرى ئۈچۈن دائىم جانپىدالىقىنى، ئەلتەبىر ئاقساقالنىڭمۇ باشتىنلا بىر ئاز ئېزىققانلىقىنى ۋە شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىدىگانغا سۈيىقەست ئويۇشتۇرۇپ، شۇ ماجرالارغا ئاساسىي سەۋەبچى بولغانلىقىنى ... ئاخىرى، ئەگەر خان باشلىق سەردارۇ - يارانلار ئىناق - ئۈنۈم بولمىسا، ھەممىنىڭ چوڭ يىلان بىلەن ئەتراپتىكى چىل بۆرىلەرگە يەم بولىدىغانلىقىنى سەممىي چۈشەندۈرۈپ چىقتى. ئاندىن كېيىن ئۇ ھەممە مۆتىۋەر ئاقساقاللارنىڭ، جەڭلەردىن تۇتقۇندىكى ئاقساقاللارنىڭ بېشىنى قوشۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىدىگان خان ئەتراپىدا بىرلىشىشىنى، گەنجۇ خانلىقىنىڭ تۇرپان خانلىقىغا بويسۇنۇش ھاجەتلىكىنى ئېيتتى ۋە بۇ تەلەپنى ئاتىسى ئۇلۇغ ئۇدزەرخان بىلەن ئۆگدە خانلارنىڭ ۋارىسى رەتىدە ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىكىرنى ھەممە بىر ئېغىزدىن قوللىدى - يۇ، لېكىن كۆپچىلىك ئاقساقاللار كىمنىڭ خان بولۇشى توغرۇلۇق مەسىلىنى كۆتۈردى. شۇ چاغدا ئىدىگان ئۆزىنىڭ خانلىق تەختىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى، چۈنكى ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى، مۇمكىن بولسا بىر تۈمەن ئەسكەر ۋە ئۆز ئېلى بىلەن قايتا ئۇرخۇن بويىغا كېتىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ھازىر ھېچكىم ھېچ ياققا كۆچمەستۇرا — دەپ قەتئىي رەت قىلدى ئۇنىڭ خاھىشىنى ئارسلان خان. — ئەمدى خۇۋالغىلىپ يۈرۈدىكى سىلەر بىلەن ئۇنىڭ ھەر تەرىپىدىكى باغىرلارنىڭ تۇرمۇشى، كۈچلىرىگە باغلىقتۇر. شۇڭلاشقا، بۇ يەردىن ئەل، ئۇلەمالەرنى ئېلىپ كۆچۈش تۇرماق، تېخىمۇ كۆپەيىپ، كۈچلىنىش كېرەك! ئەمدى ئىدىگان خان بولۇشتىن باش تارتسا، بۇ باشقا سۆزدۇر. كۆپچىلىك ئەل ئاقساقاللىرى بىلەن سەردارلار كىمنى كۆرسەتسە شۇ خان بولۇر، دەۋاتىدۇ.

ئىدىگاننىڭ خالىماي تەختتىن كەچمەك بولغىنى، بۇ ئاردىن بېزىپ كېتىش نىيىتى كۆپچىلىككە قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ھەتتا ئۇ تەقىپ قىلغان، ئۇتتۇزغا ئالغان ئاقساقاللارنىڭ ئۆزلىرىمۇ «ئېيىشتا بىز ئۇنى شۇنچە رەنجىتتۇق؟... نېمە ئۈچۈن بىز بۇ قەدەر باتۇر، قورقۇمسىز سەردارلارغا ۋە خانغا يار-يۆلەك بولماي، شۇ ئەھۋالغا يەتكۈزدۇق — ھە؟» دېگەن ئىنساپ ۋە قېرىنداشلىق سېزىملىرىگە بېرىلىپ تۇيلىنىپ قالغانىدى. بۇ ھالەتنى سېزىپ، تودۇم سۇكۇناتنى ساقلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن چەڭگىيۈن كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلدى:

— ئۇيغۇر باغىرلار، راست، ئارىدا ئىنتايىن كەسكىن ماجرا ۋە ئارتۇق-كەم كېتىشلەر يۈز بەردى ... بۇنداق ئەھۋاللار ھەممىلا ئەللەر، دۆلەتلەر تارىخىدا بولغان ۋە بولماقتا ھەم بولغۇسىدۇر. ئاساسىي مەسىلە — ۋاقتىدا ئۆز ئارا تىل تېپىشتا، ئەقلىغە كېلىشتۇر. خوش، ھېلى بىز شۇنداق تىل تېپىپ، ئەقلىغە كېلىپ تۇرغان ئىكەنمىز، ئەلنىڭ ئىچكى — تاشقى ئەھۋالى بىلەن ھېسابلىشىپ ئىش تۇتقان تۈزۈك بولۇر، ھېلىمۇ بىز ئەتراپىمىزدىكى چوڭ-كىچىك بىرقانچە خەلقلەر بىلەن ئۇرۇش-تارتىشلار شارائىتىدا ياشاۋاتىمىز. مۇنچە بولغاندا مۇنداق شارائىتتا ئەلنىڭ، لەشكەرنىڭ بېشىدا پەقەت ئىدىگاندەك كۈچلۈك سەردارنىڭ تۇرۇشى كېرەك.

ئىشبەر تېگىن چەڭگىيۈننى قىزغىن قوللىدى.

ئاقساقاللار بىر-بىرىگە قارىشىپ، ئارىدا خۇددى بىر ئاددىغىنا ئۇقۇشماسلىق بولغاندەك ۋە ئۆزلىرى ئۇ ئۇقۇشماسلىقنى ئالدىنئالا بىلىپ، ئەمدى ئۇنىڭ ئۈستىدىن دانالىق بىلەن كۈلگەندەك، تەبەسسۇم قىلىشتى-دە، بىرلەچچىسى تەڭلا، پەقەت ئىدىگاندەك قولى قاتتىق، باتۇر سەردارنىڭ خان تەختىدە ئولتۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىشتى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئىشلار ھەققىدە ئۆزلىرىدەك ئاقساقاللار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۇرۇشىنى ئۆتۈندى.

ئاتا يۇرتىنىڭ كەسكىن ۋە قەھرىلىك، بەزىدە چەكسىز سەۋر-تاقەتلىك كىشىلىرى ئارىسىدا، ئۆزىنى ئۆز ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرغاندەك سېزىۋاتقان ئارسلان مۆتىۋەرلەرگە كۈلگەن بويىچە رازىمەنلىك بىلدۈردى. باش سۇنسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە دېگەن ماقالىمۇ ئەنە شۇنداق ئۆزئارا تىل تېپىشىپ، ئۆزئارا كېلىشىشلەر ئاقىۋىتىدە بارلىققا كەلگەن بولۇشى كېرەك.

× × ×

— خوش، ئىدىگان ئاغا، — دېدى قانداقتۇر بىر تۇغقانلىق، ئاغا-ئىنىلىق نەسەبەت بىلەن ئارسلان خان كەچكى چايدىن كېيىن يالغۇز قالغاندا، — ئەمدى يەنە سېنىڭ ئاۋۋالقىدا بېرىپ، گۈلەندە ھەدەڭنى قايتۇرۇپ كېلۇرمىزمۇ — يوقمۇ؟

ئەتەي، باش-ئاياغنىڭ ھەممىسىنى ئېيتمىگە سىلىش ئۈچۈن قويۇلغان مەزكۇر مۇرەككەپ سوئالغا ئىدىگان «ياق!» دەپ بىرلا سۆز بىلەن جاۋاپ بەردى.

— نېمىگە شۇنچە رەنجىدىڭ سەن؟ «بالا-قۇلۇن كۆرمىدىم، كۆرۈشۈم كېرەك ...» دېسەڭ بۇرۇنراق ئايرىلىش ياكى توقال ئېلىش كېرەك ئىدى. سەن بولساڭ ئۇنداق قىلمىدىڭ. چۈنكى گۈلەندە ھەدەڭنى قاتتىق سۆيەر ئىدىڭ ...

— ھەي ئارسلان ئىنىم ... سەن ئۆي، خوتۇن ياقتىن قۇتلۇق ئەمەن، مەن تەلەيسىز، — ئۇھ تارتقاندەك چوڭقۇر تىنىپ داۋام قىلدى ئىدىگان، — توقال توغرۇلۇق دەيسەن. «توقال» دېگەن مۇڭگۇزى يوق سىيىر دېگەن سۆزدۇر، يەنى «توقال سىيىرنىڭ مۇڭگۇزى ئىچىدە» دېمەكلىكتۇر. گۈلەندەدەك سۇلۇۋ خاتۇنى بار كىشىگە ئۇنداق توقالنىڭ كېرىكى نېمە، دېگەنىمدىم. مانا ئەمدى ئەھۋالنى ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن ..

— نېمىسى بار؟ ئۆيلۈك دېگەندە كىشىلەر گاھ ئايرىلۇر، گاھ قايتا قوشۇلۇركەن. سىلەر نېمە، بارچىدىن ئۈزگىچىمۇ ؟

— ئۆزگىچە ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ تەقۇرىچە كىچىكلا شۇ ئاداشقان ئادەمنى كەشلەرچە بولۇپ قالغانىمىز.

— مەسىلە نېمە؟

— مەسىلە، كۈلەندە ئۇنىڭ چاقاقچى ئاتىسىنى ۋاقىتلىق تۇتقۇنغا ئالغىنىم ئۈچۈن كىرىپ قالغىنى يوق، ئۇ باشقا يىگىت بىلەن يۈرۈۋرا!

— مۇنداق - دە!

— شۇنداق، ئارسلان ئىنىم، شۇ سەۋەبتىنمۇ، مەن ئۆزۈمنى خان بولۇشقا لايىق ئەمەس، دېگەنىدىم، كۆرمىدىڭلار.

— بەللى! — دەپ يىگىتلىك غۇرۇرى بىلەن سۆزلىدى ئارسلان، — خانلىق يولىنى خاتۇنلار كۆرسىتىپ قويارمۇ؟ سىزنىڭدەك باتۇر قىرانغا ئۇۋا باسار ئۇرغاچى قۇش ئازمۇ؟

— قىيىن سىر مانا شۇ دۇۋا باسار ئۇرغاچىلىقتا، ئىنىم. خاتۇن تۇغقىنىنىڭ ھەممىسى - ئۇۋا باسار ئانا بولغۇسى كېرەككەن. كۈلەندىنى شۇ ئارمىنىغا يەتكۈزمىگەن ئۆزۈم بولسام كېرەك ...

ئارسلان ئىدىكاننىڭ ئەڭ نازۇك ۋە سىرقىراپ تۇرغان يېرىگە تېگىپ تېخىمۇ قاقشاتقاندەك بولدى. بۇنى ئۆلچەپ تۇلتۇرغان ھەر ئىككى خان، ئۆزلىرىنى قىيىن - قىستاق جەڭ پەيتىگە تۇغرا كەلگەندەك سەزمەكتە ئىدى. شۇ تۇپەيلى، پەقەت ئىبغىر پاراڭلا خاتىمە بېرىش ئۈچۈنلا، بىر ئاز بولسىمۇ ئىدىكاننى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن:

— مۇمكىن ئەمەس! — دېدى ئارسلان. — شۇنداق بولغاندىمۇ، سىزنىڭ دەردىڭىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، مەن بىر ئەلگە قولباشچى ھەم خان. دېمەك، سىزنىڭ قويىنىڭىزدا ياخشى خاتۇن بولۇش كېرەك. ئەگەر بۇ يەردىن خاتۇن ئالماس ئىكەنسەن، ئۇلۇغ تۇرپاندىن ئالۇرسەن!

ئىدىكان ئۈنچىقماستىن ئارسلان خاننىڭ مۇرىسىنى ئاغىداپ قىقىپ قويدى - دە، ئورنىدىن تۇردى.

ئارسلان پەقەت يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن، ھەربىي تۇمەنلەرنى سەپكە تۇرغۇزۇپ، بارچە ئاقساقال - سەردارلارنى ئىدىكان خان ئەترابىدا ماڭغۇزغان ھالدا مەيدان ئوتتۇرىسىدا توختاتتى - دە، سەردارۇ - يارانلارنى خاتىرجەملىك خان ئەترابىدىكى بىرلىككە، جەڭگىۋار ھوشيارلىققا چاقىرىپ سۆز سۆزلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن چەنگىيۇن ۋە ئىشبەر تېگىنلەر بىلەن ئىدىكاننىڭ ئائىلى كۈلەندە ئاغچا ھەققىدە سۆرۈشتە قىلىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن كۆڭۈلسىز ئەھۋالدىن تولۇق ۋاقىپ بولدى. ئەينى ئەھۋال ئۇلار ئۈچۈن كۆڭۈلسىز بولغان بىلەن، ياش ۋە گۈزەل كۈلەندە ئۈچۈن تاھايىتى كۆڭۈللۈك ئىدى. ئۇ ئاشۇ بىر يىلى ئەلدە قەلەندەرنىڭ چېتىدە ئۆتكەن خان ۋە ئىدىكان بىلەن چېلىشقان، يېقىندا ئىدىكان خاننى ۋە ئۇلتۇرۇشقا ئاتلانغان مۇيەسسەرلەرنى ئىشبەر تېگىنگە خەۋەرلىگەن بۇ يىگىت بىلەن كېتىپ قالغان، ھازىر ئۇلار دۇنيادىن بىغەم، كەچ كىرگىچە خۇلۇق دەريىسىدا بېلىقلاردەك چۆمۈلۈپ ئويناپ، كېچىچە بىر - بىرىگە تويماي، تاڭ ئاتقۇزماقتا ئىدى.

— كۈلەندە ئاغچا ۋە ئاشۇ ئالىپ تۇڭاسىمان بۆكىنىڭ ئاتلىرى بىلەن ياخشى كېلىشىپ، ئۇ تەرەپلەرنى قوغلاشقا ھەيدۈۋېتىڭلار، — دېگەن بۇيرۇق بەردى ئارسلان قايتار ئالدىدا ئىشبەر بىلەن چەنگىيۇنغا.

× × ×

«كۈلەندە» بىلەن «ئالىپ تۇڭا» لەقەملىك بۆكە يىگىت قوغلاشقا پالانغان بولسىمۇ ئۇ يەردە ئۈچ - تۆت ئاي تۇرۇپ، تۇرپانغا — ئارسلان خان بىلەن تەيخې خېنىم ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ھە دېگەندە، كۈلەندەنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۈچۈن رەنجىپ، ئۇنى قولدىن قېچىپ يامان ئادەتلەرگە قۇرغۇيغا ئوخشاتقان تەيخې، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىش بىلەنلا، ياش چوكاننىڭ ھالىغا يېتىپ، غەمخورلۇق قىلىشقا باشلىدى. ئىككى ياشنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتنىڭ سېھرىلىدەك كۈلەندە ئابغىچىنىڭ ئېغىر بويلىقى قەلبىنى چوڭقۇر تەۋرىتىپ، ئۇلارغا ئىسسىق مېھرى - شەپقىتىنى قوزغىدى. «ئالىپ تۇڭا» مۇ ئارسلانغا ئوخشاش ئىنتايىن زور ۋە گۈزەل يىگىت ئىدى. ئۇ تۇرپاندىكى چېلىشچى - بۆكىلەر ئارىسىدا داڭ چىقىرالمىدى - يۇ، ئەمما ياش خاننىڭ ئۆزى بىلەن دوست - ياران بولۇپ كەتتى. ئۇنى ئىدىكان خاننىڭ ئۆزى بىر چاغدا ئوردىغا چاقىرغانلىقى، ئىدىكانغا بولغان سۈيقەستلىكىنى پاش قىلىپ جەڭگە

يەنە ئاستا قاتناشقانلىقىنى بەلگىلىگەندىن كېيىن، ئارسلان ئۆزى مەلىك بېگى قىلىپ بەلگىلىدى - دە، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئۈكەرلىرى تەركىبىگە قوشتى.

— توختا، سەن تېخى يول مېڭىش - كۆچۈش، قونۇشلاردىن كېيىن، ھايىڭغا كەلمىدىڭ، - دېدى ئارسلان ئۇنىڭ يۈكسەلگىنى ھەققىدە ۋە شۇنداق رەھلانىدۇرۇش سۆزلىرىنى ئېيتىپ، بىر قېتىم قېرىلارنىڭ ئۆزى بېگى ئۆيلىنىگەندە ئېيتقان تەمسىلىنى سۆزلەپ بەردى. ئىلگىرىدە بىر مۇتىۋەر بايىنىڭ يالغۇز ئوغلى سۆيگەن قىزىغا كۆيۈپ، ئۆچۈپ ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ھۇجرىسىدىن چىقماي يېتىۋاپتۇ ... ئاتىسى بايقىغىدەك بولسا، ئوغلىنىڭ رەڭگى - روھى ئۆچۈپ، ئىنتايىن جىدەپ، ئارانلا ماڭىدىغان ھالغا يېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئاتىسى «ئوغلۇم، يىراق ياپلاقتىكى تاغاڭنى يوقلاپ، بىرئاز ئوۋ - شىكار قىلىپ كەلگىن» دەپ ئاران دېگەندە يولغا سالىدۇ. بىرەر ئاي تاغىسىنىڭ يايلىقىدا قىمىز - قىمران ئىچىپ، قوزا - پاقلان گۆشىنى يەپ، قايتىدىن تولۇپ، كۈچ - قۇۋۋەتكە كەلگىنىنى بايقىغان بالا، تاغىسىنىڭ بۇيرۇتىدىكى شەرەپلىك سىرغا ياخشى چۈشىنىدىگەن ۋە ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ساغلىقلارنى قوغلاپ يۈرگەن ياش قوشقارنى مۈڭگۈزىدىن تۇتۇۋېلىپ، «ئېيمە سەن تاغاڭنىڭ ئاۋۇلىغا باراي دەپ تىرىشىۋاتامسەن؟» دېگەن ئىكەن.

بۈگە يىگىت بۇ تەمسىلنى كەپ ئارا كۈلەندە ئاغچىغا ئېيتىپ قىرىما بولىدۇ!... كۈلەندە، ھەممىدىگە، ھەممىدە كېنىزەكلەرگە، كېنىزەكلەر ئۆز دوستلىرىغا ئېيتىشىپ، ئۇلار ئارسلان بىلەن ئالىپ تۇڭىنى كۆرسەللا ئۆزلىرىچە كۈلۈپ، ئاغزىلىرىنى يۇمالماي قېلىشىدىغان بولۇشتى.

بىر كۈنى رەسمىيلا خاپا بولۇشقا باشلىغان ئارسلان خان ئايالىغا قادىلىپ:

— نېمىگە شۇنچە شەيتان ئۆردى سىلەرنى؟ ئىپسى دورۇس كىشى، شۇنچىمۇ كۈلەمدۇ، - دەپ كايىدى.

ھەممىدە يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلدى - دە:

— بىزدە شۇ كۈلكىنى پەيدا قىلغان سەن ئۆزۈڭ، — دېدى.

— نېمىشقا مەن ئۆزۈم؟

— ياش قوشقاردىن «تاغاڭنىڭ ئۆيىگە بارغىلى كېلىپ يۈرەمدۇ؟» دەپ سورىغان كىم؟

— ۋاي تەنتەكلەرەي!... ھەي، ھاماقەت تۈزگە، شۇنداق مەسەلنى ئاياللارغا ئېيتامدىغان - ھە! — دەپ ئارسلاننىڭ ئۆزىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى - دە، يەنە قوشۇپ قويدى، — ھە، نېمىسى بار، بىزدەك قوشقارلارنى ياخشى كۆتمىسەڭلار، تاغلار تەرەپكە راستىنلا كېتىۋېرىمىز.

× × ×

قەشقەر - ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە ئەرەب مىسسىيونېرلىرى ئىسلام دىنىنى كۈچلۈك تەرغىپ قىلىۋاتقاچقا، ئۇ ۋاقىتتىكى ئاكابىر - تاكابىرلار بۇددا دىنىدىكى تۇرپان ئىدىقۇتى بىلەن گەنجۇ خانلىقىدىن چۆچۈگەندەك قارىماقتا ئىدى. بۇنى ئوچۇق ئېيتمىسىمۇ ئىچىدە ئۇچۇندۇر، ئۇ ۋاقىتنىڭ بەگ - ھاكىملىرى كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز نەۋرىلىرىگە ئۆزلەپ كېلىشىنى يەر - يايلىم تارلىغى سانىسى بىلەن چەكلەشكە تىرىشاتتى. بۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەن ئارسلان خان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇيياقلاردىكى بەگ، ھاكىملارغا دۆلەت بىرلەشكەننىڭ پەيتى ... ۋەھىملىقىنى، دىنىي ئېتىقاد ۋە خەلقىنىڭ قائىدە - رەسىملىرىنى باشقا ئەللەرنىڭ تەسىرىدىن ساقلاشنىڭ ھاجەتلىكىنى چۈشەندۈرۈپ خەتلەر يازدى، ئەلچىلەر ئەۋەتتى... ئاخىرى بولمىغاندىن كېيىن، ئارسلان خان ئېيىن ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ مەسلىھىتىگە ئېتىبار قىلماي، ئەل يېقىن ۋە زېرەك سەردارلاردىن ... بىر تۈمەن ئەسكەر بىلەن قەشقەر - ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىگە ئاتلاندۇردى ۋە ئۇلارغا مەزكۇر ... تۇرپان ئىدىقۇتلىقى ئامىدىن دولۇق باشتۇرۇپ، ئەرەب ۋە پارس دۇنياسىغا چىقىدىغان كارۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ... - قۇمۇل ئارقىلىق گەنجۇغا، تۇرپان - جۇڭغارىيە ئارقىلىق يەتتە سۇ ۋە خازارىيەگە يۆتكەلدۈرۈشنى جېكىدى. نەتىجىدە، مەزكۇر ۋىلايەتلەردىنمۇ ۋەكىللەر كېلىپ، تۇرپان ئىدىقۇتلىقى — ئارسلان خانغا ئىتتىپاقداشلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن مەنسەپ - ئەمەل سوراشتى. ئۆز ھەربىي كۈچلىرى ئازارلىقىدا بولغان تەۋەلەرنىڭ بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش، ئالۋاڭ - سېلىق، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى بولغا قويۇش ئۈچۈن تەجرىبىسى بار يەرلىك شەخسلەرنى باشلىق قىلىپ ئاھالىنى شۇلار ئارقىلىق باشقۇرۇشنى قولغا كەلتۈردى.

پەقەت قاراشەھەرنىڭ ھاكىمى - بېگى ئوۋ - شىكاردا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئازدۇر - كۆپ يارانلىرىغا قوربېشى بولۇپ يۈرگەن بىر دىلىغۇر پەلسەپ، تۇرپان تۈمەنلىرىنىڭ يولىنى توسماق بولۇپ، تاياق يېگەندىن

كېيىنلا، يىتىراپ قىچىشقا مەجبۇر بولدى. تۈمەن باشلىقى شەھەر باغلىرىنى تاشلاپ، تۈزلەڭلىكتە چېدىرلى-
رىنى تىكتۈرۈپ دەم ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىنى بىراقتىنلا بايقىغان قارشەھەرلىك مۆتىۋەرلەر چا-
چاڭلار بىلەن تۈرپان تۈمەنى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى.

## XXII

كۆڭۈلسىز بىرلا ئەھۋال — روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىغان ئىدىگاننىڭ تېخىچىلا مۇھىم ھاياتىي ئىش-
لارنى ھەل قىلماي، ئۆزئارا قايمۇقۇشلارغا يول قويۇپ، جوڭگو ۋە تىبەت بىلەن سودا - سېتىقنى كېڭەي-
تەلمەي، تۈرپان ئىدىقۇتلىقىنىڭ چەت ئەللەر ئارىسىدا پۈتۈن بىر دۆلەت دەرىجىسىدە تونۇلۇشىغا كا-
شىلا بولۇشىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ھەقتە ئارسلان خان بىرنەچچە يىل باش قاتۇرۇپ، كۆپ ھەرىكەتلەر
قىلسىمۇ، چىنى خاقانى يولىدىكى گەنجۇ خانلىقىنى پائال سىياسەتكە يانداشتۇرالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ،
مەركىزىي خانلىق - تۈرپان ئىدىقۇتلىقىنىڭ ئىشەنچلىك ۋەكىلى ۋە ئەقىلدار - مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە ئۆز
ئانىسى تەيخېنى گەنجۇ خانلىقىغا ئەۋەتتى.

× × ×

يېشى ئەللىكتىن ھالقىغان تەيخې بۇ قېتىمقى ئۇزاق سەپىرىنى ئالدىرىماي باسقان بولسىمۇ، گەن-
جۇغا ئىنتايىن ھېرىپ كەلدى. دېگەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئانا ماكانى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن دىيارغا يې-
قىن ۋە ئوخشاپ تۇرغان گەنجۇ شەھىرىنى ئارىلاپ كۆرۈش، ئۆزى ئۈچۈن ئەزىز جانلار - سۆيۈملۈك سۇلاۋۇ،
ئىدىگان ۋە باشقا نامايانلار بىلەن دىدارلىشىش جەريانىدا، ھاردۇقى چىققاندەك پۇخادىسى قېنىپ،
كۆڭلى سۇ ئىچكەندەك بولدى. ئۇ ئوردا سارىيىدىكى كېلىنى - سۆيۈملۈك سۇلاۋۇ خانىمىرىنىڭ بىرىگە جايلى-
شىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ۋە سەمىمىي مۇڭداشتى. تەيخېنىڭ بايقىشىچە، يېشى ئەمدىلا ئوتتۇز بەشكە كەل-
گەن سۆيۈملۈك سۇلاۋۇ خېلى پۈچۈلۈپ، جۈدەپ، سولىشىپ كېتىپتۇ. «ئەرلىسىزلىكنىڭ، ئەرسىرىگەنلىكنىڭ
ئالامىتى، - دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەگەركى، چىن كۆڭلى بىلەن بېرىلىپ، يەنە بىرەر ئەرلى سۆيسە، يام-
غۇردىن كېيىنكى بوز يەردەك، ياشلىقتىن ياشناپ كېتەر ئىدى، بىچارە!» ئۇ ئۆزىنىڭ ئودزەر تېگىن
بىلەن قوشۇلغان چاغلىرىنى ئىختىيارسىز ئېسىگە چۈشۈردى.

دەرۋاقە ئىدىگان بىلەن سۆيۈملۈك سۇلاۋۇ ئارىسىدا شۇنداق بىر ئىستىقبال سەلكىنىمۇ بارادەك... بۇنى
تەيخې كۆپ ئۆتمەي بايقاشقا باشلىدى...

«ھەرقانداق ئات جەڭدىلا ئوينىمىدۇ» دېگەندەك، ئىدىگانمۇ ھەربىي ھەرىكەتسىز تىنچ كۈنلەردە ئەل-
يۇرت ھاياتى، دۆلەت مۇناسىۋەتلىرىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنماي ئىلگىرىلىمەي تۇرغانلىقىغا
قارىماي، پۈتۈنلەي ئۆز كويىدىلا قالغان. تەيخېمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىدە، ئاساسەن، ئىدى-
گاننىڭ شۇ ھالىتىنى بايقاپ مۇمكىن قەدەر، ياشلىقتىن ئىلگىرىكى چاقماق كەبى ئوتكۇر ۋە چاققان يى-
گىتنى كۆركىسى كېلەتتى. ئۇنىڭ بۇ تىلىكىگە ئىدىگانمۇ خۇرسەن بولدى، ھەتتا سۆيۈملۈك ھەمدەمنىڭ
گەپلىرىدىن روھلىنىپ، كىچىك چېغىدىن ئادەتلەنگەن روھىي تېتىكلىك ھالىتىگە كەچتى.

— ئېمىگە سەن شۇنچە ئۇرپراندىڭ، غېرىبلاندىڭ؟ — دەپ سورىدى تەيخې سۆھبەت جەريانىدا.

ئىدىگانمۇ ھېچنېمىنى يوشۇرماي جاۋاب بەردى:

— خانلىق ماڭا يارىشمىدى، ھەدە. ئاندىن كېيىن، كۆلەندە كېتىپ ئار - نومۇسقا كۆپ قىينالدىم
زېرىكىش، سېغىنىش يۈرەكنى كۆيدۈردى ... زادى بىر تۈمەن، بولمىسا بىرمىڭ يارانغا قولباشچى بولغىنىم
ياخشى ئىدى. بۇنىڭغا ئارسلان بىلەن ئاقساقاللار ئۇنىمىدى.

— ئېمىگە ئۆزگە ئايال ئالمايسەن؟

— سېنىڭدىن يوشۇرار ھېچنېمەم يوقتۇر، — دەپ ئۆكۈپ - تىترەپ، ئىچكى سىرىنى ئەمەس، دەر-
دىنى سىقىپ چىقارغاندەك بولدى ئىدىگان، — ماڭا بالا - قۇلۇقلۇق ئايال كېرەك. باشقا ئايال، يەنە كې-
تىپ قالۇر دەپ قورقىمەن! بىراق بۇنىڭ بارلىقى ئەل - يۇرت تۇرمۇشى، تۈمەنلەر كۈچى، بولمىسا، سو-
دا - ئالاقە ئىشلىرى بىلەن ھېچ باغلىنىشى يوق. ئۇ ئىشلارغا چامام يەتمىدى.

— ياق، ئىدىگان ئىنىم، ھەرقانداق كىشى ئالدىدىكى ئىش - ھەرىكەت، ئۇنىڭ ئىچكى ئەھۋالىغا يۈ-
رىكىنىڭ سوقۇشىغا باغلىقتۇر. خەلق ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى يەقەت خان، خاقانلارلا بېجىرمەيدۇ، بەلكى

كۆپلىگەن لەرسىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ياردەمچىلىرىگە باغلىق. سېنىڭ ھەر قانداق ئىشنى كېچىكىشىپ ئىشلىشكە چامالى كېلىۇر، ئويۇنمۇ يېتۇر. پەقەت ئاقساقاللارنى قاچۇردا. ئۇلارنىڭ كۆپىنى كۆرگىنىڭدىن، بىلگىنىڭدىن پايدىلان. ئارسلان ئىنىڭ، ئىدىگاننى خانلىقتىن يوشىتار بولساقمۇ، ئورنىغا قويار كىشى يوق، دەپ دۇرۇس ئېيتۇر. ئىشپەر تېگىن سېنىڭدىنمۇ ياش ھەم تەجرىبىسىز. چەنكىيۈن بىردىن تابغاچ. ئۇنى بىر ئەلگە خان قىلىپ قويۇشقا بولماس، ئۆزىمۇ ئۇنىماس. بىراق، ئۇنىڭ خانلىق تۇرماق، خاقان بولۇشقىمۇ چامىسى كېلىۇر. شۇنىڭدىن پايدىلان. خوش، ئۆزۈڭ دېگەنىدەك، ساڭا لايىق ئايالنى بەلگىلىدىڭمۇ، شۇنى ئېيتقىنا؟

ئىدىگان ئۇزاق تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇستەل ئۇستىدىكى مەيدىن يەنە بىر ئەچچە يۇتۇم ئىچتى.

— دۇرۇس كۆرمىسەڭ ... ئۆزۈڭ ئەقىل ئېيتىپ، ئۆزىگە بىلدۈرمىسەڭ ... — دەپ دۇدۇقلاپ باشلىدى ئۇ، — ئۇكىدە ئاغامنىڭ يېسىرى، مېنىڭ بىلەن تەڭتۇش ... بالىلىرىمۇ ئۆز ئىنى - سىڭىللىرىدەك ... بىراق، ئۇنىڭ ئۆزى لېمە دەر، ئارسلان ئېمە دەر، دەپ تولغىنىپ يۈرىمەن.

تەيخې مىيىقىدا كۈلدى - دە:

— ئەر - خوتۇن بولۇش، پەقەت ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭلا ئىشى، ئۆزلىرىنىڭ كېڭىشىگە باغلىقتۇر. ئۇ ئىشقا باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشىغا ھەققى يوق. كۆڭلىڭدە ئاغىچا قىلىپ ئۇنى بىلەن كەتكەنىدە، سەن ئۆزۈڭ خان تۇرۇپ ئېمىگە جۈرئەت قىلالمىدىڭ؟ ئارسلان ئۇلارنى قۇدۇلغا ھەيدەتكۈزگەن ئىكەن. ھە، ئۇلار، ئاڭلىغانىمەن، ھازىر تۇرپاندا تۇرۇر.

تەيخې بۇ سۆزلەرنىڭ ئىدىگانغا ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئاياللار ھىيلە - مىكىرىنى ئىشلىتىپ، ئىدىگاننىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى قوزغاش ئۈچۈن ئەتەي ئېيتتى. دېمىسىمۇ، غەيرى - نازۇك بىلىنگەن مەسىلىدە شۇ قەدەر ئىرادىسىز، ھەتتا قورقۇنچاق بولغان ئىدىگاننىڭ كۆزلىرى چاقناپ ھوشيار، جەسۇرانە ھالەتكە كەلگەنىدەك بولدى، لېكىن شۇندىمۇ:

— سىزمۇ مۇلۇۋ بىلەن ئۆزۈڭ سۆزلىشىپ كۆرسەڭ؟ — دەپ يالۋۇرغاندەك ئىلتىماس قىلدى.

— سۆزلىشىپ، ھەتتا كېلىشىپ بېرەرمەن! شۇ چاغدا خانلىق خەزىنەڭدىن نېمىلەرنى سوۋغا قىلۇرسەن؟ — دەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ھەزىلگە ئايلاندۇردى تەيخې.

— ئۇ يەردە نېمە بارلىقىنى بىلمەيمەنۇ، بىراق بار نەرسىنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن! — دېدى ئىدىگان.

× × ×

تەيخې، ئىشپەر تېگىن ۋە چەنكىيۈنلار بىلەن سىردىشىپ - سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئىدىگانغا يەنە خاپا بولدى. چۈنكى ئۇ شۇكەمگىچە ئۆتكەن يىلى جۇڭگو خاقانى سەنتۇڭدىن كەلگەن خەتنى ئېتىبارسىز قويۇپ، ئۇلار ئۈچۈنمۇ، ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق بولغان سودا - ئالاقىنى تىكلەشكە ئىنتىلمەپتۇ. ئۆز خانلىقىدا ئات - ئۇلاغ، موي - تېرە ۋە باشقا ماللارنىڭ كاسات بولۇپ يېتىشىغا، شۇ سەۋەبتىن ئەل - يۇرت ۋە ئاقساقاللارنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچراپتۇ.

— ئەمدى مەلۇم ئېتىبارسىز قالدۇرۇلغان مەزكۇر خەت توغرۇلۇق ئارسلان خانغا ئېيتماسمەن، — دېدى تەيخې ئوردىدىكى مۇتەۋەرلەر بىلەن يەنە باش قوشقاندا، — بىراق، ئەمدى كېچىكتۈرمەي خاقان سەنتۇڭگە ئىجابىي جاۋاب بېرىش كېرەك. ھازىر بۇنداق سودا - ئالماش ئىشلىرى ئەللەر ئارىسىدىكى سىياسەت ۋە ياخشى مۇناسىۋەتلەرگە زامىندۇر!

— ھازىر خاقان سەنتۇڭدىن ئىلگىرى بىزگە بەرمەي يۈرگەن تۆمۈر - پولات بۇيۇملىرى ھەم ئېلىشقا بولۇر، — دەپ تەيخېنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى چەنكىيۈن، — بىراق شۇندىمۇ، بىزنىڭ بىر يىلدىن بېرى ئېنىق جاۋاب بەرمەي ياتقانلىقىمىزنى، چىنى خاقانغا كېرەكلىك ماللارنىڭ كۆپچىلىكىنى باشقا ئەللەرگە چىقىرىپ تۇرغانلىقىمىزدىن، ئۆز ۋاقتىدا جاۋاب بېرەلمىدۇق، دەپ سەنتۇڭنىڭ قولىغا پەيت سېلىپ قويۇش بىز ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

ئىشپەرتېگىن ھەممىدىن بۇرۇن ھەربىي قورال تەلەپ قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى:

— زوراۋان ئۇرۇشتىن كېيىن، بىردىنلا سابىق دۈشمەنلەردىن ھەربىي قورال سوراش، سەت ۋە بىلىنمەسلىك بولۇر، — دېدى تەيخې، — دەسلەپتە ئەل - يۇرتنىڭ تىنچلىق، پاراۋانلىق تۇرمۇشى ئۈچۈن ھاجەت بۇيۇملارنى ئالماشتۇرۇش لازىم.

تېگىن يەنە سۆز قىلماي ئۆز پىكرىنى دەلىللىدى:

— تۈمەن - يارانلارغا كېرەك بۇيۇملارنى ئالماشتۇرۇش سەت ۋە بىلمەسلىك بولسا، ئۇ چاغدا يەنە، قاپقاچلارنىڭ بىزدىن كۆپلىگەن يىلقا - مال سورىشىمۇ، سەت ھەم بىلمەسلىك بولۇر. مەزەپ — يىلقا - مال ئۇلار ئۈچۈنمۇ، پەقەت ئۇرۇش - يۇرۇشلەرگە كېرەكتۇر.

تەيخې ھەر ھالدا ئۆزىنىڭ ھەربىي مەسىلىلەردە يېتەرلىك بىلىم - تەجرىبىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلغانىدەك مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ:

— دۇرۇس، دۇرۇس ئېيتۇرسەن، ئىشىبەر ئىنىم، — دەپ ئۇ ۋە تۇرۇپ، كىچا تەرەپلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۆمۈر كانلىرىنى تېپىپ ئىشلىتىشقا باشلىغانلىقىنى، ئەمما ئۇ ياقلاردىكى ئۇستىلارنىڭ كەلگۈدىكى قورال — ياراق ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

— بۇ بىز ئۈچۈن چوڭ يېڭىلىق، قۇت ئىشتۇر، ھەدە! — دېگەن سۆزلەر بىلەن كۆڭلىنىڭ خۇرسەنلىكىنى ئىپادىلىدى ئىدىگان، — شۇ سەۋەبتىن ھازىرغا ئۇلاردىن قورال - ياراق سورىمايمىز. ئۇلار بىزنىڭ تۈمەنلەرنى قورالسىز دەپ، ئۆزگىچە يامان نىيەت، ھەرىكەتلەرگە كەلمىسىلا بولدى.

— بۇمۇ دۇرۇس ئويدۇر. ئىلاج بولسا ئەمدى ئۇرۇش - توقۇنۇشلارغا يول قويماي، خەلقنىڭ تىنچ ئارام ئۆمرىنى كۆزىتەيلى، باغىرلار، - دەپ ئاتىلارچە يەكۈنلىدى ئاق باش، ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي.

## XXIII

تەيخې ھەقىقەتەنمۇ، ھەربىي ئىشلارنىڭ بەزىبىر تەرەپلىرىنى يېتەرلىك بىلمەس ئىدى - يۇ، لېكىن ئەل ۋە شەھەرلەر ھاياتىنى، ئەر - ئاياللار مۇناسىۋەتلىرىنى بىلىشتە توغرا ۋە ئۆتكۈشلۈق، قىنىغا سىڭىشقاچقا ئىدى. شۇ قابىلىيەت ئەتىجەسىدىنمۇ ياكى ئىدىگان خان بىلەن سۈمبۈل سۇلۇۋنىڭ ئىچكى ئىنتىلىشلىرى تولا پەيلىدىنمۇ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ باشلىرىنى قوشۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئۇ دەسلەپتە ئىنتايىن ئۈزۈلمەي، ھەممىلا يېقىنلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئارسلان خاننىڭ ئۆزى توغرۇلۇق يامان ئويلاپ قېلىشىدىن قورققان سۈمبۈل سۇلۇۋنىمۇ ئىدىگانغا ئېيتقان ھاياتىي مىساللارنى ئېيتىپ خاتىرجەم قىلدى - دە، ئاندىن ئوغۇل پەرزەنتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئويلىغان ھالدا ھەممىگە كېلىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئىدىگان بىلەن سۈمبۈل سۇلۇۋ ئىنتايىن ئىناق ياشاشقا باشلىدى. ئۇلار ياخشى ياشارغانىدەك، ئەخلاقى پاك، سۆيگۈگە سادىق ئەل ئاتا - ئانىنىڭ مېھرىگە چۆمۈلدى. بۇ ئەھۋال ئەلۋەتتە ئىدىگاننىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھاياتقا ھەرىكەتكە بولغان ئىنتىلىش - ئىزدىنىش سېزىملىرىنى ياخشىلاشتىن ئەۋج ئالدۇرغانىدەك، ئەمگەك - ئىچمەك ھالەتتە كەلتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا ئايالىنىڭ ئايىغى يارىشقانىدەك ئىدى.

× × ×

بىر چاغلاردا كەنجۇ شەھىرىدە تەيخې تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان ئوقۇش - تەربىيە يۇرتلىرىمۇ ئەمدى خېلى كېڭەيىپ، ياش قىز - يىگىتلەر ئائىلىدىن بىلىم ئېلىشقا باشلىغاچ، سۈمبۈل سۇلۇۋ ۋايىغا يېتىپ قالغان ئىككى قىزىنى ئاياللار مەكتىپىگە دائىملىق ئوقۇۋېلىشتۇرۇش ھەققىدە تەيخې بىلەن مەسلىھەت قىلدى.

ئوغلىمىز تېخى كىچىك، ئات مىنىش، ساداق ئېتىش ئويۇنلىرىغا ئامراقلىقىدىنمۇ ئىدىگانغا بەك ئوخشاپ كەتتى، — دېدى ئۇ، — بىراق ... بىراق، قىزلار تېخىچىلا يۈرىنىڭ بولتىرلىرىگە ئوخشاش قۇرۇۋاپ، قىزغالغانىدەك يۈرىكىمنى چۆچۈتەر يەنە!

— ئۇلارمۇ ئۆسكىنىدۇ، سىڭلىم، غەم يېمە. قىزبالا دېگەن بىزگە مېھرىبانىدۇر. ئاناسىمۇ كەپ، ئاشۇ ئوغلۇڭدا. قىزلارنى دائىملىق تۇرۇپ ئوقۇيدىغان مەكتەپكە بەرسەڭ ياخشى.

— ئۇنىڭغۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە، - دەپ مۇلايىملىق بىلەن قايىل بولدى سۈمبۈل سۇلۇۋ. ئۇنىڭ پاك، تولۇمچان قەلبىدىكى تەشۋىش - ئەندىشە تېخى تولۇق كەتمىگەن. شۇڭلاشقا، تەيخې ئۇنىڭ دىققىتىنى يەنە بىر پارلاق ئىستىقباللارغا بۇرىماق بولۇپ:

— ئىدىگان ئىككىڭلارغا تەڭرى بىر ئەر پەرزەنت بېرىپتۇ تېخى! — دەپ خەيرىخاھلىق بىلەن تەبەسسۇم قىلدى. سۈمبۈل سۇلۇۋ چۆچۈگەنىدەك تەۋرىنىپ كەتتى - دە:

— چوڭ بولغاندا ... باللار ئالدىدا نومۇس بولۇر! - دەپ تىمىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— سىلەر تېخى ياش، سىڭلىم. زادى ئۆز ئېرىڭدىن بالا - چاقا كۆرۈش، ھېچقاچان نومۇس ئەمەس، قۇت بەختتۇر! ئۆلمىگىدىن تاشقىرى، بالا - چاقا دېگەن قېرىغاندا تېخىمۇ تاتلىق بولىدىكەن ...

ئۆزۈلۈپ بىلمەيمەن، ماڭا مىرلا ئوغۇل كۆرۈش ئىمكانى بولدى، دېگەن بىلەن، تەڭرىگە شۈكرى، نەۋرە سۆيۈشكە يەتتىم، ماڭا ئەمدى شۇ نەۋرەمنى بەك سېغىنىۋاتىمەن. شۇ سۆزلەردىن كېيىن تەيخې «بىز يەردە خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالغىنىم سىلەرگە ھەم ئاشۇ سۆيۈملۈك ئېرىم ئۇدزەر تېگىن ياتقان يەر پىراقىغا باغلىق» دېمەكچى ئىدى ـ يۇ، يەنە ئۆزىگە خاس مەزكۇرچىلىق بىلەن (سۇمبۇل سۇلۇزۇنىڭمۇ خىيالىدا بىردىنچى ئېرىنى نامايان قىلىپ، خىيالەتكە قويماسلىق ئۈچۈن) باشقىچە يەكۈنلىدى، ــ ئەمدى كۆز كۈنلىرى كەلگىنچە ئاتلىنىپ كېتىشىم كېرەك. ئەمدى ـ سىلەرمۇ، بىزمۇ خاتىرجەم، كېلەر يازدا يەنە ئۇچرىشىمىز، مەڭلىم.

سۇمبۇل سۇلۇزۇ تەيخې يەڭگىسىگە ئاجايىپ بىر مېھرىبانلىق بىلەن ئۆزىنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغانلىقىنى، ئىلاجى بولسا، دائىم بىللە ياشىشنى خالايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئاشۇ يۇجىزىلىك تۇرپان ۋادىسىغا كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئاياللارنىڭ ئىككىسىلا ھايات تەلەپلىرىدىن زادى چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلەر ئىدى. تەيخې شۇ ھەقتەتتى ئېيتقاندا، سۇمبۇل سۇلۇزۇ ئىختىيارسىز ئىدىگان بىلەن ئۆتۈۋاتقان كېچىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۈلۈمسىرەيدى ...

شۇ كۈنى، چۈش ـ پېشىنلار بىلەن تەيخې سۇمبۇل سۇلۇزۇغا «شەھەردىكى بىر تونۇش ئايالنى يوقلاپ كېلىمەن» دەپ ئۇدزەر تېگىن مازارىغا باردى ـ دە، چىراغ يېقىپ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تەنھا ئولتۇردى. ئىلگىرى ئۇ «بېھىش ـ دوزاخ»، «ئۇ دۇنيا» دېگەنگە ئوخشاش دىنىي ئۇقۇملارغا، ھەتتا خۇدا ـ تەڭرىلەرگىمۇ ئانچە ئىشەنمەيتتى ـ يۇ، شۇنداق بولسىمۇ، ئەل قاتارى سېغىنىش ـ چوقۇنۇش قائىدىلىرىنى ساقلايدىغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولسا، يېشى ئۆتكەنسېرى ئۆزى ئىشەنمىگەن غەيرىي ـ تەبىئىي ئۇقۇملارغا تايانغۇسى، مەدەت ئالغۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا شۇنداق قىلىشتىن مەلۇم دەرىجىدە ئارام ئالغاندەكمۇ بولاتتى.

بۈگۈنمۇ ئېرىنىڭ مازارىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ھايات يولىنى خىيالىدىن كۆچۈردى، ئۆزىنىڭغا يەتمىگەن ئارمانلىرى، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى پات ـ يېقىندا ئەمەلگە ئاشىدىغاندەك، ئۇدزەر تېگىن بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ، يانىدىكى ھاياتنى داۋام قىلىدىغاندەك سېزىلدى...

«بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرگەن جۈپلەرنىڭ بىرى يانىدا، يەنە بىرى باقىيدا ئۇزاق يۈرەلمەس بولسا، ـ دېگەن ئوي كەچتى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىن، ــ ئۇ چاغدا نېمىگە مېنى ئېلىپ كەتمەيسەن ئۇدزەر! ياكى... ياكى ئەڭ ئاخىرىدا ... ئاشۇ شۇم رەقىبلەر ... جاڭلەن، ئىزمىسپلەرنىڭ بىرەر ئىغۋاسىغا ئىشىنىپ، ماڭا ھەجىدەڭمۇ ؟...»

تەيخېنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىدىن ياش تەكىپ، غۇۋالىشىپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇ يېشىنى سۈرتۈپمۇ قويمىدى، كۆزلىرىدىن چىققان سىماپتەك تامچىلاردا سۆيگەن ئېرىنىڭ مەردانە قىياپىتى نامايان بولغاندەك تۇيۇلاتتى. بىر چاغدا تەيخېنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇدزەر تېگىننىڭ ئەينى قىياپىتى پەيدا بولدى!... ئۇ ئىنتايىن خاتىرجەم ۋە ھەيۋەتلىك ئەرەبىي كىيىملىرىنى كىيگەن ھالدا «سۆيۈملۈك يارىم تەيخې، سەن يىغلىما، پەرزەنتلەرنىڭ يۈرىكى سىقىلار! ئۇلارنى ياخشى كۆر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سېنى ئېلىپ كەتمەيمەن، تەنھا يۈرمەيسەن. بۇ ياقتا بىكارچىلىقتىن شۇ قەدەر زېرىكتىم!... ئەنە، خاق بوز ئېتىمنى يەنە بىر قېتىم مىنەرمەندىم!» دەپ سۆز قاتتى ـ دە، پەيدىنپەي غايىب بولدى.

... تەيخېنىڭ كۆزلىرىدە ياش بولسىمۇ، ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرغاندا، كۆڭلى خۇش بولۇپ، كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. چۈنكى ئۇ، سۆيگەن يارىم بىلەن شۇ خىل دىدارلىشىشقا سازاۋەر بولدۇم دەپ ئويلىدى. بۇ ھالەت سېھىرمۇ، مەرگالىقمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك خۇراپىي دىندارلىقمۇ ئەمەس. بەلكى يارىنى سۆيۈپ، يۈرىكى كۆيگەن ئايالنىڭ قەلبىدىكى ۋىجدان ئاۋازلىرىنىڭ ئەكس ساداسى ئىدى. مۇنداق روھىي ھالەتلەر تەيخېغا ئوخشاش مەزكۇر ۋە تەسەۋۋۇرى كۈچلۈك ئادەملەردىلا بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئەپسۇسكى ... تەيخې خېنىمنىڭ مەزكۇر تەۋرىنىشلىرى ھاياتىدىكى ئاخىرقى بەختى ۋە ئاخىرقى خۇشاللىقى بولدى.

× × ×

... تەيخې خېنىم تۇرپانغا پۈتۈنلەي ئۆپرىغان مەيۈسلەنگەن ھالدا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ جىسمانىي

جەھەتتىن جۈدىگەن، ھالسىرىغان ھالىتىنى كۆرگەن يېقىنلىرى تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى. تەيخې كۈلدىن-كۈنگە مەسكىنلىشىپ، كەم سۆزلۈك بولۇپ، كۆپىرەك يالغۇز قېلىشنى، ئۆزى بىلەن ئۆزى بولۇشنىلا خالاپ قالغانىدى. سورىغانلارغا:

— ئۇيغۇرلارنىڭ «يول ئازابى - گۆر ئازابى» دېگىنى راست ئىكەن. چارچىغان ئوخشايمەن. يولدا سوغ تەگسە كېرەك، — دەپ قوياتتى. ئارىلاپ ئىچى مۇجۇغاندەك، جېنى سىرقىرىغاندەك چىرايىنى تۈرۈپ، قىسقا-قىسقا يۆتىلىپ قوياتتى. ئارسلان خان ئايىمى بىلەن ھەمسەپەر بولغان كىشىلەردىن سوراپ-سۈرۈشتە قىلىۋىدى، ئۇلار تەيخې خېنىمنىڭ پەقەت قۇمۇلغا كەلگەندە، قۇمۇل بېگى ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى بىلەن شەھەردە «ئەۋلىيا» دەپ ئاتالغان كەمپىرنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندىن كېيىن، مۇشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايان قىلىشتى.

ئارسلان بىلەن بوغۇزۇن بەگ مەسلىھەتلىشىپ، قۇمۇلغا كىچىك-سودا كارۋىنىنى ئاتلاندۇردى-دە، كارۋانچىلار ئىچىگە، ئۆزلىرىنىڭ ئۇستا تىڭچىلىرى بىلەن بىر نەچچە ھىلىگەر-قۇۋ ئاياللارنى قوشتى. ئۇلارغا «ھېچنېمىنى ئايىماي بېرىپ، ھېچكىمدىن، بولۇپمۇ ئاشۇ تاغ تۈڭگۈزى قۇمۇل بېگىدىن ئەيمەنمەي، ھەممە سىرنى ئۇقۇپ بىلىڭلار، دەرھال خەۋەر قىلىڭلار!» دېگەن قەتئىي ۋە مەخپىي بۇيرۇق بەردى.

ئەسلىدە، تەيخې خېنىمنىڭ تۇغۇرى قىلىنغان پاكى بەرگىگە زەھەرلىك ئۆرت چۈشكەن سەۋەبىدەك سارغىيىپ، سولىشىشىغا قۇمۇل بېگىنىڭ بىشەملىكى سەۋەب بولغانىدى. ئۇ، «دالادا قۇسلۇق بوران بولۇۋېتىپتۇ» دەپ، تەيخې ۋە ئۇنىڭ تۇپىنى بىر نەچچە كۈن قۇمۇلدا تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئاشىقلىقىنى، ئۆيلەنمەك نىيىتىنى ئېيتىپ، تېگىشلىك دەككىسىنى ئالغاندىن كېيىن، تەيخېنى «ئەۋلىيا» دەپ ئاتالغان مەستانىنىڭ ئۆيىدە سولىۋېلىپ، غالجىرلاشقان ھالدا يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، تەيخې ئۆزىنى ياش چېغىدىكى شىر-يولۋاسقا ئوخشاش قوپال ئەرلەرنىڭ ئازابلىرىدىنمۇ بەتەر ئازابلانغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ھاقارەتلەنگەنلىكىنى سېزىپ، بۇ تەگسىز ۋە رەھىمسىز دۇنيادىن تېزىرەك ئۆتۈشنىڭ كويىغا چۈشكەنىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ھاياتىنىڭ خاتىمىسىگە يېقىنلاپ باراتتى.

دەردلىمۇ، بەختسىزمۇ، مۇڭلۇقمۇ، مۇھەببەتسىزمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە باشتىن كۆچۈرگەن تەيخېنىڭ ئاخىرقى ئارمىنى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇ قۇمۇلغا كەتكەنلەرنىڭ خەۋىرى كەلگىچە، كۆز يۇمۇپ دۇنيادىن ئۆتتى. ئەمما پانىي دۇنيادىن كېتەر ئالدىدا، ئوغلى ئارسلان خانغا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ۋەسىيەت قىلدى:

«كېلىنىم ھەممىدە قورساق كۆتۈرۈپ قىز تۇغسا مېنىڭ ئېتىمنى، ئوغۇل تۇغسا ئۇكىدە ئاغاڭ ئېتىمنى قوي، ئوغلۇم. مەنمۇ شۇ ئۇلۇغ ئاتاڭ ۋە ئاغاڭ ئېيتقاندەك «تەڭرىگە شۈكرى، ئىززىمىز ئەمەس بىزا...» دەپ كېتەرمەن. كۆپ ئۆيرانما. سەن بىر ئۆيىنىڭلا پەرزەنتى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بىر ئەلنىڭ پەرزەنتى، پاسىبانى؛ ياتار يېرىمدىن بىر ئوچۇم توپىنى ئېلىپ خۇاڭخې دەرياسىغا چېچىشنى ئۇنتۇما. مەن ئىككى ئەل، ئىككى خەلقنىڭ قىزى بولۇپ ئۆتتۈم، شۇڭلاشقا توپىمنىڭ بىر قىسمى تۇغۇلغان يېرىمگە بېرىپ سىڭسۇن...»

قۇمۇلدا تىڭچىلىق ئىشلىرىنى ئىلىپ بارغانلار پاجىئەگە سەۋەب بولغان ۋەقەلەرنىڭ ئېنىق تۈۋى-تەكتىگە يېتەلمىگەنىدى، لېكىن قۇمۇل بېگىنىڭ ئەل-يۇرتتىن قاچقاندەك، تېخىلا تاغۇ-تاش، جاڭگاللارنى پاناداپ يۈرۈشىدىن ۋە «ئەۋلىيا» ئاتالمىش ھازازۇل ئايالنىڭ ھەقىقىي كەسپىدىن ھەزەر ئەيلەپ، زىكىر قىلىنغان زورلۇقتىن ئۇچۇر بېرىدىغان بىرقانچە دەلىل-ھۆججەتلەرنى يىغدى. بىراق ئۇلار ھەقىقىي، ئانا ۋە مۇقەددەس ئايال تەيخې خېنىمنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەسلىك ھەم ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىنىڭ جانلىرىنى قاقشاتماسلىق ئۈچۈن، مەزكۇر دەلىل-ھۆججەتلەرگە كۆڭۈل بۆلگىنى يوق. پەقەت قۇمۇل بېگىنىڭ ئۆز تەۋەسىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالغانلىقىنى تەكىتلەشتى.

## خاتىمە

شۇنداق قىلىپ، ئورخۇن-خۇاڭخې بويلىرى ئارقىلىق ناھايىتى چوڭ ئۇتۇلۇق چەببەر ھاسىل قىلىپ، ئەجدادلار ماكانىغا قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارغا ئىچ كۆيەرلىك قىلغۇچى ئەڭ يارقىن شەخسلەرنىڭ بىرى- تەيخې خېنىمنىڭ ۋاپاتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇراسىملارمۇ ئۆتتى... ئۇنىڭ پاجىئەلىك قىسمىتىگە سەۋەب بولغان قۇمۇل بېگى ئارسلان خاننىڭ ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقۇپ، تاغۇ-تاش، جاڭگاللار ئارىسىدا قېچىپ-

مۆكۈپ يۈرۈپ، بەڭگى - دىۋانە بولغان ئىچىقا ئوخشاش ۋەھشىيلىشىپ، سارالڭ بولۇپ يۈرگەن... ئۇنىڭ ئورنىدا قۇمۇلنىڭ بېگى قىلىپ، ئارسلان خان ئۆز قېيىن ئاتىسى بوغۇزۇن بەگنى بەلگىلىدى ۋە ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بىر تۈمەن ئەسكەر بەردى.

كەلگۈ ئۇيغۇر خانلىقى بولسا، سۈيۈل سۇلۇۋ بىلەن باش قوشقاندىن كېيىن، قايتىدىن ئانلىق بەخت قۇچقان ئىدىكان تېگىننىڭ رەھبەرلىكىدە چىنى خاقانلارنىڭ يولىدىكى ئاساسىي قورغان ۋە ئۆتكۈل دۆۋ تىمدە مۇستەھكەملەندى.

ھازىر ئارسلان خاننى ئەمدى پۈتۈن قەشقەرىيە بىلەن جۇڭغارىيە تونۇيدۇ. جۇڭگو خاقانى سەنتۇنمۇ تىبەت خانى شان بىمىمۇ، ھەتتا ئەرەب، پارسلار، خازارىيە ۋە ماۋرەننەھرلىك بىر نەچچە سۇلتانۇ - ئەمىرلىرىمۇ ئارسلان خاننى شۇ پايانسىز ۋە باي زېمىننىڭ بىردىنبىر ئۇلۇغ خانى، دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي ئالاقىلەر ئورنىتىشقا ھازىرلىقىنى بىلدۈرۈپ، بەكتۈپلەر بىلەن ئەلچىلەر يوللىغانىدى.

ئەنجەدە، IX ئەسىرنىڭ ئاتمىشىنچى يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىلا ئورنىغان ئىدىقۇت ئۇلۇغ خانلىقىغا ئايلىنىپ، قاراخان ئارسلانلار سۇلالىسى باشلاندى. بۇ سۇلالە بەش يۈز يىلغا قەدەر ھۆكۈم سۈرۈپ، جۇڭگو ۋە ئەرەب دۇنياسىدىن تارتىپ، يەتتەسۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممە يەرلىرىدە ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىي ئالاقىلەر ئورناتتى. ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرىيە دۆلىتىنى ئەمەلگە تونۇزتتى. بۇ دۆلەتنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ قۇدرەتلىك روناقسىغا، يەنە شۇ جۇڭگو بىزغىدىن خانلىرىنىڭ ئەجدادى لىمۇۋلىۋق كېيىنيىش سىياسىتى ۋە قەشقەرىيە قاراخانلىرىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، بۇددا دىنىدىكى ئىدىقۇت ئارسلان خانلىرى بىلەن بولغان ئىدىئولوگىيىلىك قارىمۇ - قارشىلىقى كاشىلا بولدى.

ئۇ ھەققە كەپ — ئالايمىن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز رېھىم ئەركال

ئەدەبىي تەھرىر: مۇھەممەت روزى يارقىن

(بېشى 82 - بەتتە)

## سۆيگۈ

**مۇھەممەت روزى**

كۆڭۈل رىشتىمنى ئۈزدۈمەن تەمەننالىق نىگارىدىن،
قۇتۇلدۇم مىڭ جاپا - تەستە ئۇنىڭ تور - ئىختىيارىدىن.

قىلارمەن ئېھتىيات شۇنچە ئۇنىڭدىن كۆپ ھەزەر ئەيلەپ،
ماڭا ھېچ تەگمەگەچ پايدا سېھىرگەر كۆلئۈزارىدىن.

قىلالماس رام مېنى ئەمدى ئۇنىڭ ئىشقى - مۇھەببىتى،
پەلەكنۇر ئەمدى پەرۋايىم بىھۇدە ئاھۇ - زارىدىن.

بۈگۈن مەن چۈنكى كەلدىم بۇ ئېزىتقۇ ئۈستىدىن غالىب،
ئېلىشقاچ قالغىچە ھەتتا ئاداققى كۈچ - مادارىمدىن.

تۇتاي يار ئەمدى كەمتەرلىك نىگارىن چىن دىلىم بىرلەن،
ئېچىلغاي لالە - رەيھانلار يېڭىچە نەۋ باھارىمدىن.

## سۆيگۈ... سۆيگۈ... سۆيگۈ...

## مۇكاپاتلىق شېئىر مۇسابىقىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

تەھرىر بۆلۈمىمىز دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى جانلاندۇرۇش ۋە كۆپ خىللاشتۇرۇش مەقسىتىدە «سۆيگۈ» ماۋزۇسىدا مۇكاپاتلىق شېئىر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

1. يېزىلغان شېئىرنىڭ ماۋزۇسى چوقۇم «سۆيگۈ» بولۇشى، ماۋزۇ بىلەن شېئىر مەزمۇنى بىر گەۋدە بولۇشى كېرەك.

2. شېئىرنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، تۈرى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئەمما ھەجمى چوقۇم 30 مىسرادىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.

3. ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلارنىڭ قەلەم ھەققى تۇتۇپ قېلىنىپ، تاللاپ باھالانغان بەش پارچە شېئىرغا مۇكاپاتلىق قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ. مۇسابىقىگە ئەۋەتكەنلىكى ئەسكەرتىلىشى كېرەك. ئەسەرلەر 1989-يىلى 1-سانىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.

4. باھالاش ھەيئىتى كىتابخانلارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە ئاساسەن باھالاپ بېكىتكەن شېئىرلار ئۆكتەبىردە مۇكاپاتلىنىدۇ.

5. شېئىرلار ھازىردىن باشلاپ 1989-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنىگىچە تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ قولىغا تېگىشى كېرەك.

تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

《天尔塔格》文学双月刊　　تەڭرىتاغ قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنىلى

1989年第一期　　(1989-يىل 1-سان)

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会　　ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ

编辑出版：《天尔塔格》编辑部　　تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلىدۇ

地　址：乌鲁木齐市新华南路16号　　ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر

电话：78897　　تېلېفون: 78897

印刷：乌鲁木齐市第十四中学印刷厂　　ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14-ئوتتۇرا مەكتەپ باسمازاۋۇتىدا بېسىلدى

国内统一刊号CN65—1012/I　　مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN 65-1012/I

邮局代号58—83　　پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58-83

零售价：1·20元　　پارچە باھاسى: 1.20 يۈەن

«تەڭرىتاغ ئەدەبىياتى» مۇكاپات تارقىتىش پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر



پائالىيەتكە ئەمەت ئەخمەدى (ئوتتۇرىدا) قاتارلىق مەسئۇل يولداشلار قاتناشتى.

پائالىيەتكە بارلىق چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەردپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئوبۇل ھەسەن ( ئوڭدا ) قاتارلىق تىجارەتچىلەرمۇ قاتناشتى.





→ 1989 - يىللىق مۇكاپات خىراجىتىنى كەسمە چۆپ زاۋۇتىغا ۋەكالىتەن دىرېكتور مىجىت ئۆز ئۈستىگە ئالدى.



سۈرەتلەرنى ئىلھام جىلان، ئادىل ئابلالار تارتقان.

# ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - مارت سودا بازىرى





باش دىرېكتور رابىيە قادىر خېرىدارلارغا سالام يوللايدۇ

سودا بازىرىدا دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردە ئىشلەنگەن تۈرلۈك ماللار توپ ۋە پارچە سېتىلىدۇ. باھادا ئېتىبار بېرىلىدۇ. 8 - مارت ھارپىسىدا مال باھاسى 30% چۈشۈرۈپ سېتىلىدۇ توپ مال سېتىۋالىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| توۋار - دۇردۇن | شېكەر چاچتى | ياغلىق |
| شىفون - دۇخاۋا | ئەتىللا | توپلى |
| يۇڭ كۆڭلەك | ئەدىيال | ئۈنچە - مارجان |
| چىكەن | پوفايكا | مەرۋايىت |
| ئەتلەس | بۆرتۈم شال | پايپاق |

ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يول 149 - قورۇ. تېلېفون نومۇرى: 70040



